

چوپانی

# ياغاچ ميدال

مىللەتلەر نەشرىياتى

◆ 责任编辑：伊　明 ◆ 封面设计：刘家峰

DIANNAOZHIZUO:DIANXIANMIANGONGZUOSHI

ISBN 7-105-04334-2

9 787105 043347 >

ISBN 7-105-04334-2/I·987

民文（维185）定价：14.50 元



چوپانى

# ياغاچ ميدال



مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

木制勋章/乔法尼著．—北京：民族出版社，2001．2
ISBN 7－105－04334－2

Ⅰ．木… Ⅱ．乔… Ⅲ．长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247．5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 06897 号

**责任编辑：** 伊明
**出版发行：** 民族出版社　　电　话：（010）64290862
**社　　址：** 北京市和平里北街 14 号　　邮政编码：100013
**印　　刷：** 迪鑫印刷厂
**经　　销：** 各地新华书店经销
**版　　次：** 2001 年 3 月第 1 版　　2001 年 3 月北京第 1 次印刷
**开　　本：** 850×1168 毫米　1/32
**印　　张：** 11
**印　　数：** 0001—5000
**定　　价：** 14.50 元

مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇھەممەت ئىمىن**

مەسئۇل كوررېكتور: **خەيرىنسا روزى**

# ياغاچ مېدال

## چوپانى

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013،
تېلېفون نومۇرى: 64290862-010
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى، خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
**باسقۇچى:** دىشىڭ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2001-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى:** 2001-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى.
**ئۆلچىمى:** 1168×850مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 11
**سانى:** 0001—5000
**باھاسى:** 14.50 يۈەن

## بىرىنچى قىسىم

# پىغان قاپلىغان دۇنيا

### مۇقەددىمە

ئۇ دەرياغا يۈگۈردى . . .

ئەتراپ سىياھتەك قارايغان ، سامانيولى تولىمۇ سۈزۈك ، تولىمۇ نۇرانە ، ئۇ بۇگۈن جەننەتكىچە سوزۇلۇپ كەتكەندەك . يۇلتۇزلار پۈتۈن زېھنى ، پۈتۈن كۈچى بىلەن جىلۋە قىلىپ كۆك شەھىرىنى زىننەتلەۋاتاتتى . پەرىزاتنىڭ قېشىنى ئەسلىتىدىغان ھىلال ئاي غەربىي ئۇپۇققا لەۋ تەگلەپ تۇراتتى ، خۇددى ئاشىقتەك .

مەھەللىدىن مۆڭلۈق ئەزان لەيلەپ ـ لەيلەپ ئۇچۇپ كېلەتتى ، خۇددى ئاق قۇ پېيىدەك :

— ئاللاھۇئەكبەر ـ ئاللاھۇئەكبەر ! . . .

ئۇنىڭ يۈرىكى "جىغغىدە" قىلىپ ، قۇملۇققا "موككىدە" ئولتۇرۇپ قالدى ، گويا پېيى كېسىۋېتىلگەندەك . مەيىن ،

نەمخۇش شامالدا قەيەردىندۇر ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلاشلىرى لاغايلاپ - لاغايلاپ ئۇچۇپ كېلەتتى ، مىسالى مۇدھىش خەۋەردەك :

— ھۇق . . . ھۇق ! . . .

ئۇنىڭ يۈركى "شۇرردە" ئېغىپ ، ئاندىن تېپىچەكلەپ كەتتى ، خۇددى قولىدىكى بوۋاقتەك .

زەرەپشان دەرياسى نەرە تارتاتتى . . .

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ ، ئەزايى تىكەنلەشتى . غەزەپ - نەپرىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ، ئورنىدىن "دەسسىدە" تۇرۇپ كەتتى ، خۇددى چۆچۈگەن ئاھۇ كېيىكتەك .

ھۇۋقۇش ھۇۋلايتتى . . .

ئۇ يەنە دەرياغا قاراپ يۈگۈردى . . .

ئۇ ھېرىپ قېلىۋاتقاچقا ، گاھ كەينىگە ئالمان - تالمان قاراپ قويۇپ ، تېز - تېز ماڭسا ، گاھ بار كۈچىنى يىغىپ ،پۈت - پۈتىغا تەگمەي يۈگۈرەيتتى . . .

مەزىن ئەزان ئېيتاتتى . . .

ئۇ ھاسىرايتتى ، ئۆپكىسى كېرىلەتتى ، يېرىلىپ كەتمەكچى بولغاندەك . يۈركى ھەدەپ ئۆزىنى تۆت تامغا ئۇراتتى ، خۇددى كۆكرەك قەپىسىدىن تېشىپ چىقىپ ، زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولغاندەك .

بوۋاق پۇشۇلدايتتى ، ئىنجىقلايتتى ، خىرىلدايتتى ، باغرىغا ئۇسەتتى ، سۈركىلەتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ ، يۇغۇرۇلۇپ كەتمەكچى ، شۇ ئارقىلىق قايتىدىن تۆرەلمەكچى بولغاندەك .

ئەمدىلا باشلانغان كېچە شۇنداق جۇلالىق ، شۇنداق يارقىن ، شۇنداق قۇتلۇق ، شۇنداق سۈرلۈك ، شۇنداق قاباھەتلىك !

ئۇ ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ يار لېۋىگە كەلدى . دەريا ئەرە تارتاتتى ، خۇددى دىۋىدەك ؛ تولغىنىپ ــ تولغىنىپ ئاقاتتى ، گويا ئەجدىھادەك . ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى ئەتىۋارلاپ سۆيۈپ ــ يالاپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك قىرغىقىغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلاتتى ، خۇددى بوۋاقنى باغرىغا ئالغۇسى يوقلۇقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك . كۆمۈشسىمان مۇنچاقلىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ، يۈز ــ كۆزلىرىگە زەرب بىلەن ئاتاتتى ، مىسالى سالغۇ تېشىدەك . ئۇ ئەلمىساقتىن بېرى قىرغىقىغا مۇشۇنچىلىك قاتتىق زەربە بېرىپ باققان بولغىيمىدى ؟

ناتايىن !

ئۇ ئەلمىساقتىن بېرى ياشلىرىنى مۇشۇنداق ئوق قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئوخشاش پەرزەنتلىرىنىڭ كۆكسىگە مۇشۇنچىلىك قەھرى بىلەن ئېتىپ باققان بولغىيمىدى ؟

ناتايىن !

ئۇ كىمگە غەزەپلىنىۋاتىدىكىن ؟ كىمدىن نەپرەتلىنىۋاتىدىكىن ؟ ئۇنىڭغىمۇ ؟ بوۋاققىمۇ ؟ ئۇنىڭ دادىسىغىمۇ ياكى تەقدىرىگىمۇ ؟

بىلمەيتتى .

تەبىئەتنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىك ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى !

شۇڭا ئۇ بوۋاقنى ــ ئۆز بالىسىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇۋاتاتتى !

بىر تامچە سۇ بوۋاقنىڭ يۈزىگە "چىپپىدە" چۈشتى . بوۋاق چۆچۈپ ، ئەندىكىپ ، بىر ــ ئىككىنى ئىڭەلەپلا توختاپ قالدى ،

چاقچاق ھېس قىلىپ .

بىراق بۇ چاقچاق ئەمەس ئىدى !

ئۇ بوۋاقنىڭ ئاخىرقى قېتىم قارىدى . قارىدى ـ يۇ ، سەسكىنىپ كەتتى ، خۇددى ئىت تاپىدىن سەسكەنگەندەك .

”ئاھ ، نېمىدېگەن بەتبەشىرە چىراي بۇ !“

ئۇ ”ئوگۇمۇ ـ چۇشۇمۇ“ دېگەندەك قىلىپ ، كۆزىنى چىمچىقلاتتى . مەسۇم بوۋاق ئۇنىڭ قولىدا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يەنىلا غەمسىز ، يەنىلا مەغرۇر قاراپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى ”پىژژىدە“ قىلىپ قالدى ، نېمىشقا ؟ بىلمەيتتى .

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل بال ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن سېھىرلىنىشكە باشلىدى ، نېمىشقا ؟

بىلمەيتتى .

شۇڭا ئۇ لېۋىنى ”چىڭگىدە“ چىشلەپ ، كاللىسىدىن زەررىچە خىيالغا ئورۇن بەرمەي ،بوۋاقنىڭ كۆرپىسىنى دەرياغا” پىڭگىدە“ چۆرۈۋەتتى ، خۇددى ساراڭلارچە ، دەريا كۆرپىنى ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ، كۆزىنى ”چىڭ“ يۇمۇپ ، چىرايىنى قەھرلىك پۈرۈشتۈرۈپ يۇتۇۋەتتى ، خۇددى زەھەر يۇتقاندەك .

بوۋاقنىمۇ شۇنداق يۇتۇپ كېتەرمۇ ؟

بۇ ، ئۇنىڭ ئۈمىدى ئىدى !

قومۇشلار شىۋىرلىشاتتى . . .

ئۇ قىيپالىڭاچ بوۋاقنى ئېگىز كۆتۈردى . بوۋاق سوغۇق شامالنىڭ يالىشىغا ، دەريا مۇنچاقلىرىنىڭ سوقۇشلىرىغا چىدىيالمىدىمۇ ياكى ئانىسىنىڭ شۇملۇق بىلەن تولغان نىيىتىنى

تــۈيۈپ قــالدىمۇ ، بىردىنلا كۈچەپ ئىڭەلەپ كەتتى . ئۇ ، بۇ ئىڭەلەشلەرگە دىگىز ـ ئوكيانلارچە ئىلتىجا ، ئۆتۈنۈش سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتى ؛ ئۇ ، ئۆزىدىن ، تەڭرىدىن ، دەريادىن شەپقەت تىلەنگەن بۇ ئىڭەلەشلەرنىڭ ئۇنى مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە تۇتقۇن قىلىپ بىرىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى . ئەگەر ئۇققان بولسا ، دەريــادىن ، شامالاردىن بۇ ئىڭەلەشلەرنى يىراق ـ يىراقلارغا ، مەۋھۇمانە ماكانلارغا ئېلىپ كېتىشنى ئۆتۈنمىگەن ، شۇ ئارقىلىق قىساسىنى ئېلىپ ، ئۆزىنى مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلمىغان بولاتتى . شۇڭا ئۇ قىپيالىڭاچ بوۋاقنى سۆڭگىچىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈردى .

ئىڭە ! . . . ئىڭە ! . . .

بــوۋاق پــىغــان بىلەن ئىڭەلەيتتى . كېچىنى ، زەرەپشان ۋادىســــــنــى ، پۈتۈن دۇنيانى پىغان قاپلىغانىدى . بوۋاق بۇ پىغانلىق نالىسى ئارقىلىق ئانىسىدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيتتى . دادىسى ئۇچۇن ئانىسىدىن كەچۈرۈم سورايتتى !

گــەرچــە بوۋاقنىڭ دادىسىنى كەچۈرۈش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىسىمۇ ، لېكىن بوۋاققا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش قولىدىن تامامەن كېلەتتى . ئەپسۇسكى ، ئۇنى گاڭگىرىتىدىغان مۇنداق بىر سوئال بار ئىدى :

”بــوۋاققا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ـــ ئۇنىڭ دادىسىنى كەچۈرگەنلىك بولۇپ قالامدۇ ـ قانداق ؟“

بىلمەيتتى .

شــۇڭــا ئۇ بوۋاقنىڭ يۈز ـ كۆزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى . ئۇنى قېنىپ ـ قېنىپ ھىدلىدى . ئاندىن ئۇنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ ، دەرياغا تاشلاشقا تەمشىلىپ ، ئەلەم بىلەن شىۋىرلىدى :

”بۇنى مەندىن كۆرمە ، ئۆز پېشانەڭدىن ــ داداڭنىڭ شۇملۇقىدىن كۆر ! . . . بېشىڭنى يە ، ھۇ ، مەلئۇننىڭ كۇچۇكى ! . . . ئاشۇ قايىنامغىلا چۆش !“

دەريا ئۇنى دوراپ شىۋىرلىدى : ئۇنى دوراپ تولغاندى ؛ ئۇنى دوراپ پەرزەنت ئىشقىدا ئۆرتەندى ؛ ئۇنى دوراپ ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلەندى ؛ ئۇنى دوراپ ئۆز - ئۆزىنى قارغىدى ؛ ئۇنى دوراپ ئۆز - ئۆزىنى ھاقارەتلىدى !

ئەمما ، ئۇنى دوراپ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلەنمىدى !

ئىگە ! . . .ئىگە ! . . .

ھۇق ! . . . ھۇق ! . . .

ئەشھەدەن مۇھەممىدىن رەسۇلىللا - ئەشھەدەن مۇھەممىدىن رەسۇلىللا ! . . .

## 1

مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ياقۇپ ئامبال ، روزى يايى (روزى تىلماچ ) بىلەن چولاقنىڭ سېپىدا ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇنىڭ ئەزايىدىن ئەنسىزلىك ، ئالاقزادىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى . بۇنى كۆرگەن ياقۇپ ئامبال ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ سورىدى :

ــ نېمە بولدى ، روزاخۇن ؟

ـــ ئىش . . . ئىش چاتاق ، بەكلا چاتاق ، بېگىم . . . ،ـــ
ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن روزى يايى دۇدۇقلاپ قالدى .

ياقۇپ ئامبال قاپاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى . ئۇ قاپاقنى ئـاغزىغا كەپلەپ سۇدىن قانغۇچە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، گەز بـاغـلاپ ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، قاپاقنى ياقۇپ ئامبالغا ئۇزاتتى .

ـــ ھە . . . ؟ ـــ دەپ سورىدى ياقۇپ ئامبال تەقەززالىق ئىلكىدە .

روزى يايى ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ :

ـــ شەھەر قولدىن كەتتى ! ـــ دېدى ھەسرەتلەنگەن ھالدا .

ـــ نېمە ؟ قولدىن كەتتى ؟ ـــ گەرچە بۇ ياقۇپ ئامبال ئۈچۈن شۇم خەۋەر بولمىسىمۇ ، لېكىن قەۋەتلا ھەيران قال-دى ، ـــ قانداق بولۇپ . . . ؟

روزى يـايى : ئەبەيدۇللا ئەئلەم ، ساۋۇرخان خوجىلارنىڭ بـاشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ، ئىككى سائەتلىك قـاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاخىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ، بىرقانچە نەپەر ئەمەلدارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى .

پارلاق قۇياش نۇرى يۈز ـ كۆزلەرنى ھەرىدەك چاقاتتى . چۆل ئىسسىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ ، دەمنى قىساتتى . ئەللىك ياشلارغا كـىـرگـەن ، بـەستلىك ، تەدبىرلىك بۇ ئامبال چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى .

ـــ مەن ليۇ ئامبالغا خەۋەر قىلاي ، دەپ كېلىشىم .

روزى يايى بۇ سۆزى ئارقىلىق ياقۇپ ئامبالنى ئالدىراتتى

”ھەرنېمە بولسا ، ماڭىلا ئۇچراپتۇ !“
ياقۇپ ئامبال ھاياجان بىلەن شۇنداق پىچىرلاپ روزى يايىغا تىكىلدى .
— ئەگەر بۇ خەۋەرنى دەردىنى ئالغىلى ئادەم تاپالماي تۇرغان لىيۇ ئامبال ئاڭلايدىغان بولسا ، — دېدى ياقۇپ ئامبال ئاۋازىنى پەسەيتىپ ، — شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، ئادەم تۇگۈل ، ئىت - مۈشۈككىچە قويماي قىرىۋېتىدۇ ، شۇنداقمۇ - يا ؟
— شۇنداق ، شۇنداق ، — دەپ تەستىقلىدى روزى يايى ، — بۇ خەۋەرنى . . . قانداق قىلىمىز ئەمىسە ؟
— مۇنداق قىلىلى ، — ياقۇپ ئامبال روزى يايىغا پىچىرلاپ ، ئاغزىغا گەپ سالدى ، — قانداق چۈشەندىڭمۇ ؟
— چۈشەندىم ، چۈشەندىم . سىلى دېگەندەك دەي .
ياقۇپ ئامبال روزى يايىنى باشلاپ قوشۇننىڭ ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى .
ياقۇپ ئامبال قاغىلىق بازىرىنىڭ تۈگمەنئېرىق مەھەللىسىدىكى يۇنۇس ھاجىم ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن ، شۇ چاغلاردىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان «شۆتاڭ» (خەنزۇچە مەكتەپ )دا ئوقۇغان . ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ، ”شيۇ سەي (تالىپ )“ دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن . كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ ، ئۈچ يىل ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھاندىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەنلىكتىن ”جۈيرېن“ دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەقسىم

قىلىنىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن . بىرقانچە يىلدىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ تەيىنلىشى بىلەن كەلپىن ، قاغىلىق ناھىيەلىرىدە ئادالەت ، پاكلىق بىلەن ئامباللىق قىلغان .

جىن شۇرېن تەرىپىدىن خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن قاغىلىق ئامبىلى ليۇ شياۋلى ياقۇپ ئامبالنىمۇ سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتىدە بىللە ئېلىپ ماڭغان بولۇپ ، بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەت ۋە ئۇرۇشتا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ قوشۇن ھازىر قاغىلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى .

ياقۇپ ئامبال روزى يايىنى ليۇ ئامبال بىلەن كۆرۈشتۈردى .

— ھە ، نېمە گەپ ؟ — دەپ سورىدى ليۇ ئامبال خۇش ياقار-خۇش ياقماس ھالدا .

— شەھەرنى . . . شەھەرنى ، — دېدى روزى يايى ياقۇپ ئامبالنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەستەنگە دۇدۇقلاپ ، — خوجىنىياز ھاجى . . . خو . . . خوجىنىياز ھاجى تارتىۋالدى .

— نېمە ؟ !

ليۇ ئامبال چۆچۈپ كەتتى ، خۇددى قىرغاقتا مۈگدەپ قالغان ئۆخا پوقاقتەك . ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرى چەكچەيدى ، خۇددى جامدەك . قارامتۇل چېھرى تاتىرىپ ، تەر تەپچىرەپ چىقتى ، ماشتەك ، پۇرچاقتەك . پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى قاچتى ، ئاستىدىكى ئېتىدەك .

— قانچىلىك ئادەمكەن ؟ — ليۇ ئامبال تەرلىرىنى سۈرتۈپ سورىدى .

— بەك جىق . . . ھېسابسىز . . .

— قورال - ياراغلىرى قانداقكەن ؟

— قورال - ياراغلىرى ئاجايىپ خىل ، ھەممىسى مىشەكلىك مىلتىقلاركەن .

ليۇ ئامبال ۋەھىمىلىك ئويغا چۆمدى .

پارلاق قۇياش يۈز - كۆزلەرنى كۆيدۈرەتتى ، خۇددى ئوتتەك . چۆل ئىسسىقى نەپەسنى قىساتتى ، مىسالى سىلدەك .

ياقۇپ ئامبال زورۇقۇپ يۆتەلدى . ليۇ ئامبال ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ ياقۇپ ئامبالغا قانداق قىلىمىز ؟ دېگەن مەنىدە قارىدى .

— مۇنداق قىلىلى ، — دېدى ياقۇپ ئامبال چوڭقۇر ئويلانغان قىياپەتتە ، — بىز قاغىلىق بازىرىغا كىرمەي ، تاغ يوللىرى ئارقىلىق يەكەن تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتەيلى .

بۇ مەسلىھەت ليۇ ئامبالغا شۇنداق خۇشياقتى ، خۇددى مايدەك ، تەشنا لەۋگە سۇ ياققاندەك .

شۇنداق قىلىپ ، خەلقپەرۋەر بۇ تەدبىرلىك ئامبال قاغىلىق خەلقىنى زور بىر بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالدى .

ئەمما . . .

## 2

چوپانلىقلار يېرىم چارۋىچىلىق ، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ . ئەمما بىرەر يىلمۇ ، بىرەر ئايمۇ ، بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم ، ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ

باققانلىقىنى ، بۇلاڭ ـ تالاڭسىز ، ئۇرۇش ـ ماجىراسىز ھالدا ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلەپ بېرەلمەيدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى : بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇرەككەپ — ئەپچىللىكىلا ئەمەس ، يەنە چارۋا ، ئاشلىق ، مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولغانلىقى ۋە خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۇل ، ساددا ، مېھماندوستلۇقى ، ئەڭ مۇھىمى ، چېكىدىن ئاشقان ساددىلىقى .

چوپان — تار ، ئەمما جەنۇبتىن ـ شىمالغا يىلان باغرى سوزۇلۇپ كەتكەن ، شەرق ۋە غەربىدە توپا دۆڭ ، تاغ سېپىللىرى بار ، ئوتتۇرىدا قىشمۇ ـ ياز ئېقىپ ، قاراشو ، چىمدۇ كەنتلىرىدىن ئۆتۇپلا زەرەپشان دەرياسى بىلەن قۇچاقلىشىدىغان كىچىككىنە دەرياسى بار ، يېرى مۇنبەت ، سۇ ، ئوت ـ چۆپى مول قەدىمىي يۇرت .

ئەگەر دەريانىڭ قارىشىسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭسا ، كۆل بېشىدىكى داۋاندىن ئېشىپلا كۆكيار يېزىسىنىڭ گوساس كەنتىگە ، ئىلىنىش كەنتىدىكى جىلغىدىن كىرىپ ، شاپلىق تۇز ئارقىلىق شەرققە قاراپ ماڭسا ، شېيىخبۇ كەنتىگە ؛ غەربتىكى گىرىڭلا ، ئاتىرىس جىلغىلىرىدىن كىرسە يەكەننىڭ قوشراپ يېزىسىغا ، دەرياغا ئەگىشىپ ماڭسا ، چىمدۇ كەنتىدىن ئۆتۇپلا كاچۇڭ كەنتىگە (يەكەننىڭ يېزىسى ) بىر كۈنگە قالمايلا چۈشۈپ بولغىلى بولاتتى . بۇنداق ئەپچىل يوللار تولىمۇ جىق ئىدى .

شۇنداق بولغاچقا ، ھېلى قىرغىزلار ، ھېلى تۇڭگانلار ، ھېلى ئافغانلار . . . جەنۇبتىن كىرىپ بۇلاپ شىمالدىن ، شىمالدىن كىرىپ بۇلاپ جەنۇبتىن ، شەرقتىن كىرىپ بۇلاپ غەربتىن ،

غەربتىن كىرىپ بۇلاپ شەرقتىن . . . ئىشقىلىپ قاياندىن كىرىپ - چىقىش ئەپچىل ، قۇلايلىق بولسا ، شۇ ياندىن كىرىپ - چىقىپ بۇلاپ - تالاپ ، چوپانلىقلارنىڭ كۆز يېشىنى قۇرۇتمايتتى .

مىلادىيە 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى نۇرغۇنلىغان بالىلارنى ، نۇرغۇنلىغان ئانىلارنى ، نۇرغۇنلىغان ئاتىلارنى بەختسىز قىلىپ ، چوپان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى جۇدالىقنىڭ ئاچچىق پىغانى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن بۇ پاجىئە دەل مۇشۇ يۇرتتا ــ شاپلىق تۈزدە يۈز بەرگەنىدى .

قەلبلەردە ئۆچمەس داغلارنى قالدۇرغان بۇ ”شاپلىق تۈز پاجىئەسى“ نى چوپانلىقلار مەڭگۈ ئۇنتالمايتتى .

رومانىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئايزۆھرەنىڭ ئازابلىق ئۆتمۈشمۇ ، ئازابلىق ئەسلىمىسىمۇ ، ئازابلىق كەچۈرمىشىمۇ دەل مۇشۇ كۈندىن ــ ”شاپلىق تۈز پاجىئەسى“ دىن باشلىنىدۇ . گەرچە ئۇ بۇ چاغدا تېخى ئارانلا ئالتە ياشتا بولسىمۇ .

ئۇنىڭ دادىسى روسۇل ھاجىم ئوقۇمۇشلۇق ، مۆتىۋەر ، ئەل يىغىلىسا يىغلايدىغان ، كۈلسە كۈلىدىغان ، جىگەرلىك ، خەلقپەرۋەر ، ھېسسىياتچان ئادەم ئىدى .

ئۇ ئىلىنىشتىكى مەدرىستە مۇددەرىسلىك قىلاتتى . ئەتىدە - ئاخشامدا ئەھلىمەھەللىلەردىن يىغىلغان بالىلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالاتتى . ئۇنىڭ ئىلمى - پەزلى بىلەن ئايالى لەيلىخان ، ئوغلى ئاخۇنەكمۇ شۇ زاماننىڭ ، شۇ يۇرتنىڭ خېلى ئىلغار - ئىلىملىك كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى . بولۇپمۇ ، ئوغلى ئاخۇنەك ئۇنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن مىلتىق ، ئوقيا ئېتىش ، قىلىچۋازلىق ، ئات مىنىش ، چېلىشۋازلىق قاتارلىق ئېپتىدائىي

ھەربىي ماھارەتلەرنى پىششىق ئىگىلەپ ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولغانىدى .

لەيلىخان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ھەيرانلا قالدى . چۈنكى قوللىرىغا كەكە ، پالتا ، چوت ، كەتمەن ، گۈرجەك ، كالتەك ، چوماق . . . ئېلىۋېلىشقان گۇرە ـ گۇرە ئادەملەر پىيادە ، ئاتلىق ، ئېشەكلىك ھالدا ئىلىنىشقا قاراپ تاشقىندەك ئېقىپ كېتىۋاتاتتى .

ــ نەگە ماڭدىڭلار شۇنچە ئادەم ؟ ــ دەپ سورىدى لەيلىخان سۇ سوراپ كىرگەن بىر يىگىتتىن ، ئۇنىڭغا ھىجىردا سۇ ئېلىپ چىقىپ .

ــ شاپىلىق تۇزگە ، ــ دېدى يىگىت گۇپۇلدىتىپ سۇ ئىچىۋېتكەندىن كېيىن .

ــ شاپلىق تۇزگە ؟ . . . نېمىشقا ؟

ــ خوتەندىمۇ دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتىكەن ، ئۇلاردىن زەبۇن بولغان چېرىكلەر ھازىر كۆكيار ئارقىلىق شېيىخبۇغا كېلىۋاتىمىش . شېيىخبۇدىن بۇ يەرگە كېلىپ كاچۇڭ ئارقىلىق يەكەنگە كەتمەكچىكەن . ئەبەيدۇللا ئەئلەم يارلىق ئەۋەتىپتىكەن ، ئالدىنى توسۇپ ، قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىڭلار دەپ ، شۇڭا ئۇلارنى توسقىلى شاپلىق تۇزگە ماڭدۇق .

ــ كەكە ، پالتا . . . بىلەن قانداق توسقىلى بولىدۇ ئۇلارنى ؟ مىلتىقى يوقمىكەن ـ يا ؟

ــ مىلتىقىغۇ باركەن ، بىراق ھېچقايسىسىنىڭ مىلتىقىنىڭ ئوقى يوقكەن .

ــ كىمدىن ئۇقتۇڭلار مىلتىقىنىڭ ئوقى يوقلۇقىنى ؟

— ھەسەن ۋالىي[1]شۈنداق دەيمىش ، يارلىقتا : ” . . . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مىلتىقىنىڭ ئوقى يوق . پۈتۈن ئەلنى باشلاپ چىقىپ ئالدىنى توسۇڭلار ، قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىڭلار ! بىرىنىمۇ يەكەن زېمىنىغا دەسسەتمەڭلار ! . . .“ دېيىلىپتىكەن . بىزنىمۇ موللاخۇن بىلەن مامۇراخان[2]ھەيدەپ ماڭدى ، چىقىمىساڭلار بولمايدۇ دەپ . دېمىسىمۇ ، چېرىكلەر يۇرتقا چۈشسە بۇلاپ ـ تالاپ ھېچ نەرسىمىزنى قويمايدۇ . چوپان بەش كەنتنىڭ ھەممە ئادىمى چىقىقاندىكىدىن ، توسساق توسىلى دەپ مېڭىشىمىز . ماڭىمۇ چانىغىلى بىر ـ ئىككىسى تېگەرمىكى ئۇ نىجىسلارنىڭ ! . . . ، — يىگىت شۇنداق دەپ ، پارقىراپ تۇرىدىغان كەتمىنىنى دولىسىغا قويۇپ كېتىپ قالدى .

يىگىتنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى . ئەمما يارلىق راستتىنلا كەلگەنمۇ ؟ كەلگەن بولسا كىمگە كەلگەن ؟ يارلىقتا راستتىنلا ”ئوقى يوق“ دېيىلگەنمۇ ؟

بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . بۇ مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ يارلىققا ئىشەنمىگۈچىلەردىن ئىشەنگۈچىلەر كۆپ ئىدى ، ئىشەنمىگۈچىلەرمۇ زورلاپ ھەيدەپ مېڭىلغانىدى .

لەيلىخانمۇ بۇ يارلىققا ئىشەنمىگەنىدى .

”مىلتىقىنىڭ ئوقى يوق ؟ ھىم ، مىلتىقىنىڭ ئوقى يوق

---

① ھەسەن ۋالىي — چوپاننىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل خادىمى ، 1950 ـ يىلى باستۇرۇلغان . ۋالىي — ئۇنىڭ لەقىمى .
② بۇ ئىككىسى بىر تۇغقان .

قانداق قاچقۇنلاردۇ ئۇ ؟ تووۋا خۇدايىم . . . ئىم ! ۋاي خۇدايىم ، رۇسۇلاخۇنمۇ چىقىپ كەتكەنمىدۇ ؟ . . .“

## 3

ئەلۋەتتە چىقىپ كەتكەندى ، ئۇ چىقىپ كەتمەي تۇرالمايتتى . ئۇ ، راشتئاخۇن ، قاسىمئاخۇن بىلەن بىللە شاپىلىق تۇزگە ھەممىدىن بۇرۇن چىقىپ بولغانىدى .

شاپىلىق تۇز — كەڭرى كەتكەن ، تۇپتۇز قۇملۇق بولۇپ ، شاپ تولا ئۇنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانىدى .

لەيلىخان ئەنسىرەشكە باشلىغاندا ، بۇ ئۈچى شاپىلىق تۇزدە كېتىۋاتاتتى . بۇ چىڭقى چۈش مەزگىلى بولۇپ ، قۇياش شۇنداق پارلاق ، ئىسسىق ئادەمنىڭ يۈزىگە گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى ، خۇددى تونۇرنىڭ تەپتىدەك . قۇمغا يالاڭ ئاياغ دەسسىگىلى بولمايتتى ، مىسالى قوقاسقا يالاڭ ئاياغ دەسسىگىلى بولمىغاندەك . ئۇلار قايسىبىر مالچى يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كولاپ قويغان تارغىنە بىر گەمىگە كىرىۋېلىشتى . بۇ يەر تونۇرنىڭ ئۆزىلا ئىدى . قۇملۇقنىڭ ئىسسىقى شىددەت بىلەن ئۇسۇپ كىرىپ ، نەپەسنى بوغاتتى ، يۈز - كۆزلەرنى كۆيدۈرەتتى ، خۇددى ئوتتەك .

ئاردىن بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە ، يىراقتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى ، بىر پەستىن كېيىن بىر توپ ئاتلىق كۆرۈندى . ئۇلار تېخىمۇ ئىچكىرى مۆكۈشتى . يول تار بولغاچقا ، چېرىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىنلا قاتارلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى . چېرىكلەر

بۇلارنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيتتى ، لېكىن بۇلار چېرىكلەرنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى ، خۇددى بەش قولدەك . گەرچە چېرىكلەر هارغىن . سولغۇن ، چۈشكۈن بولسىمۇ ، يەنىلا ئەلپازىدىن سۈر ، شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يانلىرىغا ياغاچ قاپلىق تاپانچا ئېسىۋېلىشقان ، يەنە بەزىلىرى ئۇزۇن مىلتىقلىرىنى ئالدىغا توغرىسىغا قويۇۋېلىشقانىدى .

— بىر . . . ئون . . . توقسان توققۇز . . . بەش يۈز سەكسەن ئۈچ . . . ، — هاجىم شۇ يەرگە كەلگەندە ئېزىقىپ كەتتى . خېلى ئۇزاق ئۆتتى ، سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلالمىدى . ئىشقىلىپ ئۇلار ناهايىتى كۆپ ئىدى .

هاجىم ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى :

”نەچچە مىڭ ئادەم بىر چانىغىلى تۇرىدىغان بولساق بىر-دەمدە . . .“

ئۇلارنىڭ ئاياغ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى .

— ئەمدى چىقىلى ، — دېدى هاجىم ئەڭ ئاخىرقى ئىككى چېرىك ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا .

— هاجىم ، بىردەم توختايلى ، — دېدى قاسىمئاخۇن .

— ئوقى بولمىغاندىكىن ئۇلارنىڭ ، نېمىدىن قورقىمىز ؟ ئاۋۇ ئىككىسىمۇ ئۆتۈپ كەتكىلى قوپتى ئەينا .

— توختايلى بىردەم ، باشقىلارمۇ چىقسۇن . بىز ئۈچىمىز نېمىش قىلىپ بولالايمىز ؟

— ئۇلارنىڭمۇ غەلۋە ـ غوۋغاسى ئاڭلاندى ئەينا .

دېمەك ، ئالدى چىققان ئەلنىڭ چۇقان ـ ساداسى ياڭراشقا باشلىغانىدى ، چېرىكلەرنى بىر قورشايدىغان بولسا . . .

— ھاجىم ، — دېدى راشىت ئاخۇنمۇ گەپكە ئارىلىشىپ ،

— جىندەك توختىساقمۇ توختايلىمىكى .

— يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل ، دەپتىكەن ! — ھاجىم شۇنداق دەپلا گەمىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى ، گوياكى ئارسلاندەك . ئىككىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي ”ئىم“ ، ”ئاپلا“ دېيىشىپ قالدى . ھاجىم يۇگۇرگىنىچە بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدىكى چېرىكنىڭ بېشىغا قولىدىكى چوت بىلەن بىر قويۇۋىدى ، كاللىسى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن چېرىك دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئاتتىن يۇمىلىنىپ چۈشتى . بۇ ۋارقىراشنى ئاڭلىغان ئالدىدىكى چېرىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، يېنىدىكى ياغاچ قاپلىق تاپانچىسى بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى . ھاجىم چوتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساپسېرىق ، كۆپتەك سېمىز ، ئىككى قۇلىقى چورتلا يوق ، كۆك كۆز بۇ چېرىككە قەھرى بىلەن ئېتىلدى . ئارىلىق بىر قەدەم قالغاندا ، چېرىك كۈرجۈكنى بېسىۋەتتى . ”پاڭگىدە“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاجىم ئوڭدىسىغا گۈپلا يىقىلدى . ھېلىقى چېرىك ئارقىسىغا ئالاق - جالاق قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ قوشۇنغا يېتىشتى - دە ، كوماندىرىغا ھاسىراپ تۇرۇپ دوكلات قىلدى . دۇدۇكلەر چېلىندى ، بۇيرۇقلار بېرىلدى . چېرىكلەر چەمبەرسىمان يېيىلىپ ، دەسلەپكى قەدەمدە چىققان نەچچە يۈز خەلقنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئېتىشقا باشلىدى . خەلق بىر - بىرلەپ يىقىلدى ؛ بىر - بىرلەپ ئالدىغا ئېتىلدى ؛ بىر - بىرلەپ قاچتى . ئەمما چېرىكلەر ئېتىلىپ كەلگەننىمۇ ئاتتى ، قاچقاننىمۇ ئاتتى ؛ ياش - قېرى ، چوڭ - كىچىك دېمەي ئېتىۋەردى ! ئاخىر قېچىپ ئۆلگەندىن ، قاچماي ئۆلۈش قارارىغا

كەلگەن خەلق جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ، بار غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن يولۋاستەك قۇتراپ چېرىكلەرگە مەردلەرچە ئېتىلىۋەردى ، مەردلەرچە يىقىلىۋەردى . ”پاڭ ـ پۇڭ“ لار ، ”ۋايجان ـ ۋاي-يەي“ لەر ، ئېچىنىشلىق قىيا ـ چىيالار ، ئارسلاندەك غەزەپلىك ھۆركىرەشلەر شاپىلىق تۇز ئاسمىنىدا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ، زېمىننى لەرزىگە سالدى

ئويھاڭ ، شىيىخلا ، تارىس ، تار ئاغزى كەنتلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭ خەلق بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ دەرھال كەينىگە قېچىشتى ، چېرىكلەر ئىلىنىش ، قاراشو ، چىمدۇ خەلقلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالاپ كاچۇڭغا ئۆتۇپ كەتتى .

راشىتئاخۇن بىلەن قاسىمئاخۇن گەمىدىن چىقىپ ، رۇسۇل ھاجىمنىڭ قېشىغا كەلگەندە ، ئۇ چوتنى يەنىلا چىڭ قامالالاپ ، قانلىق كۆكسىگە مەھكەم تېگىپ ياتاتتى . يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى ، كىرىشكەن ئاپئاق چىشلىرى قاتتىق ئۆچمەنلىكنى ، چوڭقۇر غەزەپ ـ نەپرەتنى ئىپادىلەپ تۇراتتى .

قىيامەت قايىم بولدى ، دېسە مانا مۇشۇنى دېسە بولاتتى . ئۆلمىگەنلەر ئازابلىق جان تالىشاتتى ، ئىڭرىشاتتى ، ئۆلگەن-لەر ـــ ئىككى يۈز ئوتتۇز نەپەر ئوغلان قانغا مىلىنىپ ياتاتتى . قۇياشنىڭ يۈزى قاپقارا قارايغان ، قانغا بويالغان قۇملۇق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى ، خۇددى باھاردىكى كەچكى شەپەقتەك .

ئەل شاپىلىق تۇزگە يۈگۈرۈپ چىقىشتى . جەسەتلەرنى قۇچاقلىشاتتى ، ئەلەم ـ ھەسرەت ، يىغان بىلەن يىغلىشاتتى . شاپىلىق تۇزنى ، چوپان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى يىغان قاپلىغانىدى .

— رەھمەت ، ھاجىم ! — دېدى بىر ياش چەكسىز ئەلەم ، غەزەپ ۋە پەخىرىمەنلىك ھېسسىيات بىلەن ،— ئەگەر بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرمىگەن بولسىلا ،كىمنىڭ ئاغزىغا سىيەتتىم ؟ !

ئۇ شۇنداق دەپ ھېلىقى چېرىكنىڭ ئوچۇق قالغان ئاغزىغا جۇرقىرىتىپ سىيىشكە باشلىدى . بۇنى كۆرۈپ يەنە بىر يىگىت كەلدى . يەنە بىرى كەلدى . . بىر توپ يىگىت جۇرقىرىتىپ سىيىشكە باشلىدى . چېرىك سۈيدۈك ئاستىدا قالدى !

## 4

غەم ـ تەشۋىش ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە لەيلىخاننىڭ قولى كەچ بولغۇچە ھېچنېمە ئىشقا بارمىدى . ئۇ ”ئوقى تۇگەپ قاچقان گەپ ، بولمىسا . . .“ (ھەممە ئادەم شۇنداق ئويلىغانىدى ) دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى . لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايتتى .

”ئاخۇنەك چىمدۈغا كەتمىگەن بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەدى ، خەپ ! ئەستاغپۇرۇللا ـ ئەستاغپۇرۇللا ! . . .“

ئۇ ئاخىر ھاجىمنىڭمۇ شاپىلىق تۇزگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ـ دە ، تېپىرلاشقا باشلىدى ، خۇددى ئىچىگە قوقاس چۈشۈپ كەتكەندەك . ئۇ گەرچە ئۇلارنىڭ ئوقى يوقلۇقىغا ئىشەنمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ راستىنلا ئوقى يوق بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ ئىلتىجا قىلاتتى :

”ئـەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ راستلا ئوقى بـولـۇپ قـالـسـا ، ھەممىگە قادىر قۇدرەت ـ كامالىڭ بىلەن ئـوقـلـىـرىـنى غايىب قىلىۋەتكەيسەن ، مىلتىقلىرىنى پىستان چاقماس قىلىۋەتكەيسەن ! . . .“

شـۇنـداق قىلىپ ھاجىم كەلمىدى . لەيلىخانىنىڭ ئەتكەن ئىشىمۇ سوۋۇپ بۇلماق بولۇپ قالدى . ئاللادىن ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ ئاغزىمۇ ھېرىپ قالدى . ئوقۇيدىغان دۇئا ـ مۇناجاتلىرىمۇ بىر باشقا چىقىپ بولدى .

ئىچىنى ھېلىقى قوقاس ھەدەپ كۆيدۇرۇپ تۇراتتى .

يـاتـار ۋاق مـەزگــىـلى بولغان بولسا كېرەك ، لەيلىخان جىنچىرىغىنىڭ يورۇقىدا تەشۋىشلىك خىياللارغا بەند بولغاچ ، ئايەت ـ ئىسلام ئوقۇپ ئولتۇراتتى ، ئايزۆھرە بولسا پۇشۇلداپ غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى .

بىر چاغدا دەرۋازا ”غارت“ قىلىپ ئېچىلىپ ، ھويلىغا بىر توپ جامائەت كىرىپ كەلدى . ئۇلار زەمبىلنى يەرگە قويدى ـ دە ، كـــىگىزگە يۆگەلگەن ئۇزۇن بىرنەرسىنى سۇپىغا ئاۋايلاپ ئالدى .

لەيلىخان ”لىككىدە“ تۇرۇپ كەتتى ،يۈرىكى”جىغغىدە“ قىلىپ قالدى .

”ئۇ نېمە ! ؟ . . . ئۇ . . . زادى نېمە ! ؟ . . .“

لەيلىخان تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى . جامائەتنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق ، قايغۇ ـ ئەلەمنى كۆرۈپ ، ئاھسىنىشلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ تېڭىرقاشلىرى ۋەيران بولدى ـ دە ، كىگىزنى ئاچتى ! ئـاچـتى ـ يۇ ، يۈرىكى ”قارتتىدە“ قىلىپ دۈپۈلدەپ سوقۇپ

كەتتى . پۈتكۈل ۋۇجۇدى قاراسلاپ ، بېشى پىرقىراپ چۆرگىلىدى

"ئاھ ، خودا ، بۇ نېمە ئىش ؟ زادى نېمە ئىش بۇ ؟ ماڭا نېمىنى كۆرسىتىۋاتىسەن ؟ بۇ چۈشۈممۇ ـ ئوڭۇممۇ ؟ . . ."

بىراق ، ئەلەم ـ ھەسرەت ، يىغان بىلەن يىغلاۋاتقان لەيلىخاننىڭ كۆرۈۋاتقىنى چۈش ئەمەس ئىدى ؛ يىغا ـ زاردىن ئۈيىغىنىپ كەتكەن ئايزۆھرەنىڭ دادىسىنىڭ چىلىك يۇمۇلغان كۆزلىرىنى يۇمران ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ؛ "دادا ، كۆزۈڭنى ئاچ ! دادا ، كۆزۈڭنى ئاچقىنا بىر" دەپ يىغلاشلىرى ، قانغا بويالغان قاپقارا ساقاللىرىنى سىلاشلىرى ، قان بىلەن كەشتىلەنگەن ئاپئاق پەرىجىسىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ تارتىشلىرى چۈش ئەمەس ئىدى ؛ ھاجىمنىڭ سەل ئېچىلىپ قالغان لەۋلىرىنىڭ : "مەندىن رازى بول ، ئايزۆھرەنى ئوبدان باق ، بىلىملىك چوڭ قىل ، قىساسىمنى چوقۇم ئال ! . . ." دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلىشلىرىمۇ چۈش ئەمەس ئىدى !

شۇنداق ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئەمەس !

چوپانلىقلار تېخى ھازىرغىچە چۈش كۆرۈپ باقمىغانىدى !

— ئاخۇنەك كەلدى ، — دېدى بىرى شىۋىرلاپ . كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ئورۇن بوشاتتى . ئۇ ئۆزىنى دادىسىغا تاشلاپ بۇقۇلداپ-بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ، يۈز-كۆزلىرى ، باغرى-يۈرىكى قانغا بويالغانىدى ، خۇددى ئانىسىنىڭ ، سىڭلىسى ئايزۆھرەنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ، يۈز-كۆزلىرى ، باغرى ، يۈرىكىگە ئوخشاش .

مۇشۇ ھويلىدىلا ئەمەس ، پۈتۈن مەھەللىدىن ھازا

كۆتۈرۈلگەندى، پۈتۈن مەھەللىدىن شىرىنىڭ غەزەپلىك
ھۆركىرەشلىرى كۆتۈرۈلگەندى

مەھەللىنى، چوپان ۋادىسىنى، پۈتۈن دۇنيانى غەزەپلىك
ئىسيان ۋە جۇدالىقنىڭ ئاچچىق پىنانى قاپلىغانىدى!

## 5

شاپلىق تۈزدىكى قىرغىنچىلىق چوپانلىقلارغا چىدىغۇسىز قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. چوپان دەرياسى يىلاندەك تولغىنىپ ـ تولغىنىپ زەرەپشانغا ئۆزىنى ئاتتى. چوپان ئاسمىنىنى پىغان، ھەسرەت تۇمانى قاپلىدى. تۆگە لوككىسىدەك يارىشىملىق تاغلارنىڭ قەددى پۈكۈلۈپ، مۈكچىيىپ قالدى. قۇياش تاغ زۇلپىسىدىن كۆز يېشىنى سۈرتكەن پېتى چىقىپ، يەنە سۈرتكەن پېتى ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتەتتى. قۇياش مۇشۇ ھالەتتە چىقتى، پاتتى، چىقتى، پاتتى... لېكىن كۈنلەر يەنىلا غەم ـ غۇسسە، تەشۋىش ـ ئىزتىراپ، پاتىپاراق ـ قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش ـ ماجىرادىن خالىي بولالمىدى. قىرغىزلار، تۇڭگانلار، ئافغانلار، چېرىكلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى داۋاملىشىۋەردى. شۇڭا خەلقنىڭ بىرەر كېچە خاتىرجەم ئۇخلايدىغان، تويۇنۇپ تاماق يەيدىغان چاغلىرى ناھايىتىمۇ ئاز بولدى. بەلكى بولمىدى.

دەل شۇنداق ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوپاندا ئوتتۇز كىشىلىك قوراللىق قوشۇن پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى بوغداي ئۆڭ،

بەستلىك ، كەڭ غوللۇق ، قوي كۆزلۈك ، قاڭشارلىق ، چەبدەس بىر يىگىت بولۇپ ، ئۇ ئايزۆھرەنىڭ ئاكىسى ئاخۇنەك ئىدى . ئۇنىڭ دادىسىدىن باشقا ، يەنە ئۇرۇغ ـ تۇغقان ، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن يەتتە ـ سەككىز كىشى "شاپلىق تۈز پاجىئە- سى" نىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . بۇلارنىڭ ، شۇنداقلا دادىسىنىڭ مەردانە روھى ، بارلىق قۇربانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئاخۇنەكنىڭ قەلبىگە قىساس ئوتى ياققانىدى .

ما خۇسەن قاغىلىقنى كونترول قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتمىشقا يېقىن تۇڭگان باندىتلىرى ئولجا يىغىش ئۈچۈن شىيىخبۇغا كېلىپ ، قىلغان بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىغا قانائەت قىلماي ، چوپانغا قاراپ يول ئالدى . بۇنىڭدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئاخۇنەك يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى . مەسلىھەت چىڭ ، تەييارلىق پۇختا قىلىندى . كۆزەتچىلەر ئۇلارنىڭ داۋانغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشۇدى ، بۇلار چوپان تەرەپتىكى شىيىخبۇ جىلغىسىدىن يەم بىلەن كىرىپ ، داۋاننىڭ ئۈستىگە ئەپچىلگىنە جايلىشىۋېلىشتى . داۋان ئۈستىگە تاشلار ئاللىبۇرۇن دۆۋىلىنىپ ، جەڭ دۇمبىقىمۇ ئېلىپ كېلىنگەنىدى .

جەڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەتكەن يۇلتۇزلار ئەلياتقۇغىچە ئۇخلاشمىغانىدى . چۆلنىڭ ئاچچىق شامىلى سوقۇپ تۇراتتى . دەل شۇنداق پەيتتە باندىتلار داۋانغا ياماشقانىدى . ئۇ- لار ئاخۇنەكلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، ئاخۇنەك يېنىدىكى يىگىتكە :

— قارىغا ئوبدان ئېلىپ ئات ! — دەپ شىۋىرلاپ بۇيرۇق

بەردى ۋە ئۆزىمۇ تازا ئوبدان قارىغا ئېلىپ "پاڭگىدە" ئوق ئۈزدى . ئارقىدىنلا يەنە ئىككى پاي ئوق ئۈزۈلدى . ئالدىدا بەخىراماڭ كېلىۋاتقان ئىككى باندىت ئاتتىن ئۇغۇلاپ چۈشتى ، خۇددى ئەسكى چاپاندەك . شۇنىڭ بىلەن جەڭ دۇمبىقى گۈمبۈرلەشكە ، قورام تاشلار ئۇلارنىڭ باش ئۈستىگە يېغىشقا باشلىدى ، گويا كى مۆلدۈردەك . ئۈچ قارا مىلتىق ئوقلىنىپ بولغۇچە ، ئالتە ئوقيا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەچ تۇردى . شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئالتە ئادىمى جېنىدىن جۇدا بولدى .ئاخۇنەكلەرنىڭ كۈچىنى زىيادە چاغلاپ قالغان باندىتلار ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى ، خۇددى بۆرىگە يولۇققان قوي پادىسىدەك .

— ئاخۇنەك ، ئۇلار قاچتى ، قوغلايلى ! — دېيىشتى يىگىتلەر .

بىراق ، ئاخۇنەك ئۇنىمىدى :

— ياق ، قاچقاننى قوغلىما ، دەپتىكەن ، — دېدى ئاخۇنەك . چۈنكى قوغلاش پايدىسىزلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى خەتەرلىك ئىدى . ئەگەر باندىتلار بۇلارنىڭ كۈچىنى بايقاپ قالىدىغان بولسا ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى . شۇڭا ئىككى يىگىت ئۇلارنى پايلاپ ماڭدى .

باندىتلار شىپىخبۇ كەنتىگە كېلىپ ، ئۆزلىرىنى قوغلاپ كەلمىگەنلىكىدىن خۇش بولۇشتىمۇ ـ قانداق ، قاغىلىق تەرەپكىمۇ ، چوپان تەرەپكىمۇ ماڭماستىن ، مومۇق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى .

— بۇ ، ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ ، — دېدى ئاخۇنەك ئويغا چۆمۈپ ، — ئۇلار گوساس داۋىنىدىن چوپانغا چۈشۈپ

ئازغانسال ، شۇشۇ ، تار ئاغزى ، شىپىخلا ، چوپانيولى كەنتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ، ئاتىرىس جىلغىسى بىلەن قوشراپقا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن .

ھەممىسى ئويغا پاتتى .

ــ قانداق قىلىمىز ئەمىسە ؟

ــ يەنە تـوسۇمىز ! ــ دېدى ئاخۇنەك خىيالدىن باش كـۆتـۈرۈپ جـەڭـگـىـۋار ھالەتتە ، ــ ئەمدى نېمە قورقۇش ، قورالىمىز كۆپەيدى ، ئادىمىمىزمۇ كۆپىيىدۇ !

ئاخۇنەكمۇ ، يىگىتلەرمۇ ئىشەنچكە تولغانىدى . شۇڭا ئۇلار تېز ، پۇختا تەييارلىق قىلىنىۋالغاندىن كېيىن ، چوپان دەرياسىنىڭ قـارىـشىسىنى بويلاپ مېڭىپ ، ئازغانسالنىڭ كۆلبېشى دېگەن يـېرىگە كېلىپ توختىدى .ئىككى يىگىت تىڭـتىڭلاپ كېلىش ئـۈچۈن ئات بىلەن گوساسقا چۈشۈپ كېتىپ ، ئەتىسى چۈش بـىـلـەن بـانـدىتلارنىڭ گوساس داۋىنىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى .

ئـىـش ئـاخۇنەكنىڭ ئويلىغىنىدەك بولغانىدى . باندىتلار گـوسـاس داۋان تـۈۋىـگـە ئاخۇنەكلەردىن يېرىم كۈن كېيىن كەلگەنىدى ، خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا .

ئـاخـۇنەكلەر داۋاننىڭ ئۈستىگە ــ ئەڭ ئەپچىل يېرىگە كـېلىپ مۆكۈشتى . قاچسا ئالدىن توسۇش ئۈچۈن تۆت نەپەر يىگىتنىمۇ ئالدىئالا ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۈلگۈردى .

كۆز باغلىناي دېگەندە ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن داۋاندىن چۈشۈۋېلىشنى ئويلاشقان باندىتلار داۋانغا ياماشتى . بىر ئـوفـىـتـسـېـر ئـاتـقـا مـىـنـىۋالغان ، قالغانلىرى ئاتلىرىنى

يېتىلىۋېلىشقانىدى .

— ئېتىڭلار !

تاغلاردا ئەكس سادا قايتۇرغان بۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئون نەچچە باش تاشلارنىڭ ئارقىسىدىن "لەسسىدە" كۆتۈرۈلدى ـ دە ، ئوقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلدى . ئۇلارنىڭ باش ئۇستىگە ئوقمۇ ، تاشمۇ گۈلدۈرلەپ تۆكۈلمەكتە ئىدى . ئوقلار بەدەنلىرىگە شىددەت بىلەن سانجىلغان ، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر پاتقان باندىتلارنىڭ نالە ـ پەريادى ، ئوق ئاۋازلىرى ، يۈرەكلىرىدە قىساس يالقۇنلىرى لاۋۇلداۋاتقان يىگىتلەرنىڭ غەزەپ بىلەن يولۋاستەك ھۆركىرەشلىرى تاغۇتاشلارنى تىترىتەتتى . ئەكس سادا قايتۇراتتى .

— بىزمۇ قورال تۇتۇشنى بىلىمىز ، ئەبلەخلەر !

— دادام ئۈچۈن !

— ئۇكام ئۈچۈن !

— بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن !

— . . .

كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن ھودۇقۇپ جان ـ پېنى چىقىشقان باندىتلار ھېلى ئالدىغا ، ھېلى كەينىگە يۈگۈرەيتتى . ئالدى تەرەپتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باندىتلار ئارقىسىغا تويلىنىپ ، غالجىرانە ھۇجۇمغا ئۆتتى .

— ئ ـاس ـتـ ـاخ . . . توسقىلى جىقراق ئادەم قويسامىمۇ بولاپتىكەن ! — دېدى ئاخۇنەك .

— قوغلايلى ، ئاكا ، — دېدى ياشقىنە بىر يىگىت .

— ياق ، قوغلىساق زىيان تارتىمىز .

ــ ھەمىشەم شۇنداق دەيدىكەنسىز خۇدى .

ــ . . .

راست ، قوغلىسا زىيان تارتاتتى . چۈنكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مەرگەن ئەمەس ئىدى . بەزىلىرى مىلتىق ئېتىشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەن بولغاچقا ، ئوق زايە كېتىشى ، ھەتتا بىھۇدە قۇربان بېرىشلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقمۇ تۈگەي دەپ قالغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، دۈشمەننىڭ چەبدەس ، تەلىيى ئوڭلىرى قېچىپ قۇتۇلدى . لايپاسلىرىدىن قىرىق نەچچىسى قانغا مىلىنىپ ، تاش قاساشتى . ئۇلار ئاخۇنەكلەرگە قىرىق بىر مىلتىق ، يەتتە ــ سەككىز قىلىچ ، بىر قاپلىق تاپانچا ، ئالتە ــ يەتتە ساندۇق ئوق ، ئون ئىككى ئات قاتارلىق غەنىيمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى .

بۇ ئىككى قېتىملىق توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ھەش-پەش دېگۈچە چوپان دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كەنتلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ گوساس ، مومۇق ، شېيىخبۇلارغا ، زەرەپشان ۋادىسىدىكى دامىسى ، قوشراپ ، كاچۇڭلارغا . . . تاراپ كەتتى . بۇ جەڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ چوپانلىقلار : ”ياشاپ كەت ، يولۋاس ! داداڭنىڭ ، ئەلنىڭ قىساسىنى ئالدىڭ ، ئازراق بولسىمۇ پىغانىمىز چىقتى !“ دەپ كېتىشتى ، دۇئا ـ ئىلتىجالارنى قىلىشتى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئاخۇنەكنىڭ ئىسمى ”يولۋاس“ بولۇپ قالدى . يۇرت خەلقى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن خۇددى روسۇل ھاجىمنىڭ باتۇرلۇقىدىن پەخىرلەنگەندەك پەخىرلىنىپ ئىسمىنى

”يولۋاس“ قا ئۆزگەرتىۋالغانىدى .

تاغلىقلارمۇ ئەجدادىدىن ، باتۇرلاردىن پەخىرلىنىشنى بىلەتتى !

ئاخۇنەكلا ئەمەس ، ئۇنىڭ يۇزگە يېقىن يىگىتلىرىمۇ يولۋاسقا ئايلىنىپ قالغانىدى . شۇنداق ، ئۇلار يولۋاس ئىدى ، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسىلا غەزەپلىنىپ ھۆركىرەيدىغان ، شىددەت بىلەن قۇترايدىغان بىر توپ يولۋاسلار ئىدى ؛ بۇلار بىر شەپە بىلەنلا جاڭگاللىقلارغا غىپلا كىرىپ غايىب بولۇپ كېتىدىغان ، يەنە بىر شەپە بىلەنلا پەيدا بولۇپ — توپلىنىپ قالىدىغان چەبدەس يولۋاسلار ئىدى ! شۇنداق بولغاچقىلا يەنە دۈشمەننىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمى سۇغا چىلىشىپ ، ئۇلارنى بىرمۇنچە ئوق - دورا ، قورال - ياراغلار بىلەن تەمىنلەپ ، سالپىيىپ قايتىپ كېتىشكەنىدى .

ئۇلار يولۋاس بولغاچقىلا تاغلاردا - جاڭگاللاردا ياشىدى ، قىساسكارانە روھقا ئىگە يولۋاس بولغاچقىلا ئۈچ يىل جاڭگالدا ياشىدى !

ئۇزۇق - تۈلۈكلەرنىڭ بىر قىسمىنى يولۋاسلار ئۆزلىرى ھەل قىلىشتى . يەنە بىر قىسمىنى چوپاندىكى كاتتا باي ، خەلقپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات مۇساخان خوجا تەرىپىدىن پىنھان ھەل قىلىنىپ تۇردى . شۇڭا خەلققە بۇلارنىڭ قىلچە ئېغىرلىقى چۈشمىدى . ئەكسىچە ، بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا گوساس ، چوپانلىقلاردا ھېچكىم خەلقتىن ئالۋان - سېلىق يىغىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ؛ ھېچكىممۇ خالىغانچە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاپ - تالىيالمىدى . ھۆكۈمەت ئىشلىرىمۇ ئۆز يولى

بىلـەنـرەك بولۇۋەردى . چىرىكلەرنىڭ يولۋاسلار بىلەن كارى بولمىغاچقا ، يولۋاسلارنىڭمۇ چىرىكلەر بىلەن كارى بولمىدى . ئەمما يولۋاس بىلەن مۇساخان خوجا چوڭ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكـۈپ ، قـول ئاستىدىكى بىر يۈز ئەللىك نەپەردىن ئارتۇق يىگىتنى تەربىيلەپ ، تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ توساتتىنلا قاپقانغا چۈشۈپ قالدى .

بىـر كـۈنـى يولۋاسنىڭ قاراۋۇللىرى ئۈچ نەپەر يوچۇن ئادەمنى تۇتقۇن قىلىۋالدى . ئۇلار يۈكـتاق ئارتىلغان ئالتە ـيەتتە ئېـشـەكـنـى ئـالـدىـغـا سـېلىۋېلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئاتمىش ـ ئاتمىش بەش ياشلارغا كىرگەن ، ئېگىز بوي ، قاۋۇل ، ساغـلام ، قـارامۇتۇقراق ، چىـهـرى تولىمۇ پاكىزە ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ، بېشىغا ئاپئاق ، يوغان سەللە ئورىغان ، ئـۇچـىـسـىـغا يۇڭ چەكمەن كىيگەن بولۇپ ، يەنە ئىككىسى خـىـزمـەتـكار ئـېـشـەكچىلەر بولسا كېرەك ، ئاددىي ـ ساددا كىيىنىۋېلىشقان يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياشلاردىكى يىگىتلەر ئىدى .

مـولـلام قـاراۋۇلـلار بـىـلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ ، قوللىرىنى مەھكەم سىقتى ، ئاندىن قوللىرىنى لىپمۇلىق ياش تولغان كۆزىگە سۈرتتى . ئاياغ ئىزلىرىغا قول تەگكۈزۈپ تاۋاپ قىلدى . ئاخىردا ئۇلاردىن ئۆكسۈپ تۇرۇپ مېھرىبانلارچە هال سورىدى :

— سىلەرگە ، ئەزىز بالىلىرىم ، ئەل ـ يۇرتنىڭ ، جىمى لائىلاھە ئىلللەللاھۇ مۇھەممىدىن روسۇلىللا دەپ ئىمان ئېيتقان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ . سىلەر بۇ جاڭگالدا ئاش ـ نانغا زار بولۇپ ، يېرىم ئاچ ، يېرىم توق يۈرۈپ ، قورايدەك بولۇپ

قاپسلەر . چاچ ـ ساقاللىرىڭلار ئۆسۈپ ، كىيىم ـ كېچەكىڭلار جۇل ـ جىرانە بولۇپ كېتىپتۇ ، بۇنىڭ دەرىجە ـ مەرتىۋىسىنى ئاللا ئاخىرەتتە چوقۇم بېرىدۇ ! . . . ـــ موللام ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى .

ـــ سىلى . . .

بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ، تەسىرلىك سۆزلەردىن ھاياجانغا تولغان قاراۋۇللارنىڭ تىللىرى گەپكە كەلمەي قالدى .

ـــ بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ ، ـــ دېدى موللام ئۆزىنىڭ كىم ، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ، ـــ خۇددى چاھارىيارلارنى كۆرگەندەك بولدۇم ، ـــ ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ ، ئېشەكچىلىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، قاراۋۇللارغا يۈزلەندى .

ـــ ئازراق بولسىمۇ بۇ سىلەرگە كۆڭلۈم ، ـــ موللام دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇنىڭ پىچىرلاپ قىلىۋاتقان دۇئاسى شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى ، تاشتەك يۈرەكلەرنى مومدەك ئېرىتىۋېتەتتى .

ئىككى قاراۋۇل نېمە دېيىشىنى ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندا ، ئېشەكچىلەر ئېشەكلەردىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزىپ بولغانىدى . ئېشەكچىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن تاغار ـ خورجۇنلاردىكى ئۈن ، گۈرۈچ ، ياغ ، نان ـ توقاچ ، كىيىم ـ كېچەك ، قەنت ـ گېزەك . . . ئىكەنلىكىنى ئۇققان قاراۋۇللار موللامغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى .

گەرچە ، قاراۋۇللار ھاياجانلىنىپ ، موللامنىڭ ھىممىتىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى

قوبۇل قىلمىدى . چۈنكى يولۋاسلار موللام دېگەندەك ئاچ-يالىڭاچ قالمىغان ــ تاغلىقلار ئۇلارنى ئاچ- يالىڭاچ قويمىغانىدى .

يولۋاس بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ، موللام بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ باقماقچى بولۇپ ، قارارگاھدىن چۈشتى . موللام يەنە ئۇنىڭ بىلەن بايىقى ئىسكەتتە كۆرۈشتى ، قوللىرىنى يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتتى . ئاياغ ئىزلىرىغا تاۋاپ قىلدى . ئاندىن ئۇ يولۋاس بىلەن ئايرىم سۆزلىششنى ئىلتىماس قىلىپ ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا يولۋاس قوشۇلدى .

ــ مەن يەكەندىكى قۇدرەتۇللا ئەئلەم ئاخۇنۇم بولىـ ـمەن ، ــ دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى موللام ، ــ قاشلىرىغا تۇردىپاشانىڭ ھاۋالىسى بىلەن كېلىشىم . . .

ئۇ كەندىرلىك دېگەن جايدا قوشۇن تەشكىللەپ ، خۇددى يولۋاسقا ئوخشاشلا داڭق چىقارغان تۇردىپاشانى ھازىرغا قەدەر ئوزۇق - تۈلۈك ، خەۋەر ، قىممەتلىك مەسلىھەتلىرى بىلەن يوشۇرۇن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، بۇ قېتىم ئۇ تۇردىپاشانىڭ ھاۋالىسى بىلەن سودىگەر قىياپىتىدە كەلگەنلىكىنى ، تۇردىپاشانىڭ ئىككى قوشۇننى بىرلەشتۈرۈپ ، يولۋاسنى باش قوماندان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ، شۇ ئارقىلىق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ ، ئەلنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ئارزۇمەند ئىكەنلىكىنى ، ھازىر تۇردىپاشا سودىگەرچە ياسىنىپ كېلىپ قاسىم قازىنىڭ ئۆيىدە قالغانلىقىنى . . . تەسىرلىك ، ئىشەنچلىك سۆزلەر بىلەن بايان قىلدى .

يولۋاسنىڭ تۇردىپاشا بىلەن بىرلىشىپ ، چوڭراق ئىش تەۋرىتىش ئويى بار ئىدى . مۇساخان خوجىمۇ بۇ ھەقتە تەكلىپ

بەرگەن ھەم ئۆزى ئېپىنى كەلتۈرۈپ ، تۈردىپاشا بىلەن ئالاقىلەشمەكچى بولغانىدى .

لېكىن يولۋاس موللامغا ئىشەنمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ قىلىقلىرى يولۋاسقا تولىمۇ غەلىتە ، سىرلىق بىلىنگەنىدى .

— شۇنداق قىلىلى ، ئوغلۇم ، يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس ، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس ، دېگەن گەپ بار . بىرلىشىلى ، بىرلىشىپ چوڭراق ئىش قىلىلى .

— ياق ئاقساقال ، مېنىڭ ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش قىلغۇم يوق . ئەمەل ، نام ـ ئاتاق ، شۆھرەتكە ئېرىشىش خىيالىممۇ يوق . مۇشۇ تاغدا مۇشۇنچىلىك ياشىسامىلا ، يۇرتداشلىرىم مۇشۇنداق خاتىرجەمرەك كۈن ئۆتكۈزسە ، ماڭا شۇ كۇپايە . قاچان ،قايسى كۈنى پۇقرانى خالىغانچە بوزەك ئېتىدىغان ،بۇلاپ ـتالايدىغان ، خالىغانچە ئۇرىدىغان ، ئۆلتۈرىدىغان ئادەملەر يوقالسا ، مەنمۇ ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ . . .

— ئۇلار ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ ! — دېدى موللام ، — شۇڭا ئۇلارنى يوقىتىلى ، دەپ كەلدىم مەن . سىز يالغۇز يوقىتىپ بولالامسىز ؟ . . .

موللام خېلى ئۇزۇن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، يولۋاس قەتئىي رەت قىلىپ :

— ئەمىسە ، بىرلەشكۈسى بار ئادەم نېمىشقا ئۆزى چىقمايدۇ بۇ يەرگە ؟ — دەپ سورىدى سەل بىزارلىق ئىلكىدە .

يولۋاسنىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ۋە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن موللام ئاخىر قوينىدىن سەگەز جىلتىغا ئورالغان «قۇرئان» نى چىقىرىپ :

— يولۋاسخان ئوغلۇم ، مەن سىزگە ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان بولسام ، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، قولمىدىكى كالامى شەرىپ باغرىمنى ئۆرسۇن ! — دەپ ، يىغلاپ تۇرۇپ «قۇرئان» نى باغرىغا باستى .

"ئەمدى ئىشىنەي ، گۇمان قىلغۇدەك ھېچ يەر قالمىدى . . ."

قەلبى مومدەك ئېرىپ ئۆلگۈرگەن يولۋاس تۇردىپاشا بىلەن بىرلىشىپ ، ئەلنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىستىكىدە چوڭقۇر ئۈمىد بىلەن تاغدىن چۈشتى .

يولۋاس تاغدا ياشىشى كېرەك ، ئەگەر تاغدىن چۈشسە ، پالاكەت باسماي ، ئۆزىنىڭ يولۋاسلىقىنى يوقاتماي قالامدۇ ؟

بىراق ، يولۋاس تاغدىن چۈشتى . ئۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بىرلا مۇھاپىزەتچى بىلەن يولغا چىقتى . ئۇ قاسىم قازىنىڭ ئۆيىگە مەغرۇرانە قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلگەندە ، تۆت ئادەم سالاپەتلىك بىر كىشىنى چۆرىدەپ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ خىزمىتىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى .

ئۇلار يولۋاسنى كۆرۈپ "دۇررىدە" ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە ، يولۋاس بىلەن قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشتى . موللام :

— بۇ جانابىي تۇردىپاشا بولىدۇ ، — دەپ ، يولۋاسقا ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىنى ئالاھىدە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تونۇشتۇردى ، ئاندىن يولۋاسنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇۋىدى ، تۇردىپاشا ھاياجانلانغان ھالدا :

— كېلە ، يولۋاس ، ئاللا دىدارلىشىشقا نېسىپ قىپتۇ

بۇگۈن ! ــ دەپ يولۋاسنى باغرىغا باستى ، ــ خۇددى داداڭدەك باتۇر ، قەيسەر ئادەم بولاپسەن ! ئاغزىڭدىن سۈت پۇراپ تۇرىدۇ ، قارا سېنىڭ نوچىلىقىڭنى ! . . . . ــ تۇردىپاشا يولۋاسنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن چىڭ تۇتۇپ ، سىلكىپ ـ سىلكىپ بىر هازا ماڭدى .

ــ سىلىنىڭمۇ نامىلىرىنى تولا ئاڭلاپ . . . خۇداغا شۈكۈر ، بۇگۈن ھەرنېمە بولسا ! . . . . ــ يولۋاس جىق نەرسە دېيەلمىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەلب دۇنياسىنىڭ روشەن ئۇپۇقلىرىدا جىـــلـــۋىــلىنىپ تۇرغان غايىۋى سىماھنىڭ كۆز ئالدىدىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ، ماختاش ، پەخىرىنىلىك تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ تىلىنى قۇلۇپلاپ ، ۋۇجۇدىنى سېھىرلەپ قويغانىدى .

يولۋاس ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، سەل ياغاق يۇزراق ، قاشلىق ، ۋۇجۇدىدىن كۈچتۇڭگۈرلۈكى ، قاپقارا ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەتلىكى ، ئېگىز ، تولغان بەستىدىن قەيسەرلىك ، مەردلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ زاتى مۇبارەككە چوڭقۇر هۆرمەت ۋە ئۇمىد بىلەن تىكىلىۋاتقاندا ، قاسىم قازى ئېغىز ئاچتى :

ــ ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام ، دەپتىكەن . ئاۋۋال بىر تائام يېيىلىپ ، ئاندىن گەپتى ـ كالاڭ قىلىشىلىمىكى ؟ ــ ئۇ ئاۋۋال يولۋاسقا ، ئاندىن قاپقارا ، بۇلۇق ساقاللىرىنى سىيلاپ ئولتۇرغان تۇردىپاشاغا قارىدى ، ــ قانداق دېدىم ـ ھە ؟

ــ شۇنداق قىلىلى ، شۇنداق قىلىلى .

يولۋاس بىلەن تۇردىپاشا تەڭلا تەستىقلاشتى .

داســتـــخان سېلىنىپ ، ئۈستىگە بىر كاللەكتىن گۆش بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى . گۆش پارچىلىنىپ ، ئاشقا قوللار

سوزۇلدى .

”ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش بولدى ! . . . ئۈچ ـ تۆت يۈز ئادەم بىلەن دېگەندە . . . خەپ ، توختاپتۇرۇش ، مۇناپىقلار ، جاجاڭنى بېرىپ ، ئەلنىڭ قىساسىنى ئالمايدىغان بولساق ! . . .“

ئۈمىد ـ ئىشەنچ ، ئىپتىخارغا تولغان يولۋاس شۇنداق خىياللارنى سۈرگەچ ئاش يەۋاتقاندا ، كات ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئادەم خۇددى ئوغرى مۇشۈكتەك شىپىرلاپ چىقتى ـ دە ، يولۋاس بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسىنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇردى . مۇھاپىزەتچى بىر كالتەك بىلەنلا ھوشىدىن كەتتى . كالتەك سەل چالا ـ پۇچۇقراق تېگىپ قالغان يولۋاس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى . ئەمما ئۆزىنى ئوڭشاپ ، قوينىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ بولغۇچە ، كالتەكتىن يەنە ئىككىسى تېگىپ بولدى . ئۇ تۇشمۇتۇشتىن دەسسىلىۋېتىپ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلدى ؛ ئۇ خۇددى قوناق سوققاندەك سوقۇلۇۋېتىپ قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى ؛ ئۇ تاغارغا سولۇنۇۋېتىپ جىقراق ئادەم ئېلىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى . ئەمما ئۇ جىلتىغا ئورالغىنىنىڭ «قۇرئان» ئەمەس ، باشقا بىر شاتقۇللا كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى .

يولۋاس ھوشىغا كەلگەندە ، پۇت ـ قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان ، پۈتۈن بەدىنى لەختە ـ لەختە قانغا بويالغان ، پۇت ـ قولى ئۈچ يەردىن ، تۆت تال قوۋۇرغىسى ئىككى يەردىن سۇنغانىدى . ئۇلار قىل تاغارغا پۈكلەپ تىقىلغان يولۋاسنى يەكەنگە ئېلىپ مېڭىشتى . مۇھاپىزەتچىسىنى كاچۇڭدىكى ھەپسىگە تۇتۇپ بېرىشتى .

يولۋاس قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ، ۋەھشىيانە قىيناشلارغا باش ئەگمەي ، باتۇرلۇق خىسلىتىنى كۆرسىتىپ قۇربان بولدى . بېشى بولسا كېسىلىپ ، يامۇل دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا مىخلىنىپ بىر ھەپتە سازايى قىلىندى . بۇ باش دەرۋازا ئۈستىدە ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس پىداكارلىقنى بىر ھەپتە نامايىش قىلدى ؛ بۇ باش ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس مەردلىكنى بىر ھەپتە نامايىش قىلدى ؛ بۇ باش ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس تىز پۈكمەس ، قەيسىرانە روھنى بىر ھەپتە نامايىش قىلدى ؛ بۇ باش ئۇيغۇر خەلقلىرىگە خاس چېكىدىن ئاشقان تۈز ، ساددىلىقنى بىر ھەپتە نامايىش قىلدى ! ئەمما بۇ باش چېكىدىن ئاشقان تۈزلۈك ، چېكىدىن ئاشقان ساددىلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇللۇق ۋە بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىر كۈنمۇ ، تولۇق نامايىش قىلالمىدى .

شۇڭا ، قۇللۇق ، بەختسىزلىك داۋاملىشىۋەردى !

يولۋاسنىڭ يىگىتلىرى تاغدا ئۈچ ـ تۆت كۈن قوماندانسىز قالدى . كېيىن مۇساخان خوجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار ھەقىقىي تۇردىپاشا بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن بازىنى تاشلاپ ، قوشراپقا ــ كەندىرلىككە قاراپ مېڭىشتى . لېكىن تەڭ يولدا چېرىكلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ، بەزىلىرى قۇربان بولدى ، بەزىلىرى توزۇپ كەتتى ، بەزىلىرى تۇردىپاشانىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ، پۇخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى .

يولۋاسنىڭ مۇھاپىزەتچىسى شامالداشقا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەپسىدىن قېچىپ چىقتى ـ دە ، ئۇدۇل تۇردىپاشانىڭ

قېشىغا كېلىپ ، ئەھۋالنى بايان قىلدى . ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تۆردىپاشا ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ياقا يىرتىپ يىغلىدى .

يـولـۋاسـنـى تاغدىن ئالداپ چۈشۈرۈپ ، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى ئاقساقال موللام ، قۇدرەتۇللا ئەئلەم ئاخۇنۇم بولماستىن ، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ سادىق غالچىسى شەمشەر باي ئىدى . ئۇ يەكەن ئەسكىرى قوماندانىدىن نۇرغۇن ئىنئاملارنى ئېلىپ ، ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ، چەكمەن ، سەللىسىنى چۆرۈپ تـاشلاپ ، ھەرە چىشلىق بەلگە چۈشۈرۈلگەن شەپكە ، گـىـلەپە شىم كىيىپ ، يىڭجاڭلىق تەختىدە ئولتۇردى ـ دە ، كۆچلۈك ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر يىلك ئەسكەرنى باشلاپ كەندىرلىككە باستۇرۇپ كەلدى .

تـۆردىپاشا يولۋاسنىڭ يىگىتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن ئۈچ كۈن سوقۇشتى . ھەر ئىككىلى تەرەپ ئېغىر چىقىمدار بـولـدى . ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پـەمـلـىگەن تۆردىپاشا : ”ھەممىڭلار ئۆز جېنىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار“ دەپ ئادەملىرىنى تارقىتىۋېتىپ ، ئۆزى خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى .

مۇساخان خوجا بولسا شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن بـىـر كـېـچـىـدىلا تۇتقۇن قىلىنىپ (ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بـۇلـىـنـىـپ ) ھـەرقـايىسى جايلاردىن تۇتقۇن قىلىنغان باي ، ئـوقـۇمـۇشـلۇق كىشىلەر قاتاريـدا مـارالبېشىدا مـاشىنىغا باستۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى .

1938 ـ يىلىدىكى بۇ ئىككىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق چوپانلىقلارنىڭ قەلبىنى تاتىلاپ قاناتتى . ھەسرەت بىلەن ، پىغان

بىلەن يىغلاتتى . چوپاننى ، زەرەپشان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى جۇدالىقنىڭ ئاچچىق يىغانى قاپلىدى .

يولۋاسنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بۇ ۋەقەلەرنى لەيلىخانغا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەندە ، باش قەھرىمانىمىز ئايزۆھرە ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەندى .

## 6

يىغانلىق ئالتە يىل ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۆتۈپ تۈگىدى ، خۇددى لەقۋادەك سۆرۈلۈپ .

لېكىن لەيلىخان بىرلا ئاغرىپ قېلىپ ، ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كەتتى . ئايزۆھرە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن ، يىغان بىلەن يىغلىدى . خارابە ھويلىسىنى ، چوپان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى يىغان قاپلىغانىدى !

ئايزۆھرە مۇشۇ يىغان قاپلىغان دۇنيادا يېگانە قالدى . ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىككى قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگىگەندى . يۇمغاقسۇتنىڭ ھىدىچىلىك تۇغقانچىلىقى بارلىرى ئۇنىڭغا ھەمىشەم باشپاناھ بولۇپ كېتەلمەيتتى ، ئۆزلىرىنىڭ دەرد - خاپىلىقلىرى ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشاتتى .

ئەل - يۇرتنىڭ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ياردىمىگىلا تايىنىۋېلىشقا بولمايتتى . چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ كۆرمىگەن - كۆرمىگەن دەرد - ھەسرىتى بار ئىدى .

ئىشقىلىپ، ئۇ ياشىشى، ياشاش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئازغىنە تېرىلغۇ يېرىگە ئىشلىشى، باغ ـ ۋارانلىرىنى پەرۋىش قىلىشى، ئۇلاغ ـ ئىلمەك بېقىشى، ھەتتا ئايلىقچى، كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلىشى كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلمىسا ياشىيالمايتتى.

ئۇ شۇنداق قىلدى.

ئاكىسى يولۋاسنىڭ ئايالىنى ئاتا ـ ئانىسى شۇ چاغدىلا ئۆيىگە ياندۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئايزۆھرەگە ھەمراھ بولىدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا، ئۇ خاسىيەتخاننى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئايزۆھرەنىڭ يۈمغاقسۈتنىڭ ھەمدىچىلىك تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. بۇ ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلاردىكى تۇل خوتۇن بولۇپ، كۈنلۈك ئىشلەپ جان باقاتتى. سامانلىقتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيدە جىنىدەك يېتىپ ـ قوپاتتى. شۇڭا ئايزۆھرەنىڭ تەكلىپى ئۇنىڭغا مايدەك ياققانىدى.

ئىككىسى بىرلىشىپ جان بېقىش قارارىغا كېلىشكەنىدى.

ئاي ـ كۈنلەر ناھايىتى ئاستا قەدەم بىلەن يۆتكەلمەكتە ئىدى، خۇددى سازاڭدەك.

— بۈگۈن كېلەلمەي قالسام، ئازادىخاننى ھەمراھ قىلىپ ياتقاچ تۇرارسىز جۇمۇ، — دېدى خاسىيەتخان قىش كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشلۈكى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئايزۆھرە.

— چىمدۇغا چۈشۈپ، قىزىمنى يوقلاپ چىققاي دەپتىم. ئاغرىپ قاپتۇ، دەيدۇ.

— مەيلى، چۈشسىلە چۈشۈپ چىقسىلا ئەمسە. قاچان چىقىلا؟

— ئەتە يا ئۆگۈن، — دېدى خاسىيەتخان ۋە مېڭىش ئالدىدا قاتتىق جېكىلىدى. — ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ ياتارسىز جۇما!

— ماقۇل.

— ئەمسە، خۇداغا ئامانەت.

ئايزۆھرە قوشنىسىنىڭ قىزى ئازادىخانغا بىرمۇنچە يالۋۇرۇپ، ھەمراھ بولۇشقا مىڭ تەستە ماقۇل دېگۈزدى.

ئازادىخان ئۇيقۇغا، ئايزۆھرە خىيالغا كەتكەنىدى:

"قارا مەدەك، يىغىردانغا خوتۇن بولۇمىشمەن تېخى! ھىم، ۋاي ئاچ كۆز پاخشەك! سەندەك ئالاگەدەن تازغا خوتۇن بولغۇچە ئىلاھىم!..."

ئايزۆھرە شۇنداق خىياللار بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. بىر چاغدا ئىشىك" تاك-تاك-تاك" قىلىپ چېكىلىشۇىدى، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئازادىخاننى جەينىكى بىلەن نوقۇدى:

— ھە، نېمىدەيسەن، ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىنا! — ئازادىخان ئويغىنا-ئويغانماسلا شۇنداق دەپ غۇدۇرىدى. ئىشىك تېخىمۇ قاتتىقراق قېقىلىۋېدى، ئاندىن ئۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئايزۆھرەدىن:

— كىمدۇ ئۇ؟ — دەپ شىۋىرلاپ سورىدى.

— تاڭەي... ئوغرىمىكى-يا.

— ساراڭ، ئوغرى ئىشىك چېكىپ كىرەمدۇ، ئوغرى ئالغۇدەكمۇ نېمەڭ بادى ئۆيۈڭدە؟ چاشقانلىرىڭمۇ يامانلاپ كېتىپ

بولدى .

راست ، ئازادىخاننىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى . جەمەتى ئىچىدىكى ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ كۆپلۈكى ، ئائىلىدە ئىشلەمچى ئەرنىڭ يوقلۇقى ، ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى بۇ ئائىلىنى مۇشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى .

— . . .

ئىشىك يەنىمۇ قاتتىقراق قېقىلدى . ئاخىر ئايزۆهرە ئۆرە بولۇپ :

— كىم ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى .

— مەن . . . خاسىيەتخان !

— ۋاي ، خاسىيەتخاناچامكەن ! — يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن ئايزۆهرە چاچراپلا تۇردى . — چىمدۇغا چۈشمىدىلىما ؟

— چۈشمىدىم هەي ، هاشىمباي ئەتە چۈشىسىلە ، دەپ قويماي خۇدى .

ئايزۆهرە ئىشىك ئالدىغا كەلدى .

— بولاڭ ئىتتىك ، بەك توڭۇپ كەتتىم .

— مانا هازىر ، — ئايزۆهرە ئىشىكنى راسا ئىتتىرىپ تۇرۇپ ، تاقاقنى ئېلىپ ، ئىشىكنى ئاچتى .

لېكىن ئىشىك ئېچىلىشىغىلا ئۆيگە خاسىيەتخان ئەمەس ، ئىككى كۆلەڭگە بۆسۈپ كىردى ، خۇددى قارا بوراندەك .

— ۋايجان . . . خاسىيەتخاناچا ، كىم بۇ ئىككىسى ؟

— . . .

ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلمىدى ، جاۋابمۇ بەرمەيتتى . يېرىم

سەرلىك كۆمۈش تەڭگىگە سېتىلغان خاسىيەتخان ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغانىدى .

ئىشىك شۇ زاماتلا تاقىلىپ بولغانىدى . ئۆي قازان كۆيىسىدەك قاپقاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى .

— ۋايجان ، ئوغرى ! . . . ، — ئازادىخانمۇ قورقۇپ چىرقىرىۋەتتى - دە ، بۇلۇڭغا بېرىپ تىقىلدى . پۇت - قوللىرى غالىلداپ تىترەپ ، جان دىدارى قالمىغان ئايزۆھرەمۇ زەگۇندىدىلا ئولتۇرۇپ قالغانىدى .

— ۋارقىراشما ، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى كۆلەڭگىنىڭ بىرى ، مىلتىقنىڭ زاتۇۋرىنى شاراقشىتىپ

— بۇ . . . بۇ ئۆيدە سىلەر ئوغرىلىغۇدەك ھېچنېمە يوق . — دېدى ئايزۆھرە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ .

— بار ، نېمىشقا يوقكەن ؟ ساپ ئوبدان نېمىلەر بار .

— ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالمايسىلەر ؟ — دېدى ئازادىخانمۇ .

— قاراپ تۇرۇڭلار ، ھازىرلا تاپىمىز .

ئۇلارنىڭ بىرى شاراقشىتىپ سەرەڭگە چېقىپ ، مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى ياندۇردى . ئۆي يورۇپ ، ئىككى كۆلەڭگە روشەن كۆرۈندى . ئۇنىڭ بىرى ئىككىسىگە مىلتىق تەڭلەپ ، ئېتىشقا تەييارلانغان قىياپەتتە تىك تۇراتتى .ئايزۆھرە كۆزىنى چىراغ ياققان بىرىگە يۆتكىشى بىلەنلا يۈرىكى” قارتتىدە“ قىلىپ پىلتىڭلاپ كەتتى - دە ، ئۇگە - ئۇگىلىرىگە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ، چوڭقۇر غەزەپ نەپرەت تاراتتى . ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتى شۇنداق تېز قايناۋاتقان ئىدىكى ، ئايزۆھرە چىشلىرىنىڭ لەۋلىرىگە ، تىرناقلىرىنىڭ يىرىك ئالقانلىرىغا مىختەك ، بىستەك پېتىپ

كېتمۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى . باياتىن قورقۇنچتىن تىترىگەن ۋۇجۇدى ئەمدى غەزەپتىن تىترەۋاتاتتى ، خۇددى كەچ كۈزدىكى نەرگىس ياپراقچىلىرىدەك . چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساپسېرىق ، كۈپتەك سېمىز ، كۆپكۆك كۆزلىرى شۇملۇق تۆكۈپ تۇرىدىغان ، ئىككى قۇلىقى چورتلا يوق ، قىرىق بەش ياشلاردىكى بىــرى ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ تۇراتتى ، گوياكى ئاچ قالغان بۆرىدەك .

”ئاھ ، قاتىل ، دادامنىڭ قاتىلى ! . . .“

شۇنداق ، ئۇ شاپلىق تۇزدە روسۇل ھاجىمنى قەتلى قىلغان قاتىلنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ئۇ چوپانغا قاچان پەيدا بولدىكىن ؟

ئــايــزۆھرەنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا كۆۋەجەۋاتقان غەزەپ ئىسيانغا ئايلانغانىدى ؛ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان قىساس دولقۇنلىرى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى !

شۇڭا ئۇ قولىنى تەكىيىنىڭ ئاستىغا شارتلا تىقىپ ، مەرھۇم دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن خەنجىرىنى قولىغا ئالدى . ئۇ ، بۇ خەنجەرنى قورققۇم كەلمەيدۇ ، قارا باسمايدۇ ، دەپ ھەر كېچە تەكىيىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ياتاتتى . قۇلاقسىز مەلئۇن بۇنى كــۆرۈپ ئايزۆھرەگە ئېتىلدى . ئايزۆھرە ”دىككىدە“ ئورنىدىن تــۇرۇپ ئــۇنــىــڭــغــا قــەھــرى ـ غــەزەپ بــىــلــەن خــەنــجــەر ئــۇردى .ئــەپــسۇســكــىقــۇلاقــســىــزمــەلــئــۇن ئۇنىڭقولىنىڭ بــېــغــىــشــىــدىن”كاپپىدە“ تۇتۇۋالدىـدە ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قــايــرىــدى .ئايزۆھرەنىڭ قايرىلغان قولى”قاراسسىدە“ قىلىپ ، خــەنــجــەر يــەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئايزۆھرە ئاچچىق ئىڭراپ ، تــولــغــىــنىپ كەتتى ، خۇددى ئېشىپ قويۇپ بېرىلگەن يىپەك

ئارقاندەك ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ، گويا كى يۇلتۇزسىز تۈندەك . ئەمما بۇ زۇلمەت ئايزۆھرەنىڭ ”لىققىدە“ ياشقا تولغان قوي كۆزلىرىدىن چاچرىغان قىساس ئۇچقۇنلىرى بىلەن نۇرىستانغا ئايلىنىپ كەتتى ، گويا كى ئايزۆھرەنىڭ قىساسقا تولغان نۇرانە قەلبىدەك .

ئايزۆھرە بىرلا تولغىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە ، سول قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى ”كارتىدە“ تاتىلىدى . ئۇنىڭ يۈزىدىن قان ، قاپقارا قان تەپچىرەپ چىقتى .

— ما پاسكىنا جالاپنى ! . . . ھېلى بىكار ! . . . ، — قولاقسىز مەلئۇن ئايزۆھرەنىڭ ئىككىلا قولىنى كەينىگە قەھرى بىلەن قايرىدى . ئايزۆھرە لېۋىنى مەھكەم چىشلىدى .

— مۇناپىقلار ! . . .

— چىلبۆرىلەر ! . . .

— ئەزرائىلنىڭ دەپتىرىگە چۈشمەي قالغانلار ! . . .

— ئادەم بارمۇ ! . . .

ئايزۆھرە بىلەن ئازادىخان ئۇلار بىلەن ئېلىشقاچ ، پىلتىڭلىغاچ ، تىركەشكەچ ، تولغانغاچ شۇنداق دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇلارنى تىللايتتى ، قارغايتتى . ئەمما چىڭ يېپىلغان ئىشىككە مىلەڭزە تارتىلغان ، تۈڭلۈك ناھايىتى ھەم چۈمكەلگەن بولغاچقا ، بۇ ۋارقىراشلار ، بۇ تىللاش ـ قارغاشلار سىرتقا چىققىلى يوچۇق تاپالماي تاملارغا ئۇرۇلاتتى ، ئۇسەتتى ، ئاخىر باش ـ كۆزى يېرىلىپ جان ئۈزەتتى .

ئىككىسى پىلتىڭلىشاتتى ، خۇددى تورغا چۈشكەن زەر بېلىقتەك . يۇلقۇناتتى ، تېپىرلايتتى ، نالە قىلاتتى ، گويا بۆرە

ئاغزىدىكى قوزىچاقتەك . بۆرە ئاغزى قوزىلارغا يېقىنلاپ كەلمەكتە . . . تىرناقلىرى قوزىلارنىڭ بەدەنلىرىنى تىلغىماقتا . . . قوزىلار بولسا بار كۈچىنى يىغىپ ئۈمىد بىلەن تىركەشمەكتە . . .

”ئاھ ، خۇدا ، سەن بارمۇ - يوقمۇ ؟ بار بولساڭ ھازىر نەدە ؟ بىزنى ياراتقانلىقىڭدىن ، بۆرە ئاغزىدا تىركىشىپ ، جان تالىشىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋىرىڭ بارمۇ - يوقمۇ ؟ بۆرە تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىۋاتقان بىزدەك ناتىۋان بەندەڭنى نېچۈك قۇتقۇزۇپ قالمايسەن ؟ نېمىشقا بىزنىلا ئۇنتۇپ قالىسەن ؟ بىز سېنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدۇققۇ ؟ ئاھ ، خۇدا ، مۆجىزە كۆرسىتىپ . . .“

ئۇلار ئاللاغا تېۋىنىپ ئازابلىق ئىلتىجا قىلاتتى ؛ ئاللاغا تېۋىنىپ ئازابلىق ئاھ ئۇراتتى ؛ ئاللاغا تېۋىنىپ ئازابلىق نالە قىلاتتى !

بىراق بۇ ئازابلىق ئىلتىجالار ، ئازابلىق ئاھلار ، ئازابلىق نالىلەر بايىقى تىللاش - قارغاشلارغا ئوخشاشلا تاملارغا ئۇرۇلۇپ ، ئۇسۇپ جان ئۈزەتتى .

بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئازادىخان يىغلىغان پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئايزۆھرە زەگۇندە ئولتۇرۇپ يىغلايتتى ؛ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن ، پىغان بىلەن يىغلايتتى ! كېچىنى ، چوپان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى پىغان قاپلىغانىدى !

”نېمىشقا . . . نېمىشقا بار كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كېلىدۇ . خۇدا ؟ زادى نېمىشقا ؟ بۇنداق خورلۇقتىن . . . بۇنداق خورلۇقتىن . . .“

ئايزۆھرە ئارغامچىنى ئېلىپ ھويلىغا چىققاندا ئاي غەربكە قىيسىيىپ ، تورغايلار چۇچۇلاپ ، توخۇلار بەس ـ بەس بىلەن چىللىشىپ ، بۇگۇنكى ھاياتلىقنىڭ يەنە جانلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى . ئۇ پاكار تامغا يامىشىپ چىقتى ـ دە ، قولىدىكى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇجمە شېخىغا مەھكەم چەگدى ، يەنە بىر ئۇچىدا سىرتماق ياساپ بويىنىغا سالدى .

”خەپ ، خاسىيەت ، خەپ ، قىيامەتتە چېچىڭدىن . . . قىيامەت كۈنى قىساسىمنى ئالمايدىغان بولسام ! . . .“ ؛

”خەپ ، ماجىڭسا ، قىيامەت بولسۇنچۇ قېنى ، قىساسىمنى بىر ـ بىرلەپ ، بىر ـ بىرلەپ ئالمايدىغان بولسام ! . . .“

ئايزۆھرە قىساسىنىڭ ھەممىنى ئاخىرەتكە قالدۇرۇپ ، ھەممە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئاخىرەتكە باغلاپ ، شاخنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇپ ، پۇتىنى تامدىن ئاستا ـ ئاستا ئۈزدى . شاخنى قويۇپ بەرسىلا ھاقارەتلىك ھايات بىلەن خوشلىشاتتى .

”بىر ئاللاگەدەن پاخشەكنىڭ قولىدا يەنە خورلانغاندىن ، ئۆلۈم مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئەمەسمۇ ماڭا ! ؟ . . .“

ئۇنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى .

”ئاھ ، خۇدا ، سەن يېتىملەرنىڭ ئاھۇزارلىرىغا نېمانچە ئامراق ؟ ناتىۋانلارنىڭ ئاھ ـ ئەفغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرمىساڭ ، زېرىكىپ قالامسەن ـ يا ؟ . . .“

شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قان تامچىلاپ تۇراتتى .

”خەير ـ خوش ، چوپان ، بەختسىز ، ناتىۋان قىزنىڭنى ئۇنتۇپ كەتكەيسەن ! ئاجىزلىقىنى (گۇناھىنى ) كەچۈرگەيسەن ! . . .“ .

ئۇنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدە خورلۇق قوتراپتتى .

”ئەلۋىدا ، جېنىم ياقۇپ ، سېنى بەختلىك قىلالماي ، ھەسرەتتە قويغانلىقىم ئۇچۇن مېنى كەچۈرگىن ! . . .“

ئۇنىڭ ھەربىر نېرۋا ـ ھۈجەيرىلىرىنى ھەسرەت غاجايتتى .

”ئەلۋىدا ، دىشۋار ھايات ! . . .“

ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولغانىدى . بۇ پەقەت ئاخىرەتكە باغلانغان ئومۇرتقىسىز ، يىلىكسىز ئۈمىد ئىدى !

ئۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان قوي كۆزلىرىنى ”چىڭگىدە“ يۇمۇپ ، نازۇك بارماقلىرىنى شاختىن ئاستا ـ ئاستا بوشاتتى . . .

”قىساسىڭنى كىم ئالىدۇ ؟ . . . قىساس ئال ، ئاكاڭچە روھ بىلەن ئاكاڭنىڭ ، داداڭنىڭ ، ئۆزۈڭنىڭ قىساسىنى ئال ! . . . قىساس ـ قىساس ـ قىساس ! . . .“

ئايزۆھرە قەلبىدىن ، قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن پارتلاپ چىققان بۇ جاراڭلىق سادادىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى . ئۇ يەنىلا ئۈجمە شېخىدا چىڭگىلەكتەك ئېسىلىپ تۇراتتى .

”بۇ نېمە ئاۋاز ؟ كىمنىڭ ئاۋازى ؟ قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ ؟“

بىلمەيتتى .

بۇ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ، ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى ئىدى . ئۇ ئۈجمە شېخىنى چىڭ قاماللاپ يۈرىكىنىڭ ، قەلب دۇنياسىنىڭ بۇ بۈيۈكانە ساداسىغا ــــ بۇيرۇق ـ پەرمانىغا بويسۇنۇش ـ بويسۇنماسلىق ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى :

”قانداق قىلسام بولار ؟ . . .“

ئۇ تېگىرقىغانسېرى خىياللىرىنى ئۈمىدسىزلىك چېگىشلەشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى .

”قىساس ئال ؟ قانداق ئالىمەن ؟ ئالالايمەنمۇ ؟ قىلالىمىغان ئىشنى قىلىمەن ، دەپ زورۇققاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ خۇداغا قوياي ، خۇدا باريا ، ماڭا ؟ . . .“

راستىنى ئېيتقاندا ، ئايزۆھرەنىڭ ئۆلۈم گىردابىدىن قايتقۇسى يوق ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسى بىرتالاي گادىرماچ ، ئۈمىدسىز سوئاللار بىلەن تولۇپ ، قايناپ كەتكەنىدى :

”قىساس ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق ، بىر ـ ئىككى كۈن ئەمەس ، بىرقانچە يىل ، ئۇزاق ـ ئۇزاق ياشاش كېرەك . ياشاش ئۈچۈن ئۈمىد بولۇشى كېرەك . بىراق مەندە ئۈمىد دېگەن نەرسە بارمۇ ؟ ئۈمىد بېغىشلىغۇدەك نېمەم بار ؟“ ؛

”ئەمدى مەن نېمە ئۈچۈن ، كىمنى دەپ نېمىگە تەلپۈنۈپ ياشايمەن ؟ تارتىشقۇدەك ئاتا ـ ئانام ، ئاكا ـ ئۇكام ، ئاچا ـ سىڭىللىرىم بارمىدى ؟ يېتىم ، مىسكىن ، بېشىمنى قېرىنداشلار-چە مېھرى بىلەن سىلىغۇدەك يېقىنراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ، ئېزىك ، جاراھەتلىك قەلبىمگە تەسەللى مەلھىمى چېپىپ ، ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرغۇدەك دوستلىرىم بارمىدى ؟“ ؛

”ئەڭ مۇھىمى ، تەلپۈنگۈدەك ئاشىقىم بارمىدى ؟ ياق ، ئاشىقىمغۇ بار ، بىراق ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدىغان غۇبارسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم چەيلەندى ؛ مەڭگۈلۈك بايلىقىم بولغان غۇبارسىز روھىم بۇلغاندى . ئەمدى ئۇنىڭغا ـــ كېچە-كۈندۈز تەلپۈنگەن ، دىدارىنى زارىقىپ كۈتكەن ئەڭ سۆيۈملۈك ئاشىقىمغا

نــپــمەمنى تەقدىم قىلىمەن؟ بۇتسىمان، روھسىز تېنىمنىمۇ؟ ھېسسىياتسىز يۈرىكىمنىمۇ؟ ئازابقا تولغان شەھلا كۆزۈمنىمۇ؟ ھەسرەتكە ئورالغان مۇزدەك باغرىمنىمۇ؟"؛

"ناۋادا، تەقدىم قىلسام، ئۇ قوبۇل قىلامدۇ؟ ياق! بۇ يەنىلا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟..."

ئۇ، شۇلارنى قاتلاممۇقاتلام خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. بىراق بۇ قارارى ئىجرا قىلىنماي تۇرۇپلا قەلبىدە يەنە سادا كۆتۈرۈلدى:

"قىساس ئېلىش ئىستىكى يوق ئادەمدە ۋىجدان بولامـدۇ؟"؛

"قىساسنى ئۇنتۇغان ئادەم ئەجدادىغا يۈز كېلەلەمدۇ؟"؛

"دۇنــيــادا ئۆزى قىلالايدىغان ئانچىكى ئىشلارنىمۇ ئاللاغا تاپشۇرۇۋېتىپلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغان بەندىدىنمۇ ئارتۇق ئاسىي، پاسىق، زەئىپ بەندە بولامدۇ؟".

ئايزۆھرەنىڭ ئۆلۈۋېلىش قارارىنى مۇشۇ قەلب سادالىرى لىگشىتىپ قويدى؛ ئۇنىڭ بۇ بۈيۈك قارارى كۆز ئالدىدا لەيلەپ يۈرگەن قانغا بويالغان ساقال، قانغا بويالغان يۈز ـ كۆز، قانغا بويالغان يەكتەك، قانغا بويالغان چوت، قانغا بويالغان بىپايان قــۇمــلــۇق، قۇملۇقتا قانغا چىلىنىپ يېتىشقان دۆۋە ـ دۆۋە جــەسەتلەر، يامۇل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان باش... تەرىپىدىن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

"راست ئەمەسمۇ، قىساسىمنى كىم ئالىدۇ؟ ئۇنى كىمگە ھــاۋالــە قــىــلدىم؟ كىمگە ۋەسىيەت قىلدىم؟ ئۆزۈم ئېلىشقا خۇشياقماي، ئۆز بۇرچۇمدىن ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق باش تارتسام،

بۇ ئاسىيلىق بولماي نېمە؟ . . ." ؛

"توغرا ، مەن ياشىشىم ، ياشاپ تۇرۇپ قىساس ئېلىشىم كېرەك ! چۈنكى قىساس ئېلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنى تەلپۈندۈرىدىغان گۈزەل ، بۈيۈك مەنزىل ئەمەسمۇ ؟"

ئۇ ئاخىر سىرتماقتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . قەلبىدە ئۇمىدۋارانە روھ جىلۋە قىلدى . بۇ روھ ئۇنى يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە دالالەت قىلدى .

تورغايلار جۇشقۇن كۈيلىرى ئارقىلىق ئايزۆھرەنى ئۇزىتىپ قويدى .

## 7

چوپان دەرياسى ئايزۆھرەنى باشلاپ چىمدۇغا ئېكېلىپ قويدى-دە :" كەچۈر ،ئەمدى سېنى باشلاپ ماڭالمايدىغانبولدۇم" دەپ شىۋىرلاپ ئۇززە ئېيتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ئايزۆھرە ئەمدى ھەمراھسىز ، يول باشچىسىز قالغانىدى . ناتونۇش دەريا ، ناتونۇش يوللار ، ناتونۇش يۇرتلار ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى . يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بۇنى بىلمەيتتى .

تاڭ يورۇغان ، لېكىن كۆك قاتمۇقات بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ ، سوغۇق كۆچەيگەنىدى . ئۇ گاڭگىراش ئىچىدە ئەتراپقا قارىدى . كۆپكۆك بوس - بوخۇناقلارغا ئورىلىپ يېتىشقان مەھەللىلەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ئالدىدا تۇراتتى .

”بۇ يەردە كۆن قاياندىن چىقىدىكى؟ . . .“
ئۇ قۇياشنىڭ قەيەردىن ، قايسى تاغنىڭ قايسى زۇلپىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئۇقالمىدى ، خۇددى ئۆزىنىڭمۇ قايانغا مېڭىشىنى ، كىمنىڭكىگە بېرىشىنى ئۇقالمىغاندەك .

”قايانغا ماڭسام بولار؟ نەگە باراي؟ نەگە كېتەي؟ . . . يىراق بىر يەرگە كەتسەم بولاتتى . . .“

ئايزۆھرە بىرھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، سولغا بۇرۇلدى .

”ئاللانىڭ جامالىنى كۆرەي دېسەڭ ، تاغقا چىق ، دېگەن گەپ بار . تاغقا كېتەي . تاغلىقلار ئاق كۆڭۈللەرەك كېلىدۇ . چۈنكى ئۇلار ئاللاغا يېقىن ، ئاللانىڭ جامالىنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرالايدۇ“

ئۇ شۇنداق ئويلاپ ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى .

سوغۇق كۆچەيگەنىدى . شىۋىرغان ھۇشقۇيتاتتى . . .

ئايزۆھرە قامراق ، جىگدىباغ ، ھەسەلباغلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قوشراپقا كەلدى . بۇ يۇرتتا ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىسىمۇ ، لېكىن تونۇش ـ بىلىشلىرى بار ئىدى . ئەمما ئۇ قوشراپقا كېلىپ پاناھلىنىشنى خالىمايتتى ھەم پاناھلىنالماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى . چۈنكى جەنۇبقا سوزۇلۇپ كەتكەن غايەت زور تاغ تىزمىلىرى چوپان بىلەن قوشراپنى ئايرىپلا تۇراتتى . چوپان مۇشۇ تاغلارنىڭ شەرقىدە — ئارقىسىدىلا يېپىلىپ ياتاتتى . چوپانئاز جىلغىسىدىن كىرسىلا چۈش ـ پېشىنگە قالماي چوپانغا چۈشۈپ بولغىلى بولاتتى . شۇڭا

چوپانلىقلارنىڭ قوشراپتىن ، قوشراپلىقلارنىڭ چوپاندىن ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى — ئۆزئارا قۇدىلىشاتتى ، ئۆزئارا بېرىپ - كېلىش قىلىشاتتى . شۇنداق بولغاچقا ، ئايزۆھرە قوشراپتا خاتىرجەم تۇرالمايتتى ، ھەتتا ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدىلا ماجىگىسا چىقىپ ، ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ خوتۇن قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

"چوپانلىقلار بارمايدىغان ، بىلمەيدىغان يىراق بىر يەرگە كەتسەم . . ."

ئايزۆھرە قوشراپقا قاراپ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ، ئالدى - تەرەپتىن بىز ئادەم تەسكەن ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ چىقىپ كەلدى .

— ئەسسالام ! — ئايزۆھرە تەسكەنچىگە سالام قىلدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — تەسكەنچى : "ماڭا بىرەر گېپى بار ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى .

— بۇ يولدىن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ ؟

— بۇقاتامغا .

— يىراقما ؟

— خېلى يىراق .

— ھازىر ماڭسام ، نېچاغدا بېرىپ بولارمەن ؟

— ئېتتىك ماڭسىڭىز نامازشامغا يېقىن بېرىپ بولالايسىز .

ئايزۆھرە تەسكەنچى بىلەن خوشلىشىپ ، بىر قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بوغجىمىسىنىڭ ئارىسىدىن بىر زاغرىنى ئالدى . ئۇ زاغرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇشتالمىدى . چۈنكى نان توڭلاپ كەتكەنىدى ، خۇددى مۇزدەك . ئۇ ناننى بىرھازا غاجىدى . لېكىن شۇنچە غاجاپمۇ ئۇنىڭ بىر توغرىمىنىمۇ تۈگىتەلمىدى .

ئۆنىڭ ئۈستىگە قوللىرى توڭلاپ، قىزىرىپ، ھېچنېمىگە قولاشماي قالغانىدى. يەنە نان غاجاپ ئولتۇرسا بۇقاتامغا كەچ قىلىشى، قونالغۇ تاپالماي، تالادا قېلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ بوغجىمىسىنى چىگىپ، بېلىگە ئۆتكۈزدى، قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بۇقاتامغا قاراپ ماڭدى.

قار ئۇچقۇنداشقا باشلىغانىدى. شىۋىرغان ھۇشقۇيتاتتى.

"بۇقاتامدا بىر كىمنىڭكىدە بىر كېچە قونۇۋېلىپ، چوپانلىق بارمايدىغان، بىلمەيدىغان يىراق بىر يەرگە كېتىمەن"؛

"ئىشقىلىپ، ھامان قىساس ئېلىش پۇرسىتى كېلىدۇ!"

قار لەپىلدەپ ياغاتتى.

ئايزۆھرە ئاۋۋال بۇقاتامغا، ئاندىن ئارىتاشقا، ئارىتاشتىن ئۆتۈپ يەنە بىر يەرگە، ئۇ يەردىن يەنە بىر يەرگە كېتىشنى قارار قىلغانىدى.

"خەپ توختاپتۇر، خاسىيەت، سەن بىزنى گوللاپ، ئىشكنى ئاچتۇرۇپ... خەپ، ھامان جاجاڭنى بەرمەيدىغان بولسام!..."

ئايزۆھرە ھارغىن قەدەملەر بىلەن كېتىۋېتىپ شۇنداق پىچىرلايتتى، شۇنداق پىچىرلىغانسېرى شىۋىرغانلىق قار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ھەدەپ سانجىلاتتى، خۇددى نەشتەردەك؛ شۇنداق پىچىرلىغانسېرى شىۋىرغانلىق قار ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىگە قەھرى بىلەن ئۇرۇلۇپ، كۆزىنى يوغانراق ئېچىشقىمۇ يول قويمايتتى.

ئايزۆھرە شۇنداق ھېرىپ كەتكەنىدى. پۇت - قوللىرى

سىرقىرايتتى . پۈتى قاپىرىپ ، قاپارتقۇلار تېشىلىپ قاناپ ، پىژىلداپ ئېچىشىپ ، بۇ ئېچىشماقلار ھارغىنلىق ، ئاچلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ جېنىنى ئىكەكدەيتتى .

”خەپ ، ماجىڭسا ، سەن بولمىغان بولساڭ ، بىز ئايرىلىپ كەتمەيتتۇق . مەن بۇنداق كۆنلەرگە قالمايتتىم . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۆز قولۇم بىلەن . . . ! . . .“

ئۇ غەزەپ بىلەن پىچىرلىغاچ يولنى داۋام قىلاتتى . قەلبىدە ئەلەم قۇترايتتى . خۇددى ھازىرقى قارلىق شىۋىرغاندەك .

شىۋىرغان ھۇشقۇيتاتتى . . .

گۇگۇم ئۆزىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىۋاتاتتى . . .

ئايزۆھرە قەدەملىرىنى تېز ـ تېز سۆرەپ ئاخىر كەنت ئاغزىغا ناھايىتى مۈشەققەتتە يېتىپ كەلدى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ، زەرەپشان بويىدىكى بۇ قەدىمىي يۇرت ـــ بۇقاتامغا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ نەزەر سالدى . مەھەللە كۆزى غۇۋا ، تولىمۇ غۇۋا كۆرۈندى .

ئۇ كوچىدىن مەھەللە قوينىغا كىرىپ ، بىرەركىمنىڭ ئۇچرىشىنى كۈتۈپ ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىغاچ بىردەم تۇردى . بىراق ھېچكىم ئۇچرىمىدى . مەھەللە تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى . خۇددى بۇ يۇرتتا ھېچقانداق ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەستەك . ھەتتا ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىمۇ ، قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ قاقىلداشلىرىمۇ ، مېھماندىن بېشارەت بەرگۈچى سېغىزخانلارنىڭ شاقىلداشلىرىمۇ ،قوي ـ كاللارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرىمۇ . . . ئاڭلانمايتتى . ئەگەر مورىلاردىن قىيسىق چىقىۋاتقان تۈتۈنلەر بۇ كەنتتە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ

تۇرمىغان بولسا ، ئۇ ئۆزىنى تىلسىم دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر بولغان بولسا ، كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ،مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ قونالغۇ تاپقىلى بولاتتى .ئەمماھازىربۇنداق شارائىتتا...

"بۈگۈن بىر كېچە قونۇۋالسامغۇ . . ."

ئۇ كەنت قويىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋەردى . گۇگۇم لەيلەپ - لەيلەپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى .

"بۈگۈن بىر كېچە قونۇۋالسامغۇ ، ئەتە خۇدايىم ئۆزى بىرنەرسە دەدى ."

ئۇ شۇ خىيال بىلەن تۆمۈر ھالقىلىق بىر دەرۋازىنى قاقتى . سەلدىن كېيىن ياشقىنا بىر چوكان پەيدا بولۇپ :

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دەپ سورىدى ، ئۇ ئايزۆھرەنىڭ باش - ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ . ئۇ بوسۇغىغا دەسسەپ تۇراتتى .

— ھېچ . . . ھېچكىمنى . . .

چوكان ئايزۆھرەنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، ھايال بولمايلا بىر كۆيۈك زاغرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئايزۆھرەگە تەڭلىدى . ئايزۆھرە تۇرۇپلا قالدى .

"مېنى تىلەمچى چاغلاپ قالغان ئوخشايدۇ ."

ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دەپ تەسەللى بېرىپ ، كۆز ياشلىرىنى قارىچۇقلىرىغا مىلىق تەستە سىڭدۈرگەچ :

—مېنى . . .مېنى بىر كېچەقوندۇرۇۋالغان بولسىلىمۇ ،— دېدى يىغلىنىش تەلەپپۇزىدا .

يېلىنماي ئامال يوق ئىدى .
— خاپا بولماڭ ، ئۆيىمىز تار ، — دېدى چوكان قىلچە ئويلىنىپ تۇرمايلا .
ئايزۆھرە دەرۋازىسى كەڭ ، ئەمما ئۆيى تار بۇ كاتتا قورۇدىن يىراقلاشتى .
گۈگۈم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى .
”تالادا قېلىپ ، توڭلاپمۇ قالارمەنمۇ ؟ بۇگۈن بىر كېچە قونۇۋالسامغۇ . . . ھەممىگە قادىر ئىگەم ، مۇشكۇلۇمنى ئۆزەڭ ئاسان قىل ، سەندىن باشقا باش پاناھىم يوق“
ئۇ يەنە بىر ئىشىكنى قاقتى . ئىشىكنى ئوتتۇز - قىرىق ياشلاردىكى بىر كىشى ئاچتى . ئايزۆھرە ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى :
— ئەسسالام .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — ھېلىقى كىشى ئايزۆھرەنىڭ سالىمىنى خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئىلىك ئالدى .
— مەن مۇساپىر ، ئۆيلىرىدە . . . بىر كېچە قونۇۋالغان بولسام .
— ئاستاغ . . . ، — ھېلىقى كىشى گەدىنىنى قاشلىدى ، — ئ — ۆيدە مەن يالغۇز . بولمىسىغۇ . . .مەيلى دەپ قونامسىز-يا ؟ — ئۇ ھىجىيىپ خىرىلداپ كۈلدى .
ئايزۆھرە ئەلەم بىلەن كەينىگە ياندى . مۇزلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىشلەپ قەدىمىنى تېزلەتتى . قايناق ياشلىرى مۇزدەك مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشۈپ ، قار ئۈستىدە غايىب بولاتتى .
باشقىلارغا يېلىنىش ، يالۋۇرۇش ، بويۇن قىسىش —

نېمىدېگەن ئېغىر ـ ھە !

ئۇ يەنە بىر ئىشكنى قاقتى

— مەن مۇساپىر ، مېنى بىر كېچە قوندۇرامسىلە ؟ — دېدى ئىشىك ئاچقان بالىغا .

— دادامدىن سوراپ باقاي ، — بالا ھايالشمايلا قايتىپ چىقىپ ، — دادام قوندۇرالمايمىز دەيدۇ ، — دەپ بىر ئارپا نېننى تەڭلىدى .

— رەھمەت ، نېنىم بار .

”ئۆزۈڭ بار ، ئىگەم ، مېنى تالادا قويما ، بۇنىڭ ئۇچۇن ساڭا بىر ئۆمۈر ئىبادەت قىلىشقا رازى !“

ئايزۆھرە ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئاللاغا چىن كۆڭلىدىن ۋەدە بەرگەچ ، مەھەللىنىڭ ئاخىرىغا قاراپ ماڭدى .

## 8

ئايزۆھرە بىر خارابە ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ھويلا تاملىرى پاكار ۋە شورا ـ شورا بولۇپ ، بۇنى تام دېگىلىمۇ بولمايتتى . دەرۋازا ئورنىغا بىر سەت قوشام ئورنىتىپ قويۇلغانىدى .

”مۇشۇ ئۆيگە بىر كىرىپ باقايمۇ ـ يا ؟ مەيلى كىرسەممۇ بىر كىرەي . كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى ،دەپتىكەن . . .“

ئايزۆھرە قوشامنى ئاستا ئىتتىرىپ ئىچىپ ھويلىغا كىردى . ھويلا كىچىك ، ئۇستىنىڭ پەقەت ئىككى پارچە كىگىزنىڭ

ئورنچىلىك يېرى قوناق شاخلىرى بىلەن چۈمكەلگەن بولۇپ، قار قونۇپ ئېغىرلاشقان شاخ ئۇچلىرى خۇددى خىزىرنىڭ ساقىلىدەك تاشلىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا قار دۆۋىلەپ قويۇلغان، بىر بۇلۇڭدا قوي - كالىلاردىن ئېشىپ قالغان قوناق پاتاقلىرى قار ئاستىدا شۇمشىيىپ ياتاتتى. چەللە ئاستىدىكى پاكار تامدا بىر قىزىل خوراز بىلەن بىر باغداد مېكىيان دۇگدىيىپ، مۇگدەپ ئولتۇراتتى.

ئايزۆھرە سامانلىقنىڭ ئىشىكىدەك كىچىككىنە بىر ساڭا قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

"كىرىۋەرسەم بولارمۇ ياكى چېكىپ باقسام بولارمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، چېكىپ باقاي. قوندۇرمىسا، بىركىمنىڭ ئېغىل - سامانلىقىدا بولسىمۇ ياتارمەن، سامانلىققا قولپا سېلىپ قويماس بىركىم؟"

ئۇ زەنجىرنى جالدىرلىتتى.

"ھېچنېمىسى يوق بىر تۇل خوتۇن چىقار ئىلاھىم"

شۇنداق بولدى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەللىك بەش - ئاتمىش ياشلاردىكى، ئاق سېرىق، ئورۇق، سول مەڭزىدىكى تىرناقچىلىك خالىنى ئۇزۇن - ئۇزۇن تۈكلەر ئىگىلەپ كەتكەن، ئۇستىخىنى قۇرۇق - قاقشال بولۇپ قالغان بىر ئايال پەيدا بولدى. بىر قاراشتىلا كېسەلمەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان بۇ ئايال ئايزۆھرەگە خۇددى مەڭدىگەندەك، چۆچۈگەندەك قاراپلا قالدى.

— ئەسسالام.

ئايال ئايزۆھرەنىڭ پۈكلىنىپ قىلغان سالىمىنى ئىلىك

ئالغاچ، ئۇنىڭ ئۇستۈبېشىغا سەپسالدى: ئۇ كەچ كۈزدىكى نىمجان ياپراقچىلاردەك نازۇك تىترەيتتى. ئاپئاق قىرو باسقان ئەگىم قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى مەيۈس، گۈنۈس جىمىرلايتتى، خۇددى يېغى قالماي، ئۆچۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان جىنچىرىغىدەك. لەۋلىرى كۆكىرىپ، بارماقلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ئۇستۈبېشى قېلىن بىر قەۋەت قار بىلەن بېزەلگەنىدى. بېشىغا ئۆڭۈپ زەربى قالمىغان بوز ياغلىق ئورىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا خام چاپان، پۇتىغا ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۇزۇن كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغان، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكنىڭ يانبەللىرىدىن ئىچىدىكى قارا چەگدەم پايپاق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. مازلىرى كۆرۈنۈپ ـ ساڭگىلاپ قالغان چاپىنىنىڭ پەشلىرىدىن ماتا كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى.

بۇلارنى كۆرۈپ ئايالنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرىكى ”شۇررىدە“ ئېرىپ كەتتى، خۇددى ئوتقا چۈشكەن مومدەك. شۇڭا ئۇ بۇ بىچارە قىزنى ئۆيگە باشلاپ ئىسسىندۇرۇشنى، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپ، بىر كېچە قوندۇرۇشنى نىيەت قىلىپ؛

— ئۆيگە كىرسىلە، خېنىم، — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن.

ئايزۆھرە بۇنى ئاڭلاپ يەڭگىلغىنە بىر گۈۋۈنىۋېدى، ئۇستۈبېشىدىكى قارلار ”پۇررىدە“ تۆكۈلۈپ كەتتى، خۇددى توڭلاپ ئۆلگەن جانسىز كېپىنەكلەردەك

ئەمما، تۆكۈلۈپ كەتكەنلىرى قار ئەمەس، غەم ـ غۇسسە ئىدى. شۇڭا ئۇ يەڭگىللەپ قالدى، گوياكى ئاق قۇ پېيىدەك.

ئايزۆھرە بۇلۇتتەك لەيلەپ ـ لەيلەپ ئۆيگە كىردى ـ دە،

ئوچاقنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى . ئۆي قاراڭغۇ ، لېكىن ئىللىق ئىدى ، خۇددى قۇش ئۇۋىسىدەك . بۇ ئىللىقلىق ئۇنىڭ پاتـ ـمان ـ پاتمان غەم ـ غۇسسىلىرىنى قاش ـ كىرپىكلىرىدىكى قىرولار بىلەن قوشۇپلا ئېرىتىۋەتتى .

ئايال ئوچاققا تەمەچ سېلىپ ، ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنى پۈۋلەشكە باشلىدى . ئۇ ھاسرايتتى ، ھۆمۈدەيتتى . ئارقا تامدىكى قەغەزدە يەملىشىپتىلگەن تار ، كىچىك پەنجىرە گۇگۇم بىلەن تېخىمۇ قارىيىپ كەتكەن ، كىچىككىنە تۆگىلۈك زىغىر پاخىلى بىلەن مەھكەم يېپىشىپتىلگەن بولغاچقا ، ئۆي ئادەمگە كېچە تۈيغۇسىنى بېرەتتى . ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنى پۈۋلەشتىن ھاسىل بولغان ئازغىنە يورۇقلۇقنىڭ ئۆينى يورۇتۇشقا قۇربى يەتمەيۋاتاتتى . تەمەچكە "ۋاللىدە" ئوت تۇتىشىش بىلەنلا بىرئاز يورۇدى . ئايال كۆيۈپ تۇرغان بىر تال تەمەچنى ئېلىپ مورا بېشىدىكى جىنچىرىغىنى ياندۇردى . ئوت شولىسى بىلەن چىراغ ئۆينى خېلى ئوبدان يورۇتۇۋەتتى .

— يېقىنراق كېلىپ ئوت ئىسسىنسىلا ، خېنىم ، بەك توڭۇپ كېتىپلا ، — دېدى ئايال ئوچاققا ئوتۇن سېلىۋېتىپ .

ئايزۆھرە ئوچاققا يېقىنراق كېلىپ ، قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى ئوتقا قاقلىغاچ ، ئۆي ئىچىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ چىقتى : تارغىنە سۇپىغا سېلىنغان قارا ئەسكى كىگىزنىڭ يىرتىقلىرىدىن ئاستىدىكى زىغىر پاخاللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تامنىڭ قاپقارا ئىسلىنىشىپ كەتكەن سۇۋاقلىرى ئاجراپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان ، ياغاچلىرى بولسا ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئېگىلىپ كەتكەنىدى ، خۇددى قىسماقتەك . بىر بۇلۇڭغا

ئەسكى-تۇسكى يوتقان-كۆرپىلەر يىغىپ قويۇلغان ، ياغاچ ئاسقۇغا كونا كۆڭلەك ، يىرتىق ئىشتانلار ئارتىقلىق تۇراتتى . قازناقنىڭ ئىشكى يېنىدا بىر يۇدمە ، بىر تۇز كوزىسى ، كىچىكرەك بىر سېۋەت ، سېۋەت ئىچىگە بىرقانچە ئاياق ، قوشۇق كۆمتۈرۈپ قويۇلغانىدى .

— قەيەردىن كېلىشلىرى ، قىزىم ؟ — سورىدى ئايال ئايزۆھرە سەل ئىسسىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن .

ئايزۆھرە نەزىرىنى ئايالغا يۆتكەپ ، جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا باياتىن بېرى يوتقان - كۆرپىلەر ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان قارا ئاسلان ئۇنىڭ قۇچىقىغا "دىككىدە" چىقىپ ، ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ ئاسلاننىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— چوپاندىن .

— چوپاننىڭ قەيېرىدىن ؟

— قاراشودىن .

— قاراشودىن ؟ — ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئايزۆھرەگە دىققەت بىلەن قارىدى ، — بىزنىڭمۇ بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان قاراشودا . كۆرەشمىگىلى ئون - ئون بەش يىل بولدىمىكى .

— كىم ئۇ ؟

— خاسىيەتخان دەپ . . .

— خاسىيەت ھېزىمما ؟

— ھەئە .

ئايزۆھرەنىڭ كۆڭلى "گىچچىدە" بولۇپ قالدى . "غۇژژىدە" قوزغالغان غەزىپىنى بېسىۋېلىپ ، "جىممىدە" تۇرۇۋالدى .

”قىچىپ ـ قىچىپ يەنە شۇ دەللالنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتىمەن ـ يا؟ . . .“
ئۇنىڭ خىيالىنى چۆگۈننىڭ ۋاراقلاشلىرى ئۈزۈپ قويدى . ئايال ئورنىدىن قوزغىلىپ بولغۇچە ، ئايزۆھرە چۆگۈننى ئوتتىن ئالدى .
ئايال ئايزۆھرەنىڭ يېنىغىلا داستىخان سېلىپ ، بىر قېتىپ كەتكەن زاغرىنى ئۇشتۇدى ، بىر ھېجىرغا چاي قۇيۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئەدەپ بىلەن قويدى
— نانغا باقسىلا خېنىم . — ئايال ئىككى توغرام ناننى ھېجىرغا تۇگۇرۇپ قويدى .
ئايزۆھرە ئىشتىھا بىلەن نان يېيىشكە باشلىدى . ئۇ نانغا ئاران ئۆلگۈرگەندى . ”بىر ھارغاندىن گەپ سورىماڭ ، بىر ئاچقاندىن“ دېگەننى ئوبدان بىلىدىغان ئايال ، ئايزۆھرە نان يەپ بولغۇچە ھېچقانداق گەپ سورىمىدى . ئۇ ھويلىدىن ئوتۇن ـ تەمەچ ، قازناقتىن چامغۇر ئېلىپ كىرىپ ، ئوچاق يېنىدا ئولتۇرغاندا ، ئايزۆھرە ئىككى توغرام ناننى يەپ بولۇپ ، ھېجىرنى داستىخانغا قويغانىدى .
— نان ئالسىلا ، چاي قۇيااي ، — ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ھېجىرغا قول ئۇزىتىۋىدى ، ئايزۆھرە ھېجىرنى بەرگىلى ئۇنىماي :
— بولدى ئاچا ، قورسىقىم تويدى ئەمدى ، — دېدى يالغان ئېيتىپ .
— ئالسىلا يەنە بىر توغرام .
— رەھمەت ، بولدى ، جىق يېدىم مەن .
ئايال داستىخاننى يىغىپ ، ئاياق ـ قۇمۇشلارنىڭ ئۈستىگە

قويۇپ ، چامغۇر ئادالاشقا باشلىدى .

— ئاتلىرى نىمە ؟

— ئايزۆھرە .

ئايال ئايزۆھرەگە ھەۋەسلىنىپ قارىدى .

"ئىسمىمۇ شۇنداق چىرايلىقكەن"

ئايال شۇنداق ئويلاۋېتىپ سورىدى :

— ئاتا - ئانىلىرى . . .

— ئاتا - ئانام يوق ، — دېدى ئايزۆھرە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ . ئۇ دادىسىنىڭ ، ئاكىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى بوقۇلداپ يىغلىغاچ سۆزلەپ بولۇپ . — ئانام بولتۇر كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆلەپ كەتكەن ، ھازىر بىر جېنىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق . . .

— يىغلىمىسىلا ، قىزىم ، خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر ئۇ مۇناپىقلارنىڭ . . .

ئايال بىرمۇنچە تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، ئۇنى يىغىدىن ئاران توختاتتى .

— كىيولىرى يوقما ؟

— يوق ، مەن تېخى . . . ياتلىق بولمىغان . . . ئەسكەر باشلىقى ماجىڭسا دېگەن تاز خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولاپتى ، قېچىپ چىقتىم .

— تولىمۇ ئوبدان قىپلا . بۇ بىرنېمىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمۇ دەيمەن . ئاچ كۆز شوۋچىلار ! . . .

ئايال ماجىڭسا قاتارلىقلارنى بىرمۇنچە تىللاپ-قارغاپ"جىممىدە" بولۇپ قالدى . كۆزىگە ئىسسىق ياش

كېلىپ ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى . قەلبىدە ھېسداشلىق ، مېھىر كۆۋەجىدى ، زەرەپشان قايناملىرىدەك .

”بەك كىرسە ئۇن ئالتە ـ ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەندۇ ، بىچارە قىز ! . . .“

ئايال ئايزۆھرەگە چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىپ ، ئۇنى ئوبدانراق مېھمان قىلىش قارارىغا كەلدى .

ئايزۆھرەمۇ بۇ ئايالنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتى ، قەلبىدىن ئاق كۆڭۈللۈك ، باغرىدىن مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى زىۋىدىخان ئىكەن . ئېرى ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن . بىر ئوغلىنى چېرىكلەر چېرىكلىككە تۇتۇپ كەتكىلى ئۈچ يىل بولۇپتۇ ، ھازىر ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمەيدىكەن . بۇ ئۆيدە ھازىر كامال ئىسىملىك ئوغلى بىلەن يالغۇز ياشايدىكەن . ئوغلى بويتاق بولۇپ ، ئۆمەر سىيىت ئىسىملىك بىر باينىڭ مالچىسى ئىكەن . قىش كۈنلىرى كەنتتە ئاجىز ، ئورۇق قوي ـ كالىلارنى باقىدىكەن . ياز كۈنلىرىدىكى پۈتۈن ئۆمرى يايلاقتا ئۆتىدىكەن .

زىۋىدىخان چامغۇرنى ئادالاپ بولۇپ ، قازناققا كىرىپ كەتتى . كۆپ ”كارت ـ كۇرت“ قىلىپ قىرىلدى .

”زىۋىدىخاناچام نېمىش قىلىدىغاندۇ ؟ بۇ چاغ بولغاندا قازان ئېسىپ ، نېچاغدا پىشۇرۇپ بولغىلى بولىدۇ ئاشنى ؟“

ئايزۆھرە شۇنداق ئويلاۋاتقاندا ، زىۋىدىخان بىر تاۋاق بۇغداي ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە ، ئۇنى بىر تەرىپى ئۇچۇپ كەتكەن ، سوقىچاق كاساڭغا تۆكۈپ يۇغۇرۇشقا تەمشەلدى .

”بىچارە ، مېنى دەپ . . .“

ــ بەك كەچ بولاپ كەتتى ، زىۋىدىخاناچا . قازان ئاسمىسىلا ئەمدى . نان يەپ ياتىلى ، ــ دېدى ئايزۆھرە .

بىراق زىۋىدىخان پەقەتلا ئۇنىمىدى .

ــ بىردەمدە پىشۇرۇپ بولىمىز ، بالام . ئۇزۇن كېچە بۇ ، تاڭ ئاتقۇزۇپ بولغىلى بولمايدۇ بالدۇر يېتىۋالساق .

ئايزۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ زىۋىدىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى

ــ ئەكەلسىلە ئەمىسە ، خېمىرنى مەن يۇغۇراي .

ــ ئارام ئالسىلا سىلە ، ھېرىپمۇ قالغانلا ئەتىگەننىڭياقى يول مېڭىپ .

ــ ياقەي ، بەك ئانچە ھېرىپمۇ قالمىدىم . ئەكەلسىلە ، ــ ئايزۆھرە كاساڭنى تالىشىپ تۇرۇپ ئالدىغا تارتتى . قولىنى پاكىز يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن يۇغۇرۇشقا باشلىدى .

ئوچاقتا ئوت قالاۋاتقاچ چامغۇر توغراۋاتقان زىۋىدىخان ئايزۆھرەدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى . ئۇ چىرايلىق ھەم پاكىز ئىدى . يۈز ـ كۆزلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى ، خۇددى سۈزۈك تاڭدىكى زۆھرەدەك . ئۇ خېمىرنى ھەربىر باسقاندا ، ئىككى ئۆرۈم چېچى يەلكىسىدە يىلاندەك تولغىنىپ ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۈكسەك سۈلكەت ئاتا قىلاتتى . زىۋىدىخاننىڭ ئايزۆھرەگە قارىغانسېرى قارىغۇسى ، قارىغانسېرى مەستلىكى كېلەتتى . بۇ مەستلىكلەر ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتلىرىنى ، غەم تۇمانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى ، گوياكى باھار شاماللىرىدەك سوقۇپ .

”ئوغلۇمنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقىدا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىۋالسام ، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوقتى .“

بۇ ھەسرەتلىك پىچىرلاش زىۋىدىخانىنىڭ بىردىنبىر ئارمىنى ئىدى. ئۇ، بۇ ئارمانلىرىنىڭ تەگسىز قايناملىرىدا قايناپ ـ پىرقىراپ، كۆنگە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ يۈرەتتى. بەش ۋاخ نامىزىنىڭ ھەممىسىدىلا ئاللادىن بۇ ھەقتە مەدەت تىلەيتتى، يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى، مۇناجات ئوقۇيتتى. بىراق ئۇنىڭ يامغۇردەك ياش راۋان قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىجا، مۇناجات، ھەمدۇسانالىرى، دۇئا ـ تىلەكلىرى بىكارغىلا كېتىۋاتاتتى. بولاڭ ـ تالاڭ، ئالۋان ـ سېلىق، بايلارنىڭ ئاچ كۆز، پىخسىق ئىنساپسىزلىقى... ئۇنىڭ ئارمانلىرى بىلەن جاھىلانە تىركىشىپ، يىگىرمە بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ بولغان ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇشقا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ تەڭتۇشلىرى كەينىگە ئالتە ـ يەتتە ياشلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىۋاتقانلىقىنى ھەربىر كۆرسە، ھەربىر ئاڭلىسا، ھەربىر خىيالىغا كەلتۈرسە ئۇ شۇنداق ئازابلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ كېتەتتى. قەلبى ئۆرتىنىپ، تاراملاپ ياش تۆكەتتى. «مەنمۇ قاچان شۇنداق نەۋرە يۈزى كۆرەرمەن؟» دەپ ئاھ ئۇراتتى. ئارمان يۇتاتتى.

«كامالىغا تەگكىلى ئۇنارما؟... ئۇنىسىغۇ... ئۇنارمىكى، نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟ چوقۇم ئۇنايدۇ! ئۇنىمىغىلى بىر جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقكەن ـ يا ئۇنىڭ... ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بۇ ئىككى ئاجىزەنىڭ رىزقىنى قوشقايسەن! بەخت ـ تەلەي ئاتا قىلغايسەن!...»

ئايزۆھرەمۇ خىيالغا كەتكەنىدى...

ئىشىكنىڭ «غارت» قىلىپ ئېچىلىشى ئايزۆھرەنىڭ ئازابلىق

ئەسلىمىسىنى ئۇركۇتتۇۋەتتى . ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە ، ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ مەڭزىلىرىدىكى ياشلىرىنى چاندۇرمايلا سۈرتۈۋالدى ۋە ئۆيگە كىرگەن ئوتتۇرا بوي ، ئۇچىسىغا كالتە ئاق جۇۋا ، بېشىغا قارا سالۋا تەلپەك ، پۇتىغا كالتاساق چورۇق كىيگەن يىگىتكە يەر تېگىدىن قاراپ ، ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى .

— كەل ، بالام ، كەچ قالدىڭ - يا بۇگۈن ؟

ئايزۆھرە بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ كامال ئىكەنلىكىنى بىلدى .

— ئىش تۈگىمەي شۇ ، — دېدى كامال ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ ، ئايزۆھرەگە ھەيرانلىق ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە "لاپپىدە" بىر قاراپ قويۇپ . ئۇ ئىشىك يېنىدىكى ئەسكى جەگدەملەرگە پۇتىنى راسا سۈركىۋەتكەندىن كېيىن ، سۇپىغا چىقتى - دە ، قولىنى ئوتقا قاقلىغاچ ، ئايزۆھرەگە يەر تېگىدىن قارىدى . بۇ چاغدا ئايزۆھرە غەزەپلىك پىچىرلاشتا ئىدى :

"ھو ، ئەزرائىلىنىڭ دەپتىرىگە چۈشمەي قالغان ئۆلگۈر مۇناپىق ، سەن ئاخىر مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويدۇڭ - ھە ! ؟ خەپ توختاپتۇر ، چىلبۆرە ، ھامان سەندىن ئۆچۈمنى ئالمايدىغان بولسام ! شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى . . ." ؛

"ئاھ ئۇلۇغ تەڭرىم ، ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ، تەۋپىق - ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن ! مېنى ئۆز دەرگاھىڭغا شۇ ئارمانلىرىمنى ھاسىل قىلىپ بېرىپ بولۇپ ، ئاندىن ئېلىپ كەتكەيسەن ! . . ." .

جىنچىرىغىنىڭ غۇۋا نۇرى بىلەن ئوچاقتىكى ئوت شولىسى قوشۇلۇپ ئايزۆھرەگىلا يېپىشقاندى . نۇرستان قوينىدا زىلۋا

بوي ، جەزبىلىك ، لاتاپەتلىك ، ئاق يۈز ، قىزىل مەڭزلىك ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھىمايىسىدىكى قوي كۆزلىرىدىن دەرد - ئەلەم ، مۇڭ - ھەسرەتلەرگە ئارىلىشىپ بىر خىل مېھىر ، ئوماقلىق ، چېچەنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر قىز چاتقاللىقلار ئارىسىدا راسا ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان چوغلۇقتەك چاقناپ تۇراتتى . شۇنداق ، ئۇ چۇغلۇق ، بەرگ - ياپراقلىرىدىن قان تامچىپ تۇرىدىغان غۇبارسىز چۇغلۇق ئىدى ؛ بەرگ - ياپراقلىرىدىن ئەلەم - ھەسرەت تۆكۈپ تۇرىدىغان ناتىۋان چۇغلۇق ئىدى ؛ بەرگ - ياپراقلىرىدىن مۇھەببەت ، پىراق پۇراپ تۇرىدىغان جەلپكار چۇغلۇق ئىدى ؛ بەرگ - ياپراقلىرىدىن قىساسكارانە روھ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان گۈزەل ، ئوماق چۇغلۇق ئىدى !

كامال بۇلارنى كۆرۈپ ، شۇلارنى ھېس قىلىپ ، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ ئاجايىپ ھەيران قالدى :

”توۋا ، ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن - يا !؟ . . .“

دېمىسىمۇ ، ئايزۆھرە تولىمۇ چىرايلىق — گۈل بەرگىلىك ئاي ، گۈل بەرگىلىك زۆھرەنىڭ ئۆزىلا ئىدى !

زىۋىدىخانىنىڭ ئايزۆھرە ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشى كامالنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئېچىنىش ، چوڭقۇر ھېسداشلىق ، چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغاۋاتقاندا ، ئايزۆھرە كېسىلگەن چۆپلەرنى قازانغا سېلىش ئۈچۈن ئوچاق ئالدىغا كېلىپ قالدى - دە ، ئۇنىڭ مىسكىن ، دەردلىك نىگاھلىرى كامالنىڭ چاڭقاق نىگاھلىرى بىلەن چېرمىشىپ قالدى . ئايزۆھرە زورۇقۇپ تۇرۇپ كامالغا مىسكىن تەبەسسۇم سوۋغا قىلىۋىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى ”جىغ-غىد-

دە“ قىلىپ ، دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . بۇ مىسكىن تەبەسسۇم كامالنىڭ قەلبىنى سىلاپ ـ سىلاپ ، ئاخىر ئۇنى مورىغا ”چىڭگىدە“ چاپلاپ قويدى .

## 9

بىراۋغا كۆيەي دەپ كۆيگىلى ، كۆيمەي دەپ كۆيمىگىلى بولمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزى-مۇھەببەت . ئۇ شۇنداق سىرلىقلىقئا ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۈيۈك ۋە مۇقەددەس !

بۈگۈن كامالمۇ دەل شۇنداق ئىشقا دۈچ كەلگەن — مۇھەببەتكە ئېرىشكەندى . ئۇ بۇرۇن باشقىلارنى دوراپ خېلى كۆپ قىزلارغا كۆيۈپ قالماقچى بولۇپ كۆيەلمەي : ”كۆيۈك ، مۇھەببەت ، پىراق ، ھىجران . . . دېگەنلەر يوق گەپكەن ئەمەسمۇ !“ دەپ ئويلاپ قالغانىدى . مانا بۈگۈن ئۇ بۇلارنىڭ راستلىقىغا ، غايىبانە كۈچ ـ قۇدرىتىگە ، ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىگە ئىشەندى ، قايىل بولدى .

چۈنكى ، كامال ئايزۆھرەنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانىدى !

كامال شۇ كېچە شېرىن خىيال ، شېرىن ئىستەكلەر قوينىدا تولغىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى : توي . . . پەرزەنت . . . نەۋرە . . . قاتار تىزىلىپ ، كۆز ئالدىدىن تەكرار ـ تەكرار ئۆتتى .

”ئايزۆھرە ئەتە كېتىمەن ، دەپ تۇرۇۋالارمۇ ؟ نەگە كېتىدۇ ؟ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالسىچۇ ؟ ياق ، كېتىمەن دېسىمۇ ، ھەرگىز

كەتكىلى قويمايمەن !“ ؛

”ماڭا تېگەرمۇ ؟ تەگكىلى ئۇنارمۇ ؟ . . . جېنىمنى ساتسام ساتىمەنكى ، ئۇنى ئالماي قويمايمەن ! . . .“

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەكرار ـ تەكرار ۋەدە بېرەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئانىسىنى هويلىغا چاقىرىپ :

ــ ئانا ، ئايزۆھرە كەتمىسۇن . . . قار يېغىۋاتىدۇ . . . نەگە باردۇ . كەتسىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىنــراق كېتەر ، ــ دەپ جېكىلىدى .

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان . بارنى تەڭ يەمىز ، ساۋاب بولار ، ــ دېدى زىۋىدىخانمۇ .

ئانىسىنىڭ ئۇنىماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن كامال شۇنداق خــۇش بولــۇپ كــەتــتــى ، ئــانىسىنىڭ ھىممىتىدىن چەكسىز سۆيۈندى .

زىــۋىــدىــخــان ئــۆيــگــە كــىــرىپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئايزۆھرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ــ نەگە باراي دەيلا ، ئايزۆھرە ؟

ــ كېتەي ئەمدى ، ــ دېدى ئايزۆھرە . ئۇ بۇ گەپنى گەرچە كــۈلــۈپ تــۇرۇپ ، خــۇشــخــۇيــلۇق بىلەن ئېيتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ، لېكىن تەلەپپۇزىدىن يەنىلا غەم ـ غۇسسە ، ئەلەم ـ ھەسرەت ئۇقچۇپ چىققانىدى .

ــ نەگە كېتىلا ؟

ــ . . .

ئايزۆھرە گەپ قىلمىدى . چۈنكى ئۇ نەگە كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئىشقىلىپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتمەكچىدى .

— بۇ دىشۋاردا نەلەردە تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرەلا ؟بەش-ئالتە كۈن بىزنىڭكىدە تۇرسىلا . ئۆزلىرى كۆردىلە ئەينا . ئۆيىمىزدە جىق ئادەممۇ يوق - يا .

جىق ئادەم بولمىغان بىلەن قىيىنچىلىق - تەڭلىكى جىق ئىدى . شۇڭا ئايزۆھرە بۇ نامرات ئائىلىگە يۈك بولۇشنى ، ئېغىرچىلىق سېلىشنى خالىمىغانىدى .

— ھەقاسىلىرىغا يۈك بولۇپ . . . ئېغىرچىلىق سې-لىپ . . .

— قويسىلا ئۇنداق گەپنى ، بارنى تەڭ يەيمىز ، تەڭ كېيىمىز . . .

شۇنداق قىلىپ ئايزۆھرە بۇ نامرات ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى زىۋىدىخان ئايزۆھرەگە ئۇنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋىدى ، ئايزۆھرە ئۇجۇقۇپلا كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ كامالغا تەگكۈسى يوق ئىدى . شۇڭا ئۇ : ”مەن ئويلىنىپ باقاي“ دەپلا گەپنى ئۈزدى - دە ، ئويلاندى :

”قانداق قىلسام بولار؟ ئۇنىڭغا تەگسەم ، ياقۇپتىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بولمايمەنمۇ ؟ ئۇ كەلسە ،ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟ كامالغا تەگمىسەم . . . تەگمىسەم كىمگە تېگىمەن ؟ ياقۇپ مېنى ئالامدۇ ؟ ئېلىشنىغۇ ئالار ، بىراق ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن ؟ مەنغۇ ئۇنىڭغا بارلىقىمنى ، بارلىق مۇھەببىتىمنى بېغىشلىيالايمەن ، ئۇ ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلالامدۇ ؟ مۇھەببەت

ئاتا قىلالمىسىمۇ مەيلى ، مەن رازى ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ، چەكسىز رازى . لېكىن تۆت كۈن بولماستا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسىچۇ؟ بۇ ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ، تېخىمۇ ئازابلىق ئەمەسمۇ؟ ! بىراق ئۇ ھازىر نەدە؟ قاچان كېلىدۇ؟ كېلىپ بولغۇچە مەن يەنە نەدە تۇرىمەن؟ نەگە بارىمەن؟ يەنە قانداق خورلۇقلارغا ئۇچرايمەن؟ ماجىڭسا چىقىپ تېپىۋالسىچۇ؟ . . . ئۇنىڭدىن كۆرە كامالغا تېگەيمىكى ، ئۇنى بارا ـ بارا ياخشى كۆرۈپمۇ قالارمەن ، ياقۇپنى ئۇنتۇپمۇ كېتەرمەن . . .»

ئۇ ئاخىر كامالغا تېگىش قارارىغا كەلدى . لېكىن بۇ قارارىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى .

كامال ئايزۆھرەگە ئاشىق بولۇپ قالغاندىن بېرى باشقىچە بىر كامالغا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇ بۇرۇنقىدەك بوينىنى قىسىپ ، تەگسىز خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرمەيتتى . ئولتۇر-سا ـ قوپسا ، ماڭسا ـ تۇرسا كۆزىدىن كۈلكە ، قەلبىدىن شادلىق ، تىلىدىن مۇھەببەت كۈيى تۆكۈلەتتى . "ئايزۆھرە ـ ئايزۆھرە" دەپ ئىختىيارسىز پىچىرلايتتى . يۈرىكىمۇ "ئايزۆھرە ـ ئايزۆھرە ـ ئايزۆھرە" دەپ سوقاتتى . بىر جۈپ كۆزى گويا ئايزۆھرەگە قاراش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ، ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيتتى . ئەمما ئۇنىڭ تاتلىق ، دوستانە ھېسسىياتتىكى زورۇقۇپ قىلىنغان تەبەسسۇمىنى كۆرگەن ھامان پۈتۈن ئەزايى جۇغۇلداپ ، يۈرىكى جىغىلداپ ، كۆزى ئۇركۇپ قاچاتتى ، خۇددى كېيىك ئۈركىگەندەك .

ئۇ ئايزۆھرەگە تولىمۇ كۆيۈنەتتى . بۇ كۆيۈنۈش كۆپىنچە ئۇنىسىز ھەرىكەتتى ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ تىلى

ئـايـزۆھـرەنـىڭ ئالدىدا لاللىشىپ قالاتتى . كامالنىڭ بۇنداق مـېـھـرـىبانلىقى ، كۆيۈمچانلىقى ، ئىشچان ، ئاق كۆڭۈللۈكى ئـايـزۆھرەنىڭ قەلب جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولۇپ چېچىلىپ ، چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرۈۋاتاتتى .

زىـۋىدىخان سۇغا كەتكەن ، ئايزۆھرە تام ـ تورۇسلاردىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى ، كامال كىرىپ :

— نېمىش قىلىۋاتىسىز ، ئايزۆھرە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۆي سۈپۈرۈۋاتىمەن .

ئايزۆھرە سۈپۈرۈشتىن توختىدى . كامال ئۇنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى . بۇ ئۇنىڭ ئايزۆھرەگە تۇنجى قېتىم تىكىلىپ ، مەردانىلىك بىلەن قارىشى ئىدى . ئۇنى نېمە بۇنداق جۈرئەتلىك قىلىپ قويدىكىن ؟

بىلمەيتتى .

— نېمە بولدى ؟

— ھېچنېمە .

— قاراپ قالدىڭىز ـ يا ، ئەمىسە ؟

— قارىدىم مۇنداق ، قارىغانغا پۇل ئالامتىڭىز ـ يا ؟

— ئالسام ئالىمەن ، — ئايزۆھرە ۋىلىقلاپ كۈلدى ، خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ، — گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ ماڭا ؟

— بار ، بار بولماي ئۇ ، جىق گەپ بار .

— گېپىڭىز بولسا دەڭ ئەمىسە ، بىكار سۈپۈرۈۋەتمەي سىزنى ، — ئايزۆھرە يەنە ۋىلىقلاپ كۈلدى ، — قانداق گەپتى ئۇ ؟ — . . .

— ئـايزۆھرەنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى ، شوخلۇقلىرى ،

تاتلىق چاقچاقلىرى ، كۆزلىرىدىكى جەلبكارانە مۇڭ ـ ھەسرەتلەر كامالنىڭ تىلىنى قۇلۇپلاپ قويدى . شۇڭا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى . سېرىق چېھرى تاتىرىپ ، كۆپكۆك كۆزى تېپىرلاپ كەتتى . سۆز تاپقاندا يار يوق ، يار تاپقاندا سۆز ، دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئالدىدىن تەييارلاپ ، يادلاپ قويغان سۆزلىرىنىڭ بىرىمۇ يادىغا كەلمەيۋاتاتتى .

— دېمەمسىز قېنى ؟ — ئايزۆھرە سۈپۈرگىنى تورۇسقا ئۇزاتتى .

كامال قەتئىي نىيەتكە كەلدى .

— دەيما ئەمىسە ؟

— دەيدىغان گەپ بولسا ، دەڭ شۇ ، — ئۇ كامالغا بۇرۇلدى .

كامال قىزىرىپلا كېتىپ بولغانىدى .

— مەن . . . مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم ! — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئايزۆھرەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان كامال بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋەتتى . كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭغا شۇنداق مەدەت ، جۈرئەت بېغىشلىغانىدى .

— ساپ قېلىنكەنسىز خۇدى !

ئايزۆھرە "ۋىللىدە" قىزىرىپ ، ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن سۈپۈرگىنى كۆتۈرۈۋىدى ، كامال ئۇنىڭ بىلىكىنى "كاپپىدە" تۇتۇۋالدى . ئايزۆھرە ، كەينىگە تارتىنىشتى .

— قاچماڭ . . . نەگە قاچىسىز ؟ پەقەت . . . پەقەت

چىدىيالمىدىم مەن ! ـــ كامالنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . كۆزلىرى تېپىرلاپ ، ئارقىسىغا داجىۋەرگەن ئايزۆھرە تامغا چاپلىشىپ قالدى .

ـــ نېمىش . . . نېمىش قىلىسىز؟ ئۇنداق قىلماڭ . . . ئەسكى . . . ۋايجان . . . ما تازنى ھېلى بىكار ! . . . ۋارقىرايمەن جۇما ! . . .

بىراق كامال ئايزۆھرەنىڭ بۇ گەپلىرىگە ، قارشىلىقىغا ، تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي ، ئۇنىڭ مەرمەردەك بويىنىغا قولىنى يۆگىۋالدى . ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۇنى باغرىغا باسماقچى ، يۇمشاق باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى ئىدى ، خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك . ئەگەر مۇمكىن بولسا گىلاستەك لەۋلىرىدىن مېھرىنى قېنىپ ـ قېنىپ شورىماقچىمۇ ئىدى ، خۇددى بال شورىغاندەك .

ئەمما ، ھېچقايسىسى نېسىپ بولمىدى . ئايزۆھرە ئۇنىڭ قولىدىن ”پارتتىدە“ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەنىدى ، گوياكى ئالتۇن بېلىقتەك .

شۇنىڭدىن تارتىپ ئايزۆھرەنىڭ ئىشق ـ پىراقى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ كەتتى . ئۇ ئايزۆھرەنى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ، سېغىنىپ ئۇھسىنىدىغان ، ئايزۆھرەنىڭ دوستانە ، غەمكىن تەبەسسۇمىنى كۆرگەن ھامان يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، ۋۇجۇدى شېرىن تۇيغۇ ئىلكىدە لەرزىگە كېلىدىغان ، يۈرىكىدىن ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىقىۋاتقان ماگما ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدىن تىلى گەپكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى .

# 10

ئايزۆھرە بىلەن زىۋىدىخان ھويلىدا ئاپتاپسىنغاچ گۇڭ ـ مۇڭـغـا چۇشۇپ كەتكەنىدى . گەرچە كۇننىڭ تازا ئىسسىقى بولمىسىمۇ ، ئۆيگە قارىغاندا ھۇزۇرلۇق ئىدى . تەبىئەت ئاپئاق ، شۇنداق چىرايلىق !

— مەن دېگەن گەپنى ئويلىنىپ بـوللىمۇ ـ يا ، ئايزۆھ.

— دەپ سورىدى زىۋىدىخان بىر چاغدا .

— . . .

ئايزۆھرە بىرنەرسە دېيەلمىدى . چۇنكى ئۇ تەكرار ـ تەكرار ئويلانغان ، تەكرار ـ تەكرار بىر قارارغا كەلگەن ، لېكىن كەلگەن قـارارىـغـا پۇت تىرەپ تۇرالمىغانىدى . تەگمەي دېسە ، ئۆيدىن چـىـقـىـپ كـېـتـىشكە ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇشقا توغرا كېلەتتى . تېگەي دېسە ، تەگكۇسى يوق ئىدى . گەرچە ئۇ بىر تـەرەپـتـىـن يـاقـۇپـقا تېگىشتىن قورقۇپ تۇرسىمۇ ، ئۇنىڭغا تارتىشاتتى ، ئۇنى كۇتكۇسى ، مەڭگۇ كۇتكۇسى كېلەتتى .

”نېمـە دېسەم بولار؟ ئاھ ، خۇدا ، نېمىـدەي؟ قانـداق قىـ . . . ؟“

ئۇ ئېغىر ئاچالماي تۇرغاندا ، ھويلىدا ئايزىم بۇۋى پەيدا بولۇپ قالدى . ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمنىڭ ئىخلاسمـەن مۇ ـ رىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەللىك ـ ئاتمىش بەش يـاشـلاردىكى بۇ ئايال ئۇچىسىغا قارا مەخمەل پەلتو ، پۇتىغا

چىرايلىققىنە مەسە ـ كالاچ ، بېشىغا تاپىنىغا چۈشكۈدەك ئاپئاق شايى لېچەك ئارتىپ ، ئۈستىدىن جىپا تەلپەك كىيىۋالغان بولۇپ ، بۇ كىيىملەر بىلەن ئۇ تولىمۇ سۆلەتلىك ، سۈرلۈك بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ تاغدىن ـ باغدىن بىردەم پاراڭ سوقۇۋەتكەندىن كېيىن ، زىۋىدىخاننى "سىلىگە ئازراق گېپىم بار" دەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . سەلدىن كېيىن زىۋىدىخان ھويلىغا چىرايى تاتارغان ، لەۋلىرى لىپىلدىغان ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنىغان ھالدا قايتىپ كىردى . بۇنى كۆرۈپ ئايزۆھرە ھەيران قالدى

— نېمە بولدى ، زىۋىدىخاناچا ؟

— . . .

زىۋىدىخان ئايزۆھرەنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى . لېكىن "ساۋاب بولمىش تېخى !" دەپ غەزەپ بىلەن غۇدۇراپ بولۇپ ، ئايزۆھرەگە قارىمايلا :

— سىلىنى قىچقىرىدۇ ! — دېدى تەئەددى بىلەن ، — چىقىپ گېپىنى ئاڭلاپ كىرسىلە !

— نېمە دەيدىكەن ؟

— تاڭ ، نېمە دەيدىكى ، ئۆزىدىن سورىسىلا !

ئايزۆھرە بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، تالاغا چىقتى . ئۇنى ئايزىم بۇۋى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا دۈمچىيىپ قالغان بىر دوڭغاق ئۇرۇكنىڭ تۈۋىدە كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ بېھىش ـ دوزاخ ، ساۋاب ـ گۇناھ ، پىر ـ مۇخلىس ، ئەۋلىيا ـ بەندە ، تەڭرى ـ ئىنسان . . . ھەققىدە بىرمۇنچە ۋەز ئېيتقاندىن كېيىن ، ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمنى ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ

تەرىپلىدى . ئاندىن مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى . ئۇ ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمغا ئەلچى بولۇپ كىرگەنىدى .

بۇنى ئاڭلاپ ئايزۆھرەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، غەزەپتىن چاقنىدى . لەۋلىرى لىپىلداپ ، ۋۇجۇدى تىترىدى .

— كۆزى چۈشمىگەن مەن قاپتىمەنمۇ ئەمدى ! — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، خېنىم . ھاجىمنىڭ خوش كەلگەن ئادەم ـگ ـە كۆزى چۈشۈۋەرمەيدۇ . ئۇنىڭ سىلىگە نەزىرى چۈشكەنلىكى — ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەنلىكى .

— ھىم ، ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەنلىكمىش تېخى !

— مىڭ يىل ئىبادەت قىلغىنىمىز بىلەنچۇ خېنىم ، پىرىمىز رازى بولمىسا ، بەرىبىر دوزىخى بولۇپ كېتىدىغان گەپ . پىرىڭ رازى — خۇدا رازى ، دېگەن گەپ بار ـ يا ، خېنىم .

— ئۇ مېنىڭ پىرىم ئەمەس ! — دېدى ئايزۆھرە ھويلىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ، — مېنىڭ پىرىم — ئاللا . بېرىپ دەپ قويسىلا پىرلىرىغا !

ئايزىم بۇۋى نېمىلەرنىدۇر كوتۇلداپ قالدى .

ئايزۆھرە ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە كىردى ـ دە ، ئۆزىنى سۇپىغا دۈم تاشلاپ بۇق ـ بۇق يىغلاپ كەتتى ، خۇددى كىچىك بالىدەك .

” ئاھ ، مەن نېمىدېگەن شور پېشانە ـ ھە ! ؟ ياقۇپ بولغان بولسىمۇ بۇنداق كۈنلەرگە قالمايتتىم . . .“ ؛

” ئاھـ ، ياقۇپ ، جېنىم ياقۇپ . سىز نەدە ؟ ! سىز ھازىر نـەدە ! ؟ مـېـنى نېمىشقا ، ئىزدەپ كەلمەيسىز ؟ نېمىشقا زادى

نېمىشقا ؟ . . .» ؛

«ئەي ، كەرەملىك ئاللا ، سەندىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي ، مېنىڭ مىسكىن بېشىمنى سىلاشقا ، ماڭا شەپقەت ھەدىيە قىلىشقا چولاڭ تەگمىسە ، ياقۇپنى ـــ پەرىشتەمنى قېشىمغا ئەۋەتكىن ! . . .» .

گىرىمسەن ئۆينى ، زەرەپشان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى ئايزۆھرەنىڭ يىغىسى ، پىغانلىق يىغىسى قاپلىغانىدى .

زىۋىدىخان ئايزۆھرەنى قانغۇدەك يىغلىۋالسۇن ، ئوبدانراق ئويلىنىۋالسۇن ، دەپ ئۆيگە كىرمىدى .

ئايزۆھرە كىگىزنى مۇجۇپ ـ مۇجۇپ يىغلاپ ھارغاندىن كېيىن ، ساۋۇتخان ئىشان ھاجىم ھەققىدە زىۋىدىخاندىن ، كامالدىن ، كىشىلەردىن ، ئايزىم بۇۋىمدىن . . . ئاڭلىغانلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى :

مۇشۇ ئۆينىڭ ئارقىسى ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمنىڭ بېغى ئىدى . ئۇ تولىمۇ باي ، ئابرۇي ـ ئىناۋەتلىك ئادەم بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان ساددا خەلق ئۇنى «ۋاي ئىشان غوجام» ، «ۋاي ئىشان ھاجىم» دەپ قولىنى سۆيەتتى ، قەدەم تۇپىسىنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرەتتى . ئۇ شۇنداق باي ئىدىكى ، ئۈچ ئورۇندا پېشايۋىنىغا باسقۇچلۇق پەلەمپەيلەر ئارقىلىق چىقىپ ، دەھلىزلىك ئۆيلەرگە كىرىدىغان ، رىۋايەتلەردىكى شاھ قەسىرلىرىدەك بېزەلگەن قورۇسىدىن ئۈچى بار ئىدى . «مۇقىم مۇلۇك» ھېسابىدىكى خوتۇنىدىن ئىككىسى بار بولۇپ ، بۇلار تالاق قىلىنمايدىغان خوتۇنلار ئىدى . بۇلار ئىككى قورۇنى بېقىپ ، ھاجىمنىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈكلۈك ئىدى .ماۋۇ قورۇسىدا

ھاجىم" ھۆر-پەرى"لەر بىلەن جەننەت ھۇزۇرىنى سۇرەتتى .

ھاجىمنىڭ قويلىرىنى باقىدىغان مالچىلىرى ، كالىلىرىنى باقىدىغان ياۋاش پادىچىلىرى ، يەرلىرىنى تېرىيدىغان ئىشچان ، شۇكۇر - قانائەتچان يىللىقچىلىرى ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئىتائەتچان مۇخلىسلىرى ، خوتۇنلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان "ھېسسىياتسىز" سوپىلىرى بار ئىدى .ئۇ ، بۇ دەپىنە-دۇنيالارغا ئۆزىنىڭ" ئىلمى" ،" كەشپى-كارامەتلىرى" ،" ئالىم" ،" غوجام" "ھاجىم" ، "ئىشان" ، "پىر" ، "ئەۋلىيا"لىقى بىلەن ئېرىشكەنىدى .

ھاجىم شۇنداق ئەۋلىيا ئىدىكى ، بىر كۈنى ئۇ موللا سۇلتان ئىسىملىك بىر سوپىسىنى چارلۇق ، مومۇق ، چۆپ دېگەن يۇرتلاردىكى مۇرىتلىرىنىڭ قېشىغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئەۋەتىپتۇ . موللا سۇلتان بىر جاڭگاللىقتا كېتىۋاتسا ، توساتتىن ئۇنىڭغا بىر بۆرە ئېتىلىپ كەپتۇ . قورقۇپ كەتكەن موللا سۇلتان "ياپىرىم !" دەپ ۋارقىراپتۇ - دە ، ھوشىدىن كېتىپتۇ .

دەل شۇ چاغدا ھاجىم پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋاتقانىكەن . قۇلىقىغا سوپىسىنىڭ "ياپىرىم !" دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسا ، بىر بۆرە سوپىسى موللا سۇلتانغا ئېتىلىپ كېتىۋاتقۇدەك . ئۇ دەرھال قولىدىكى مىس ئاپتوۋىنى بۆرىگە قەھرى بىلەن بىر ئاتقانىكەن ، ئاپتوۋا بۆرىنىڭ بېشىغا تېگىپ يىقىلىپتۇ .

بىر چاغدا موللا سۇلتان ھوشىغا كېلىپ قارىسا ، يېنىدا بۆرە قانغا بويىلىپ ئۆلۈك ياتقۇدەك . ئاپتوۋا بۆرىنىڭ بېشىغا تەگكەن

پېتى تۇرغۇدەك . موللا سۇلتان ئاپتوۋىنى ئېلىپ شۇنداق قارىسا ،دەل پىرىنىڭ تاھارەت ئالىدىغان ئاپتوۋىسى...

ھاجىمنىڭ "ئەۋلىيا" لىقىغا ئىسپات بولىدىغان ۋە ئۇنى "ئەۋلىيالىق مۇقامى" غا يەتكۈزگەن بۇنداق يالغان - ياۋىداق ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ھاجىمنىڭ سوپى - قارىلىرى توقۇپ چىقىراتتى ۋە ئۇنى يۇرت-يۇرتلارغا تارقىتىپ ،ئۇنىڭ" كەشپى - كارامەت" لىرىنى تەشۋىق قىلاتتى . . شۇنىڭ بىلەن ھاجىمغا بولىدىغان مۇرىتلار — ئالدانغۇچىلار ، قاقتى - سوقتى قىلىنغۇچىلار كۆپىيەتتى .

ھاجىم پات - پات سوپىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ، يۇقىرىقىدەك "كەشپى - كارامەت" لىرى ئەڭ كەڭ تارقالغان يۇرتلارغا ، بولۇپمۇ ئىچكىرى تاغ - تۈزلەرگە خەلقنىڭ دىلىغا "ئىـ-ـمان" سالغىلى باراتتى . "ئىمان" سالغاچ ، "تەبلىغ" قىلغاچ مورىت قوبۇل قىلاتتى ، دۇئاگۇيلۇق قىلاتتى . ھەربىر دۇئاسى يەتتە - سەككىز قوي ، ئۈچ - تۆت كالا - قوتاز ، ئون - ئون بەش پارچە كىگىز ، بەش - ئالتە جۇۋا ۋە بىرمۇنچە يۇڭ - تېرە ، ئارغامچا - توقۇناق . . . لارغا توختايتتى . ھەتتا ھەربىر سەپىرىدە ئون تۆت - ئون بەش ياشلىق مەسۇم قىزلارمۇ دۇئاغا چۈشمەي قالمايتتى . بۇ قىزلار ھاجىمغا مەيلى سادىق بولسۇن ، مەيلى سادىق بولمىسۇن ، مىڭ قىلىپمۇ ھېلىقى ئىككى خوتۇندەك" مۇقىم مۇلۇك" قاتارىغا ئۆتەلمەيتتى . چۈنكى ئۇلار "غوجا ئەۋلادى" ئەمەس - تە ! ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ ئىدىكى بۇ قىزلار ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىدا پەقەت قورساق

كۆتۈرگىچىلا تۇرالايتتى . شۇنداق قورساق كۆتۈردىمۇ بولدى ، تالاق قىلىنىپ ، قورساقتىكى "غوجام" لىرنى كۆتۈرۈپ ، كەلگەن يېرىگە راۋان بولاتتى . مانا بۇ ھاجىمنىڭ نەسەب كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئىدى . . .

ئايزۆھرە دەل شۇنداق قىزلارنىڭ تەقدىرىنى تەكرارلاش ئالدىدا تۇراتتى .

ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە زىۋىدىخان كىردى . ئايزۆھرەنىڭ خىيالى شۇ يەردىلا قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ زىۋىدىخانغا قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان ، قاپاقلىرى ئىششىغان ، يۈز - كۆز ، چاچ - قۇلاقلىرىغا كىگىزنىڭ قىل - چۆپۈرلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى .

— بولدى ، يىغلىمىسىلا ، بالام ، — زىۋىدىخان ئۇنىڭ ياشلىرىنى يىرىك ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى . قىل - چۆپۈرلارنى بىرمۇ بىر تېرىپ ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى .

— زد ـۋد ـدد ـخ ـاناچا ، بۇگۈنلا بىزنىڭ نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇۋەتسىلە ! — دېدى ئايزۆھرە .

لېكىن بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تەگ - تەكتىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزى ئەمەس ئىدى .

ئۇنىڭغا باشقا تاللاش يولى قالمىغانىدى .

— رەھمەت ، قىزىم ، رەھمەت ! — زىۋىدىخاننىڭ كۆزىدە قۇياش پارلىدى ؛ غەم - غۇسسىلىرى گۇمران بولغان مىسكىن قەلبىدە قۇياش پارلىدى ؛ ئارزۇ - ئارمان دەرەخلىرى ئۈستىدە نۇرانە قۇياش پارلىدى .

## 11

كـــامال ئەتىسلا ئۈمەربايىنىڭ خوتۇنىغا مىڭ يالۋۇرۇپ، ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك خاڭدەن تاۋاردىن بىر كۆڭلەكلىك ئېلىپ كەلدى . ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۈمەربايغا بىر ئۆمۈر ئىشلەشكە رازى ئىدى .

كـەچـتـە زىۋىدىخان بىر قازان سۈيۈقئاش ئەتتى . كامال ئـۈمـەرباي ۋە يـۇرت مـۆتـىـۋەرلـىـرىـدىـن ئـۈچ ـ تـۆتـىـنى ئەھلىمەھەللىلەردىن بەش ـ ئالتە كىشىنى چاقىرىپ كەلدى .

نىكاھ ئوقۇلدى . مۇڭلۇق قىرائەت ئايزۆھرەنىڭ يۈرىكىنى جـىـغـىـلـدىـتـىـپ ، ۋۇجۇدىنى قاراسلاتتى ؛ مۇڭلۇق قىرائەت ئايزۆھرەنى يېڭى بىر غەم ـ تەشۋىشكە تۇتقۇن قىلدى :

”شـۇ كـۈنـى زىـۋىـدىـخاناچامنى مەن بىر ئەرگە تېگىپ ئـاجـرىـشـىـپ كەتكەن ، ماجىڭسا دېگەن پاخشەك خوتۇنلۇقىا ئـالماقچى بولاپتى (بۇ راست) ئۆيدىن قېچىپ چىققان ، دەپ ئـالـداپ قويسامۇ بولاپتىكەن ، ۋاي خۇدايىم ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ شۇنداق دەپ قويغان بولسام ، كامالنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولاركەن . ۋاي خۇدايىم ـ ۋاي خۇدايىم ! . . . ئۇ ئەمدى نېمىدەپ قالار ـ ھە ؟ قىز بالامەن دەيتتىڭىز دەپ . . . ئۆيدىن قـوغـلاپ چىقىرارما ؟ . . . خۇش بولاپ خوتۇن قىلسا قىلار ، بولمىسا . . . تەۋەككۈل ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن . . .“

ئايزۆھرە ئەنە شۇنداق تەۋەككۈل قىلىپ ، ئۆزىگە تەسەللى بەرگىنى بىلەن ، يەنىلا ئىچكى ئازابتىن ، تەشۋىش ـ ئىزتىراپتىن

خالىي بولالمىدى .

”ھۆ ، مەلئۇنلار ، ھەممىسى سەنلەرنىڭ كاساپىتىڭ ! پۈتۈن ئـائـىـلـىـمـىـزنـى ، سـۆيـگـۈ - مـۇھەببىتىمىزنى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى ، بەخت-تەلىيىمىزنى سەنلەر ۋەيران قىلمىشتىڭـ يا ؟ ! خەپ ! . . .“

ئايزۆھرە شۇنداق خىياللار ئىسكەنجىسىدە قىسىلىپ تۇرۇپ تۇزغا چىلانغان ناننى يېدى . ئۇنىڭ ئاغزى شۇنداق ئاچچىقلىشىپ كەتكەنىدى ، خۇددى يۈرىكىدەك . بۇ ، ئايزۆھرەنىڭ بۇ ئائىلىگە كەلگىنىنىڭ دەل يىگىرمىنچى كۈنى ئىدى . نېمىدېگەن تېز - ھە ؟

ئـۆي غـۇۋا يـورۇپ تـۇراتتى . ئايزۆھرە بېشىنى سىلىپ يىغلاۋاتاتتى . كامال بولسا ئۇنىڭ يىغىسىغا تەبىر بېرەتتى :

”نازلىنىپ يىغلايدۇ ، قايسىبىر قىز توي كۈنى نازلىنىپ يىغلىمايدۇ ؟“

ئەمما ، ئايزۆھرە نازلىنىپ ئەمەس ، ئازابلىنىپ يىغلايتتى ؛ ئـۇ ئـۆتـمۈش ئۈچۈن ئازابلىنىپ يىغلايتتى ؛ ھازىرى ئۈچۈن ئازابلىنىپ يىغلايتتى ؛ كەلگۈسى ئۈچۈن ئازابلىنىپ يىغلايتتى ؛ قەلـبـىـدىـكـى نۇرانە كۆلەڭگىنىڭ مەڭگۈلۈك غايىب بولۇپ كـېـتـىـشـىـدىن قورقۇپ يىغلايتتى ؛ بۇ نۇرانە كۆلەڭگىنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ ، لەۋ تەگلىشىدىن قورقۇپ يىغلايتتى !

”يـاقـۇپ ، بـۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق ، جېنىم ، مەن ئامالسىز قالدىم . مېنى كەچۈر ، مېنى كەچۈرگىن ، جېنىم ! مەن يەنىلا سېنى سۆيىمەن ، مەڭگۈ سۆيىمەن ! . . .“

كـامـال ئـايـزۆھرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئازابلىق

خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى . ئايزۆھرە قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى . بىراق كامال يەنە تۇتۇۋالدى . ئۇ ئايزۆھرەنىڭ ئالىقىنىنى تارتىپ ئەكېلىپ يۈزىگە سۈركىدى . ئۇنىڭ ئالىقىنى شۇنداق يۇمشاق ئىدى ، خۇددى پاختىدەك ؛ ئۇنىڭ ئالىقىنى شۇنداق قايناق ئىدى ، گوياكى دەزمالدەك . يۇمشاق ، ئوت ـ ئاتەش بۇ ئالىقان كامالنىڭ يۈرىكىنى "پىژژىدە" كۆيدۈرۈپ پۈتكۈل ھۇجەيرىلىرىنى تىترىتىۋەتتى . ئايزۆھرە يانغا قارىۋالغانىدى .كامال ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ ، بېلىدىن قاماللاپ تۇتتى ـ دە ، باغرىغا باستى . ئايزۆھرە پىلتىڭلىدى ، يۇلقۇندى . ئۇنىڭ بۇ پىلتىڭلاش ، يۇلقۇنۇشلىرى ئاخىر ھاياتىي كۈچىنى يوقاتتى . ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئەمەس . كامال سول قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ، ئوڭ قولىدا كەھرىۋادەك سۈزۈك بوينىنى تولغاپ ، لېۋىگە لەۋ باستى . ئۇنىڭ تەشنا ، چاڭقاق لەۋلىرى ئايزۆھرەنىڭ يۇمران ، ئەمما چوغدەك سوغۇق ، جاھىلانە لەۋلىرىگە شۇنداق چىڭ يېپىشىدىكى ، ئۇنى بىر پەس تىنىۋېلىشقا ئىمكان بەرمىدى ، لېۋىدىكى قوقاقنىڭ ئاغرىپ كېتىشىنى ، چىشىنىڭ قاناپ كېتىشىنىمۇ سەزمەيتتى . ئۇ بەختىيارلىق ئىلكىدە پىچىرلىغاچ سۆيەتتى ، سۆيگەچ پىچىرلايتتى :

"بىز . . . بىز نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە ، جېنىم ! ؟ . . ."

ئەمما ، ئايزۆھرە ئۇنداق پىچىرلىمايتتى :

"ئاھ ، خۇدا ، مەن نېمىدېگەن بەختسىز ـ ھە ؟ ! . . ." ؛

"ئاھ ، ياقۇپ ، سىز ھازىر نەدە ؟ بۇ كامال بولماي ، سىز بولغان بولسىڭىزچۇ ! سىز بولغان بولسىڭىز ! . . . سىز بولغان

بولسڭىز . . .“

ئايىزۆھرەنىڭ بارلىق ھېسسىياتى ھوشسىزلانغان ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۇگە - ئۇگىلىرىگە مۇزدەك سوغۇق ئېقىمنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى .

ئەمما ، كامالنىڭ بەدەن ئېرىقلىرىغا ئايزۆھرەنىڭ ھېسسىياتسىز لەۋلىرىدىن قايناق ھارارەت ، باھاردەك ئىللىق تۇيغۇ ، بالدەك تاتلىق سېزىم شىددەت بىلەن يامراپ كىرىپ ، ۋۇجۇدىنى سېھىرلەپ ، مەستخۇشلۇق ئىلكىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى پىچىرلىتاتتى :

” پاك مۇھەببەتنىڭ ھالال مېۋىسى نېمىدېگەن شېرىن - ھە !“

كامالنىڭ بەختلىك ، ئايزۆھرەنىڭ مۇھەببەتسىز ، ئەمما خاتىرجەم ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى . ئايزۆھرە كامالدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى . چۈنكى ئۇ ئايزۆھرەنى قىينايدىغان ، خىجىل قىلىدىغان ، نومۇسقا ئۆلتۈرىدىغان ، رەزىل كېچىنى ئەسلىتىدىغان گەپلەرنى قىلمىغان ، ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزغىن ، تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئايزۆھرەنىڭ قەلبىدە كامالغا بولغان ھۆرمەت كۈۋەجەشكە باشلىغانىدى . بۇ ھۆرمەت تۇيغۇسى كۈۋەجەپ - كۈۋەجەپ ئاخىر مۇھەببەتكە ئايلىنىپمۇ كېتەرمۇ ؟

” شۇنداق بولار ئىلاھىم !“

بۇ ئايزۆھرەنىڭ تىلىكى ئىدى . چۈنكى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشنىڭ نەقەدەر ئازاب ، نەقەدەر زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى .

ئەپسۇسكى ، ئايزۆھرەنىڭ بەكمۇ تېز باشلانغان كۆل سۈيىدەك تىنچ ، شاۋقۇن - سۈرەنسىز ، خاتىرجەم ھاياتى ئەنە شۇنداق تېز ئاخىرلاشتى . ئۇنىڭ بۇ تىنچ ، غەمسىز ھاياتى ئارانلا يىگىرمە كۈن داۋاملاشقانىدى ، شۇنداق ، ئارانلا يىگىرمە كۈن داۋاملاشتى ! چۈنكى ئۇ بويىدا قالغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى . بۇ ھال ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلدى ، تىنچلىقىنى بۇزدى . ئاچچىقىنى قوزغاپ ، تېخىمۇ خىيالچان قىلىپ قويدى . خۇداغا شۈكۈر ، ھەرنىمە بولسا ئۇنىڭ سېزىكى قاتتىق ئەمەسكەن ، ھېچكىمگە سەزدۈرمەيلا سېزىك داۋىنىدىن تېز ، ئاسان ئۆتۈپ كەتتى .

كامال كېيىنچىرەك ئايزۆھرەنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تېرىسىگە سىغماي قالدى . كۆكرىكى يۈرىكىگە تارلىق قىلدى . بەختىيارلىق ھېسلىرىغا چۆمكىلىپ تېخىمۇ جۇشقۇن ، تېتىك ، روھلۇق بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىسىغا چىقىپ : ”مەن دادا بولدۇم ! . . . مەن بەختلىك ، بىلىپ قېلىڭلار خالايىق ، مەن بەختلىك ! . . .“ دەپ ۋارقىرىغۇسى ، ئايزۆھرەنى بويىنىغا مىندۈرۈپ ، شەھەرمۇشەھەر ئايرىپ كۆڭلىنى ئاچقۇسى كېلەتتى .

كامال ئايزۆھرەنى بار ۋۇجۇدى بىلەن سۆيەتتى ! ئۇنىڭ ئۇچۇن كېچىلىرى ئايزۆھرەنىڭ دۈمبىسىنى قۇچاقلىتىپ يېتىشمۇ بىر خىل مۇھەببەتلىك سۆيۈش ئىدى ؛ چالا ئۇيقۇلۇقتا ياقۇپنى قۇچاقلىدىم ، ياقۇپنى سۆيدۇم ، دەپ كامالنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ سېلىپ ، قۇچاقلاپ سۆيگىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە كامال ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپلا ئارقىسىنى قىلىپ ، ھەسرەتلىك

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ يېتىپ كېتىشلىرىمۇ بىر خىل مۇھەببەتلىك سۆيۈش ئىدى ؛ ھېس ـ تۇيغۇسىز ، بۇتسىمان تېنىنى ئۇنسىز تەقدىم قىلىشمۇ بىر خىل مۇھەببەتلىك سۆيۈش ئىدى !

كامال سۆيۈلۈشتىن ئەمەس ، سۆيۈشتىن مەھرۇم قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى ! سۆيۈش ـ سۆيۈلۈشكە تەشنا ئىدى !

ئايزۆھرە بولسا ، سۆيۈلۈشتىنمۇ ، سۆيۈشتىنمۇ ئۆلگۈدەك قورقاتتى !

ئەمما ، ئۇ ياقۇپنى سۆيۈشكە شۇنداق تەشنا . لېكىن سۆيۈلۈشتىن قورقاتتى ! چۈنكى ئۇ ياقۇپنىڭ سۆيۈپلا نەپرەتلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى !

ئەپسۇسكى ، ئايزۆھرە ياقۇپنى سۆيەلمىسىمۇ ، سۆيۈشتىن ئىبارەت ئۇمىد ـ ئىستەك چىرىغىنى قورسىقىدىكى ھامىلە پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇ ئويغا پاتقانىدى :

”خورلاندىم ، دەپسەندە قىلىندىم ، بۇلغاندىم ،شەرمەندىلەرچە قورساق كۆتۈردۈم .ئەمدى مېنىڭ ياقۇپقانېمەكېرىكىم ؟ . . .“

”كامال ماڭا ئۆزىنى بېغىشلاۋاتسا . . . بولدىلا ، ياقۇپنى ئۇنتۇپ ، بارلىق مۇھەببىتىمنى كامالغا بېغىشلايچۇ ! ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۇنكى ئۆپكە ئەۋزەل ئەمەسمۇ ! . . .“ .

شۇنداق قارارغا كەلدى ـ دە ، كامالغا كۆيۈنۈشكە ، تەلپۈنۈشكە ، سۆيۈشكە ، مۇھەببەت ئاتا قىلىشقا تىرىشتى . ئەمما ، كامالغا كۆيۈنەلىدى ـ يۇ ، تەلپۈنەلمىدى ، سۆيەلمىدى ، مۇھەببەت ئاتا قىلالمىدى . تەلپۈنگىنى ، سۆيگىنى ، مۇھەببەت

ئاتا قىلغىنى پەقەت ۋە پەقەت ياقۇپ ئىدى . چۈنكى ئۇ ياقۇپنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇيالمىغان ، ئۇنتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى قەلبىدىكى ياقۇپنىڭ كۆلەڭگىسى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىپ ، پۈتكۈل ئوي - خىيالىنى ئىگىلەپ كەتكەنىدى .

گەرچە ياقۇپنى ئۇنتۇپ كېتەلمىسىمۇ ، لېكىن كامالنى ياخشى كۆرەلىگەن ، سېغىنالىغانىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە دوستانە ياخشى كۆرۈش ، دوستانە سېغىنىش بولۇپ ، ئايزۆھرە بۇنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا "بۇ مۇھەببەت" دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئالداشقا ئۇرۇناتتى . بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە ئالداش - ئالدىنىش ئىدى ؛ بۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك ئالداش - ئالدىنىش ئىدى ؛ بۇ تولىمۇ ئازابلىق ئالداش ، ئالدىنىش ئىدى !

زىۋىدىخان بولسا ، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغمايلا قالغان ئىدى . ئۇ ئايزۆھرەنى ھېچبىر ئىشقا يېقىن يولاتمايتتى . ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ ھەممە ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى . ئاغزى بېسىقمايتتى :

— يۈدىمىنى قويسىلا ، سۈنى ئۆزۈم ئەكېلىمەن !

— قازان قېشىغا بارمىسىلا ، ئۆزۈم چۈشۈرىمەن !

— . . .

بىراق ئۇ ئايزۆھرەنىڭ تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۆگزىلەردىن ، يارلاردىن سەكرەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ؛ قورام تاشلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيەردىن - بۇيەرگە يۆتكەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ؛ ئىشكىنىڭ ئۈستۈن بوسۇغىسىغا ئۇسۇۋېرىپ ، چوقىسىنىڭ ئىششىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى ؛ ئۆزىنىڭ شادلىقلىرىغا ھەمشىرىك بولالمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ؛

دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ناپاك قېنىنى قورسىقىدا ساقلىغۇسى، ئىككى قولى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغان بىر خۇنخورنىڭ پۇشتىنى ھالال قېنى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئەسلىدە پاك يارالغان بۇ دۇنياغا ستەمكار مەلئۇندىن يەنە بىرنى ئاپىرىدە قىلغۇسى يوقلۇقىنى، بۇ دۇنيانىڭ پاك، مۇنبەت تۇپرىقىدا يەنە بىر تال شۇمبۇينىڭ ئۈنۈپ ـ كۆكلىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى!

چۈنكى بۇلارنى ئايزۆھرە بىلدۈرمەيتتى.

بىراق بۇ تۆرەلمە خۇددى ئايزۆھرە بىلەن قېرىشقاندەك، چۈشۈپ كەتكىلى زادىلا ئۇنىمايۋاتاتتى.

”خۇدايىمنىڭ ماڭىمۇ رەھمى كېلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن، دەپ خۇش بولاپ يۈرۈپتىمەن تېخى، ئىسىت!... بۇ خۇدايىمنىڭ مېنى جازالىغىنى بولماي نېمە؟! مېنى بۇ نامرات ئەمما مېھرىبان ئائىلىگە ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ قويغان ھاياتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس شاماللىرىغا رەھمەت ـ تەشەككۇر ياغدۇرۇپ يۈرۈپتىمەن تېخى، ئىسىت ـ ئىسىت، ئېيتقان رەھمەتلىرىم! ئاھ، مېنىڭ پېشانەم نېمانچە تەتۈر ـ ھە؟! مەن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى، سۆيۈشى بىلەن ئەمدىلەتىن بەختىمنى تېپىشقا باشلىغانىدىم، 40 كۈنلۈك ئەركىن ـ ئازادىلىك مەن ئۈچۈن نېمانچە ئاز؟ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئۈمىد يۇلتۇزۇم جىمىرلاشقا باشلىغان، ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت بېغىشلاشقا تىرىشىپ يېتىملىكىمنى، ئاجىزلىقىمنى ئۇنتۇغان، مېھىرلىك قەلبىدىن قەلب يارىلىرىمغا دورا ـ مەلھەم ئېلىپ، چۈشكۈن روھىمنى ھاللاندۇرغانىدىم. ئەمدىچۇ؟...

ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا ئالدىراپ توي قىلدىم؟ نېمىشقا ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا مۇھەببەت بېغىشلاشقا زورلاپ، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلاپ ئالدىدىم؟ بىلىمەن، ياسالما بولسىمۇ، بۇ مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى. شۇنچىلىكلا بىر ياسالما بەختىمنىڭمۇ ئۆمرى شۇنچە قىسقا بولسا ــ ھە؟ بۇنى بىلگەن بولسام، بۇ ئۆيگە كىرمەسكەنمەن. كىرگەندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنچىلا ئالدىراپ توي قىلماسكەنمەن. توي قىلغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن (توي قىلمايمۇ ئامالىم يوقتى)، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ دىلىم ئازار يېمىدى، يۈرىكىم ھاقارەتلەنمىدى، قەلبىم خورلانمىدى، ئەكسىچە، جاراھىتىم قېتىشتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي!... ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، ناھايىتى 20 كۈنلا كېچىكىپ توي قىلغان بولسام، ئىشىم ئوڭدىن كېلەركەن ــ دە، كۆزۈمنى چورتلا يۇمۇپ، ئۆيدىن غىپلا چىقىپ كېتەركەنمەن. ئۇنىڭغىچە ساۋۇتخان ئىشان ھاجىم مېنى بۇلاپ ئەكەتمەستى. ئىسىت ــ ئىسىت!...»

ئۇنىڭ قەلبىدە ئازابلىق خىيال قوزغىلىۋاتاتتى: ئۇنىڭ قەلبىدە ئازابلىق، ھەسرەتلىك سوئال قوزغىلىۋاتاتتى:

«ئۆمرۈم پۇشايمان، ھەسرەت ــ نادامەت بىلەنلا ئۆتۈپ كېتەمدىغاندۇ مېنىڭ؟ بارلىق كۈلكەم بىلەن تامچە يېشىمنى گىرغا سالىدىغان بولسا، چوقۇم بىر تامچە يېشىم بېسىپ كېتىدۇ. يېشىمنىڭ ۋەزنى نېمانچە ئېغىر!؟... ئەمدى قانداق قىلاي؟...»

ئايزۆھرە قارار چىقاردى:

”خەير ، بولاپتۇ . بۇ شۇمنى تىرىك تۇغساممۇ تۇغاي . تىرىك تۇغۇپ بولۇپ ، ئاندىن گېلىنى بوغاي ! ئۇنى چۈشۈرۈۋېتكەندىن كۆرە ، هايات تۇغۇپ ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكىنىم مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ ! كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، هاياتقا ئىنتىلىپ تۇرغان تىرىك بىر جاننى ئۆلتۈرسەم ، ئاندىن ھەقىقىي ئادەم ئۆلتۈرگەن — قىساسىمنى ئالغان بولمايمەنمۇ ! ؟ . . .“

ئايزۆھرە شۇنداق قارارغا كېلىپ ، خاتىرجەم بولدى . بىراق بۇ خاتىرجەملىكى يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى :

”بوۋاق يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ، ئۇنى قانداق ئۆلتۈرۈش كېرەك ؟ بوغۇش كېرەكمۇ ؟ دېمۇقتۇرۇش كېرەكمۇ ؟ ئاچ قويۇش كېرەكمۇ ـ يا ؟ . . .“

تىنىمسىز خىيال يۈرىكىنى غاجايتتى :

”قېچىپ كېتەيمۇ ـ يا ؟ قېچىپ كەتسەم ، يەنە نەلەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولاپ يۈرەرمەن ؟ سەرسانلىق هاياتىنىڭ دىشۋارلىقىنى ئۆزەم تېتىپ كۆردۈم ئەينا . يەنە كىملەرگە بويۇن قىسىپ يېلىنىپ ، تەلمۈرۈپ يۈرەرمەن ؟ يەنە قايسى بۆرە ـ قاۋاننىڭ تاپىنى ئاستىدا خورلىنىپ ، پايخان بولارمەن ؟ قايسى ئۈيداڭ ـ چوڭقۇردا ، قايسى تاغ ـ ئۆڭكۈرلىرىدە ، كىملەرنىڭ ، قايسى ئېغىل ـ سامانلىقلىرىدا ئىت ـ مۈشۈكتەك يەڭگەرمەن ؟ تۇغۇتتىن سالامەت قوپۇش — دۇنياغا يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ ؟ چوپانغا كەتسەمچۇ راست ؟ ياق ، چوپانغا بېرىپ ، ماجىگسا پاخشەككە خوتۇن بولغۇچە . . . بولدىلا ، ئۆلسەممۇ ـ كۆپسەممۇ ، كامالنىڭ ئۆيىدە بولاي ئەمدى . . .“

ئايزۆھرە قارارىنى شۇنداق پۈتكۈزۈپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم

بەردى :

”خەپ ، توختاپتۇر ، شۇم ! سېنى ئاۋايلاپ تۇغۇپ ، گېلىڭنى بوغۇپ ئىتقا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام ، دادامنىڭ بالىسى ، ئاكامنىڭ سىڭلىسى بولماي كېتەي !“

## 12

ئاسمان ئوپئوچۇق ، سەھەر ھاۋاسى تازا ئىدى . سېرىق قۇشقاچ ، تۇرالغۇ ، سوپىسوپىياڭ ، تومۇچۇق ، كاككۇك . . . لارنىڭ يېقىملىق ، شوخ ناخشىلىرىغا دەريا پەس ئاۋازدا ساز چېلىپ ، زەرەپشان ۋادىسىدا يازنىڭ بىر خىل ئېزگۈ سىمفونىيىسىنى ئورۇنداۋاتقاندا ، زىۋىدىخان قازانغا سىقماق سىقمۇاتاتتى . ئايزۆھرە كاۋا باراڭلىرى ئاستىدىكى سۇپىدا يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ، تەبىئەتنىڭ بۇ ھاياتبەخش كۈيلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى . توساتتىنلا تۆرەلمە خۇددى ئايزۆھرە بىلەن ئۆچەكەشكەندەك قاتتىق تەۋرەپ كەتتى . ئۇنىڭ تەۋرەشلىرى بۈگۈن باشقىچە كۈچلۈك ئىدى : ئايزۆھرەنىڭ قورسىقىغا زۇلۇم بىلەن تېپەتتى . ئايزۆھرە تۆرەلمە ھەربىر تەۋرىگەندىكى ئادىتى بويىچە ئۇنى تىللاشقا باشلىدى :

”ھۇ ، ئىتنىڭ كۈچۈكى ! نەدە ماراپ تۇرغان شۇم بولغىيتتىڭ سەن ؟ ! قورسىقىمغا يېلىمدەك چاپلىشۋالغىنىڭنى قارا ، خۇددى مەندە ئاناڭنىڭ ھەققى باردەك ! . . .“

ئايزۆھرە ئاللاغا ئەڭ قىيىن سوئاللارنى قويۇپ ئۆكسۈيتتى :

” ئاھ ، خۇدا ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ! بۇ مۇناپىقنىڭ كۆچۈكىنى قورسىقىمدا نېمىشقىمۇ ئاپىرىدە قىلغانسەن ـ ھە ؟ سېنى ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى دەيمىز ، نېمىشقا مېنىڭ يىغا ـ زارلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭ ؟ نېمىشقا دەرد ئەلەم ، خورلۇق ـ رىيازەتلىرىمنى كۆرمىدىڭ ؟ سېنى مېھرىبان شەپقەتلىك دەيمىز ، نېمىشقا مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنى قوبۇل قىلىپ ، شەپقەت يامغۇرۇڭنى چاچمىدىڭ ؟ سېنى باغرى يۇمشاق ، رەھىمدىل دەيمىز ، نېمىشقا ماڭا رەھىمىڭ كېلىپ ، ناتىۋان بېشىمنى سىلىمىدىڭ ؟ سېنى ئەدلى ـ ئادالەتلىك دەيمىز ، نېمىشقا ھەمىشەم زالىمنى مۆمىنگە ، يامانىنى ياخشىغا ، مەككارنى ناتىۋانغا قوشلاپلا تۇرىسەن ؟ سېنى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغۇچى دەيمىز ، نېمىشقا مېنىڭ باھار پەسلىمنى ، گۈزەل ۋەسلىمنى ، يۇمران گۈل ـ چىمەنلىرىمنى ، غۇبارسىز ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ، پاك قەلب تىۋىشلىرىمنى ، قايناق سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمنى بىرنەچچە پاسىق ـ گۇمراھ بەندىلەرنىڭ قەستىدىن ساقلاپ قالالماي ، ھەممىنى بىر يولىلا گۇمران قىلدىڭ ؟ ئادەمنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغان يېرىڭ شۇكى ، دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا مېنى ئاياغ ئاستى قىلدۇردىڭا تېخى ؟ بۇنى ئاز دەپ ، قورسىقىمدا ئۇنىڭ پۇشتىنى ئاپىرىدە قىلىپ قويغىنىڭ نېمىسى ! ؟ سېنىڭ ئادالەتلىكىڭ ، مېھرىبانلىقىڭ ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشىڭ شۇمۇ ؟ . . .“

ئايزۆھرە بۇقۇلداپ ـ بۇقۇلداپ يىغلايتتى ؛ تېلىقىپ ـ تېلىقىپ يىغلايتتى ؛ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى ! . . .

— ئايزۆھرە ، ئاش ئىچسىلە ، بالام .

ئايزۆھرە ئازابلىق خىياللىرىنى توختىتىپ ، كۆز ياشلىرىنى چاندۇرمايلا سۈرتتى . ئاندىن ئالدىرىماي ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخانغا كەلدى . ئۇ غورا سېلىنغان سىقماقنى كۆڭلى غەش ھالدا ئىچمۇېتىپ ، بىردىنلا يايلاقتا قوي بېقىۋاتقان كامالنى ئەسلەپ قالدى .

"كامال بولغان بولسىمۇ . . . بىچارە ، نەلەردە قۇرۇق نان غاجاپ يۈرۈيدىغاندۇ . . ."

بىردىنلا كامالغا بولغان سېغىنىشنىڭ ئورنىنى ياقۇپ ئىگىلەپ كەتتى .

"ياقۇپ ، سىز ھازىر نەدە؟ نېمىشقا كەلمەيسىز؟ بىر كېلىڭ ، جېنىم ، مېنى ئېلىپ قېچىڭ ، يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ قېچىپ كېتىڭ . دوزاختا باشلىسىڭىزمۇ ماقۇلمەن سىز بىلەن . . ."

ياقۇپ — ئۇ ھازىر نەدىكىن؟ قاچان كېلەركىن؟ كەلسە ، ئۇنى ئېلىپ قاچارمىكىن ياكى تاشلاپ قاچارمىكىن؟ بىلمەيتتى .

ئۇ ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ ، بايىقى ئورنىغا بېرىپ يوتقان-كۆرپىلەرگە يۆلەندى . سېغىنىش ھېسلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەدەپ كۆيدۈرۈۋاتاتتى . ئۇ ياقۇپنى شۇ دەرىجىدە سېغىنغان ئىدىكى ، ئۇ قېشىدا بولىدىغان بولسا ، ئىزانى قايرىپ قويۇپ ، بويۇنلىرىغا چىڭگىلەكتەك ئېسىلىپ تۇرۇپ يۇمشاق ، ئوتلۇق ، تاتلىق لەۋلىرىگە تەلۋىلەرچە ئېچىرقاپ سۆيۈپ كېتەتتى . باغرىدا بەھۇزۇر يايراپ ، قوڭۇر چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئاشىقلارچە پاك ھېسسىيات بىلەن مۇڭدىشاتتى .

”ئاھــ ، شـۇنـداق قـىلــىش مۇمكىن بولارمۇ ؟ شۇنداق خاسىيەتلىك كۇنلەر يەنە كېلەرمۇ ! ؟ . . .“

بـوۋاق 8 ـ ئـايـنـىــڭ ئاخىرلىرىدا يورۇق دۇنيا بىلەن دىدارلىشىپ ، تۇنجى ھاياتلىق ناخشىسىنى باشلىۋەتتى . بوۋاق بۇ يـاڭـراق ھـايـاتـلـىـق ناخشىسى ئارقىلىق مومىسىنىڭ ئارمان دەرەخلىرىنى بىردىنلا شىددەت بىلەن كۆكلىتىپ ، شىددەت بىلەن چـېـچەك ئاچتۇرۇپ ، ئانىسىنىڭ پوتەك ـ پوتەك يارا باسقان يۈرىكىنى تاتىلاپ تۈز سەپتى ، جىجىپ ـ جىجىپ ئازابلىدى ، خۇددى يىگىنىدە جىجىغاندەك ؛ بوۋاق بۇ ئىلھامبەخش كۈيلىرى ئارقىلىق مومىسىنى بەختىيارلىق ھېسلىرىغا چۆمۈلدۈرەلىگىنى بىلەن ، ئانىسىنى چۆمۈلدۈرەلمىدى ؛ بوۋاق بۇ ھاياتبەخش كۈيى ئـارقــىلىق مومىسىنى چوكۇلدىتىپ سۆيدۈرەلىگىنى ، باغرىغا تېڭىنالىغىنى بىلەن ئانىسىنى بىرنىمۇ سۆيدۈرەلمىدى . باغرىغا تېڭىنالمىدى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرى مومىسىنىڭ مېھرلىك ، ئانىسىنىڭ قەھرلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى .

ئايزۆھرە بوۋاققا سىنچىلاپ قارىدى : بوۋاق قەۋەتلا سەت ئىدى . ساپسېرىق ، يۇپيۇمىلاق كۆزلىرى بوزكۆك ، قاپاقلىرى پۇتەي ، بۇرنى پاناق ۋە ئۇچى ئىلمەك . . .

”دەل ئۆزى شۇ ئىتنىڭ پۇشتى ! . . .“

— بالىغا ئەمچەك سالسىلا ، بالام ، دېمىسەممۇ مۇنداق .

ئايـزۆھرە زېۋىدىخانىنىڭ قادىلىپ تۇرۇپ زورلىشى بىلەن بوۋاققا ئەمچەك سالدى . بوۋاق ئەمچەكنى ئاغزىغا ئېلىپلا ئۇنىڭ سـۇتــىـنــى ئاچ كۆزلەرچە شوراشقا باشلىدى ، خۇددى يېشىغا تېگىپ ، ئاچ قالغان بالىدەك .

”ماۋۇ ئىتنىڭ بالىسىغا يەنە سۈت بېرىۋاتىمەن – يا، مەن؟...“؛

”دادا، ئاكا، روھىڭلار قورۇنۇۋاتامدۇ؟ غەزەپلىنىۋاتامدۇ؟ مەن خۇش بولاي، مېنى قارغىماڭلار! مېنى كەچۈرۈڭلار! مېنى مۇشۇ بىر قېتىملا كەچۈرۈۋېتىڭلار! مانا هازىرلا، هازىرلا كېلىنى بوغۇمەن بۇ شۇمنىڭ!...“

سەۋر – تاقىتى چېكىگە يەتكەن، غەزەپ – نەپرىتى قايناپ تاشقان ئايزۆھرە بوۋاقنى بوغماق بولۇپ قولىنى ئۇنىڭ گېلىغا ئاپاردى. ئاپاردى – يۇ، يۈرىكى ”پىژژىدە“ قىلىپ، دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۇت – قولى تىترەپ، ”لاسسىدە“ بوشىشىپ كەتتى. بوۋاق گويا: ”ئۆز بالىسىنى ئۆزى بوغىدىغان ئىش نەدە باركەن؟ يامان بولساڭ بىر بوغۇپ باقە قېنى!“ دەپ تەنبىھ بېرىۋاتقاندەك، ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك غەمسىز، مەغرۇر قاراپ تۇراتتى.

”بۇ شۇمنى بوغۇشنىغۇ بوغارمەن، بىراق ساپساقلا تۇغۇلۇپ، بىر ئوبدانلا ئېمىۋاتقان بالىنى ئۆلۈپ قالدى دېسەم، كىممۇ ئىشىنىدۇ؟...“؛

”قېنى، بىر – ئىككى كۈن ئۆتۈپ باقسۇن، بىر گەپ بولار. خۇدايىم ئۆزى بىر يول كۆرسىتەر“.

ئۇ شۇنداق ئويلاپ قولىنى يىغىۋالدى ۋە بوۋاققا ئەمچەك سالدى.

ئايزۆھرە بوۋاققا يەنىلا سىنچىلاپ قارىدى: بوۋاق قەۋەتلا چىرايلىق ئىدى. بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، ياقۇت لەۋ، قىرلىق بۇرۇن...

”دەل ئۆزى مەن!، ياق، مەن ئەمەس، ئۇ! نەرى چىرايلىق

بۇ شۇمنىڭ؟ . . .»

ئۇ شۇنداق پىچىرلىدى، لېكىن بوۋاقنىڭ چاپىقىنى ئاۋايلاپ ئېيتتى.

ئايزۆھرەنىڭ ئوي ـ خىيال، ھېس ـ تۇيغۇلىرى كۆنسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بالىسى كۆزىگە بىردە چىرايلىق، ئوماق، مېھىرلىك كۆرۈنسە، بىردە سەت ـ بەتبەشىرە، يىرگىنىشلىك كۆرۈنەتتى. يۈرىكى بىردە بالىسىدىن سۆيۈنۈپ سوقسا، بىردە نەپرەتلىنىپ، سەسكىنىپ سوقاتتى. قىساس ئېلىش ئىستەكلىرى، كامالغا بولغان، ياق، ياقۇپقا بولغان مۇھەببەت، تەلپۈنۈش، سېغىنىش، بالىسىغا بولغان مېھىر، ھېرىس، ياق، بوۋاققا بولغان نەپرەت، يىرگىنىش . . . قەلبىدە كۆۋەجەيتتى، خۇددى زەرەپشان كەلكۈنلىرىدەك. بۇ ئەبجەش تۇيغۇلار ئۆزئارا كۆرەش قىلىپ، ئۇنى بەختىيارلىق ھېسلىرىغا ئورايتتى، يۈرىكىنى قىچىقلاپ كۆلدۈرەتتى، تاتىلاپ قانىتاتتى. تىنچلىقىنى بۇزۇپ، تېپىرلايتتى. پولاتتەك ئىرادىسىگە قۇيۇچ باغلايتتى. چىناردەك قەسىمىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىپ لىڭشىتاتتى.

ئايزۆھرە بەزىدە ياقۇپتىن باشقىنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلاتتى. چۈنكى تۇنجى مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئالەمچە بەخت ئاتا قىلغانىدى. لېكىن ئۇ كامالنىڭ نىكاھلىق خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئويلىسا ياكى بالىسىغا قارىسا، بالىسىغا قاراپ پاجىئەلىك كۆنلەرنى، رەزىل كېچىنى ئەسلىسە، بەختسىزلىك بىلەن بەخت ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قالاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىگە كېسىپ ھۆكۈم قىلالمايتتى .

ئايزۆھرە بىردىنلا قەلبىدىكى بالىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا مېھىر ـ مۇھەببەت ئىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەش ، قارغاش ، نەپرەتلىنىش رايىدىن قايتۇرۇش قارارىغا كەلدى . چۈنكى ئۇ بالىسىنى سۆيمىدىغان بولۇپ قالغانىدى . سۆيسە بولامدۇ ؟ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ — رەقىبىنىڭ پۇشتىنى سۆيسە بولامدۇ ؟

ئەمما ئۇ بالىسىنى سۆيەتتى . لەۋلىرى بالىسىنىڭ يۇمران لەۋلىرى بىلەن ھەربىر بەزمە تۇزگەندە ، ئۇنىڭ چىنارىدەك ئىرادىسى تەۋرىنىپ ، لىگشىپ قالاتتى ، پولاتتەك قەسىمىنىڭ سۆيى يېنىپ ، يۇمشاپ قالاتتى ، خۇددى مومدەك . لېكىن بۇ قىساسىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى . شۇڭا ئۇ ئىرادىسىنى ، قەسىمىنى پەرۋىشلەپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشىنى خالىمايتتى . ئۇنىڭ پەرۋىشلەش ئۇسۇلى ئىككى قېتىملىق پاجىئەنى ، رەزىل كېچىنى ئەسلەش ئىدى . بۇ ئازابلىق ئەسلىمە ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، غۇرۇرىنى قوزۇەتلەيتتى ؛ بۇ ئازابلىق ئەسلىمە ئۇنىڭغا خەلقنى سۆيۈشنى ، شاد قىلىشنى ، مىللەتكە ساپىق بولۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن جان بېرىشنى ئۆگىتەتتى ! . . .

ئايزۆھرە بالىسىنى يەنە سۆيدى ، سۆيگەندىمۇ ئاجايىپ كۆچلۈك ، تىزگىنسىز تۇيغۇ ئىلكىدە سۆيدى . شۇنىڭ بىلەن ئىرادىسى ، قەسىمى تەۋرىنىپ قالدى . ئايزۆھرە يەنە ئادىتى

بويچە پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى . . .

ئۇ شۇلارنى بىرقۇر ئەسلەپ چىقىۋىدى ، قانلىرى قىساس ئېلىش ئىستىكى بىلەن كۆۋەجەپ ، ئىرادىسى چىنارەدەك باش كۆتۈرۈپ ، قەسىمى قەددىنى رۇسلىدى !

بىر دۈشەنبە كۈنى ئايزۆھرە خىياللىنىپ ياتاتتى . ھويلىدا زىۋىدىخاننىڭ بىرى بىلەن قىلىشقان گەپلىرى دىققىتىنى تارتىپ قالدى .

— تالىپاخۇنما سەن ؟ قاچان كەلدىڭ ، بالام ، يايلاقتىن ؟

— ئاخشام كەپتىم .

— كامال كەلمىدىما ؟

— بارىمەن دەپ قالغان تۈنۈگۈن . ماڭغان بولسا ئاخشاملىققىچە كەپقالارمىكى ئەمدى .

— خوتۇنى تۇغقانلىقىنى ئاڭلاپتىمۇ ـ يا ؟ تونۇپ بېرىپتىم .

— ئاڭلىدى .

— خۇش بولغاندۇ ؟

— ۋايىيەي ، خۇش بولماي ئۇ ! خۇش بولاپ خۇدى ، مېنى قۇچاقلاپ قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ خۇدى ، سەكرەپ . . .

— . . .

كامال بىلەن بىللە قوي باقىدىغان تالىپنىڭ قالدى گەپلىرى ئايزۆھرەنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى .

”خەپ ، كەپقالماس !“

ئۇ كۆزىنى يۇمدى . ئېغىر كۈنلەردە باشپاناھ بولۇپ ، چۈشكۈن روھىغا دان بېرىپ ، ئۈمىد يۇلتۇزىنى پارلاتقان ،

كۆيۈملۈكى، مېھرىبانلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، مۇھەببەت ئاتا قىلىشقا تىرىشتۇرغان، تاتلىق - تاتلىق سۆيۈشلىرى ئارقىلىق يۈرىكىنى قىچقىلاپ زورۇقۇپ كۈلدۈرگەن، ياقۇبتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن مىنۇتلاردىلا سېغىندۇرغان، تەلپۈندۈرگەن دوستانە ئېرى قانىتىنى سادەك ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

”خەپ كەپقالماس!...“

ئۇ شۇنداق پىچىرلايتتى. تىپىرلايتتى. تىنچسىزلىناتتى، ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرۈلەتتى، پۇتىنى بىر - بىرىگە سۈركەيتتى.

”بوغايمۇ ياكى دېمىقتۇرايمۇ؟ ئادەمنىڭ كۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرسا، قانداق بوغقىلى بولىدۇ؟... ئەڭ ياخشىسى، دەرياغا تاشلاي! ‹چولتۇڭگىدە›، تاشلىۋەتسەملا...“؛

”بىراق كامالغا نېمە دەيمەن؟ ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ ھەقىقىي ئىشنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرسەم، مېنى كەچۈرەرمۇ - يا؟ كەچۈرۈشنىغۇ كەچۈرەر، بىراق بىر ئۆمۈر چىۋىن يېۋالغاندەك بولۇپ قېلىپ، ماڭا بولغان ئېتىقادى، قىزغىنلىقى، مۇھەببىتى كۆككە سورۇلۇپ كەتمەسمۇ؟

”ياق، مەن ئۇنىڭ كەچۈرىمىگە ئېرىشىمەن دەپ، ئۇنى ئازابلاشنى خالىمايمەن، پەقەتلا خالىمايمەن! مەن ئۇنىڭغا قەرزدار، شەپقىتىگە قەرزدار، شەپقىتىنى قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئازابلىسام قانداق بولىدۇ؟ بولدىلا، ئازاب مەن بىلەنلا تۈگەپ كەتسۇن. بۇ سىر قەلبىمدە مەڭگۈ سىر پېتى قېلىۋەرسۇن. بۇنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن!...“؛

”ئاھ، خۇدا، مۇشكۇلۇمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغىن، ماڭا

يول كۆرسەتكىن ، ئەقىل ئۆگەتكىن ! . . .» .

ئايزۆھرە ئۇزاق ئويلاندى ، ئاللاغا ئۇزاق ئىلتىجا قىلدى . ئـويـلـىـغانسېرى ، ئىلتىجا قىلغانسېرى خىياللىرى چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى ، خۇددى مۇزغا تۆكۈلگەن ماشتەك .

”بىرقانچە ۋاقىت سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرۇپ باقسام ، بۇ شۇم ، ئاغرىق ـ سىلاقلارغا دۇچار بولۇپ قىزىل ، چېچەكلەرگە يەم بولۇپ ئۆلەرمۇ ـ يا ؟ . . .» ؛

”ياق ، ياق ! مەن ئۇنداق ۋاقىتلارنى كۈتۈپ تۇرالمايمەن . چۈنكى ئۇ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلسە ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بىر ئۆلۈم بولۇپ قالامدۇ ؟ ئۇنداقتا مەن قانداقمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن ــــ دادامنىڭ قىساسىنى ئالغان بولىمەن ؟ شۇڭا بۇ شۇمنىڭ دىدارىنى كامالغا كۆرسەتمەستىنلا ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەك ! چۈنكى بۇ شۇمنى ئۇ كۆرسىلا ۋۇجۇدىدىكى پەرزەنت مۇھەببىتى ئۇلغىيىپ كېتىدۇ ـ دە ، ئۇ چاغدا ئۆلتۈرۈۋەتسەم ، ئۇنىڭغا بولغان ئازاب تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدۇ . خۇددى مېنىڭ نـەپـرىـتـىـمـنى ، ئىرادەمنى ، قەسىمىمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئـېـتـىـلـىـپ چىقىۋاتقان مەسۇم مېھرى گۇمران قىلماقچى بـولـغاندەك . شۇڭا بۇ ئىتنىڭ پۇشتىنى كامالغا كۆرسەتمەيلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تارتىدىغان ئۆمۈرلۈك ئازابلىرىنى قىسىپ قېلىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدىكى ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنۇمنى ساقلاپ قالاي ! . . .»

زىۋىدىخان قازانغا چامغۇر سېلىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن ، يۇدمىنى يۇدۇپ سۇغا چىقىپ كەتتى . ئېرىقتىكى سۇلار لاي ، كۆل خېلى يىراق بولغاچقا ، ئۇ خېلى ئۇزۇندا كېلەتتى . مانا

بۇ ئايزۆھرە ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى . ئەتىگەندىن بېرى شارقىراپ ياغقان يامغۇر ھېلىلا توختاپ ، ئاسمان "پاللىدە" ئېچىلىپ كەتكەنىدى . جىمجىت ئۆي يامغۇر سۈيىدە چايقالغان سوغۇق ھاۋاغا لىق تولغانىدى . بوۋاق ئۇيقۇغا كەتكەن ،ئۇنىڭ يېنىك پۇشۇلداشلىرىنى دەريانىڭ "غار-غۇر" لىرى يۇتۇپ كېتەتتى . ئىشىكتىن "گۇررىدە" ئېتىلىپ كىرگەن سوغۇق شامال تېخى بايىلا يېقىلغان جىنچىرىغنىڭ ئۆچۈرۈۋەتكەچكە ، ئۆينى يورۇتۇش ئۈچۈن قاچاقتىكى ئوت شولىسى بىلەن تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ھىلال ئاينىڭ زەئىپ نۇرلىرىغىلا قالغانىدى .

ئايزۆھرە ئاستا ئۆرە بولدى ، ئۇنىڭ يۈرىكى داۋالغۇيتتى . "قانداق قىلاي؟ . . . چوقۇم تاشلاي ! . . . كەل ، شۇم ، ئاخىرقى قېتىم بىر سۆيۈۋالاي سېنى !"

ئۇ بوۋاقنى مېھرى بىلەن سۆيدى . بۇ ئاخىرقى سۆيۈش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋەتتى . خۇددى سىمابتەك ؛ بۇ ئاخىرقى سۆيۈش ئۇنىڭ بەدەن ئېرىقلىرى ئارقىلىق قەلب كۆلچەكلىرىگە ئاجايىپ تاتلىق ئېقىم — مېھىر كەلكۈنى باشلاپ كىرىپ ، چىنارىدەك ئىرادىسىنى قومۇرۇپ تاشلىدى ؛ خۇددى يار لېۋىدىكى سەگۈ تېرەكنى قومۇرۇپ تاشلىغاندەك ؛ بۇ ئاخىرقى سۆيۈش پولاتتەك قەسىمىنى ئۆگۈپ زەررە - زەررە قىلىۋەتتى ، خۇددى تالىقاندەك ؛ بۇ ئاخىرقى سۆيۈش قەلبىدىكى بوۋاققا بولغان نەپرەت ، ئۆچمەنلىك ، يىرگىنىش مەشئەللىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى . خۇددى بايا شامال مورا بېشىدىكى پىلىلداپ تۇرغان جىنچىرىغنى ئۆچۈرۈۋەتكەندەك !

"ياق ! . . ."

ئايزۆھرە ئىرادىسىنى قايتا تىكلەشكە ، قەسىمىنى يۇغۇرۇپ ئۆيۈلتاشتەك قاتۇرۇشقا — ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇپ ، خىيال قۇشلىرىنى پىغان قاپلىغان دۇنيادا يۈز بەرگەن ئەككى قېتىملىق پاجىئە ۋە رەزىل كېچىگە قارىتىپ قويۇپ بەردى . . .

ئۇنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى چاراسلاشقا باشلىدى ، خۇددى ئوچاقتىكى ئوت چاراسلىغاندەك . . .

ئايزۆھرەنىڭ قۇشلىرى ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى . چۈنكى ۋاقىت قىس ئىدى .

”كامالنى ، ئۆزۈمنىڭ يېڭى قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىمنى دەپ ، دادامنىڭ قاتىلىنىڭ پۇشتىنى ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلىش — قىساسىمنى ئۇنتۇش بولمامدۇ؟ قىساسىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئەجدادىغا يۈز كېلەلەمدۇ؟ بۇ دادامغا ، ئاكامغا ، ئەجدادلىرىمغا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولمامدۇ؟ قىساس ئېلىش ئىستىكى يوق ئادەمدە ۋىجدان بولامدۇ؟ . . . شۇڭا جېنىمدىن كەچسەممۇ كېچىمەنكى ، بۇ شۇمنى ھەرگىز ھايات قالدۇرمايمەن ! . . .“

ئايزۆھرە بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ يەنە شىۋىرلىدى :

”توغرا ، شۇنداق قىلاي ، خەقلەر زىۋىدىخان كېلىنىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ سۇغا كېتىپتىكەن ، كېلىنى ساراڭ بولۇپ قېلىپ ، بالىسىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ، دەپ قالسۇن . ساراڭ بولۇۋالاي .كېيىن رەدنامە ئوقۇتقان ،پىر ئويناتقان بولۇپ ”ساقىيىۋېلىپ“ كامالغا ھالالدىن بالا تۇغۇپ بېرەرمەن . . .“

ئۇ ئورنىدىن تۇردى .

”گۇناھ ؟ . . . گۇناھ بولسا بولمامدۇ ، ۋاي تېخى ، گۇناھ بولمىمىش ، ئۇنىڭ دادىسى دادامنى ئۆلتۇرسە گۇناھ بولمايدىكەنۇ ، ئۇنىڭ بالىسى (دادامنىڭ بالىسى — مەن ) ئۇنىڭ (قۇلاقسىز مەلئۇننىڭ بالىسىنى ئۆلتۇرسە گۇناھ بولامدىكەن ؟ مەيلى گۇناھ بولسا ، گۇناھ بولسا ھەممىمىزگە تەڭ بولىدۇ . مېنىڭمۇ گېپىم بار ئۇ چاغدا . . .“

ئايزۆھرە بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دەرياغا قاراپ يۈگۈردى . . .

دەريا بوۋاقنىڭ ئىڭەلەشلىرىنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى . ھۇۋقۇش ھۇۋلايتتى :

ھۇق ! . . . ھۇق ! . . .

ئەزان ئاخىرلاشقاندى :

— ئاللاھۇئەكبەر - ئاللاھۇئەكبەر ! . . .

ئەزان ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئايزۆھرە بوۋاقنى دەرياغا تاشلاشقا تەمشەلدى . بىراق قەلبىدىن سېھىرلىك سادالار كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنى توختىتىپ قويدى :

— بالاڭنى راستىنلا دەرياغا تاشلىماقچىمۇ ؟

— ئەلۋەتتە .

— نېمىشقا ؟

— ئۇنىڭ دادىسى مېنىڭ دادامنى ئۆلتۈرگەندىكىن .

— نېمىشقا ئەمىسە ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرمەي ، بالاڭنى ئۆلتۈرىسەن ؟

— بۇ ئۇنىڭ بالىسى بولغاندىكىن .

— سېنىڭ بالاڭ ئەمەسمۇ ؟

— . . . يا . . . ياق !

— نېمىشقا ؟

— . . .

— سەن ئۇنىڭغا ھالال سۈت بەردىڭ ، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى سېنىڭ قېنىڭ ، سوقۇۋاتقىنى سېنىڭ ، داداڭنىڭ ، ئەجدادىڭنىڭ يۈرىكى ئەمەسمۇ ! ؟

— . . .

— تۈركۈم - تۈركۈملەپ قىرىلىپ - ئۆلۈۋاتقىنىڭلار ئاز كېلىپ ، يەنە ئۆز نەسلىڭنى ئۆلتۈرسەڭ . . . ئەجدادىڭغا يۈز كېلەلەمسەن ؟

— ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن .

— ياق ، خاتالاشتىڭ . ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ، ئۈز توقۇمىنى ، دېگەندەك ، داداڭنىڭ قاتىلىدىن قىساس ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆز بالاڭدىن قىساس ئالساڭ ، بۇنى ئاللا راۋا كۆرەمدۇ ؟ ئەجدادىڭ راۋا كۆرەمدۇ ؟ ئەل راۋا كۆرەمدۇ ؟ تارىخ راۋا كۆرەمدۇ ؟

— . . .

نوچى بولساڭ ، ھېلىقى قۇلاقسىز مەلئۇننى ئۆلتۈرۈپ ، داداڭنىڭ قىساسىنى ئالامسەن !

— . . .

— بولدى ، سوئالىمغا جاۋاپ بەر : بالاڭ گۇناھكارمۇ ؟

— ياق .

— ئەمىسە ، ئۇنى سۆيۈپ قوي !

ئايزۆھرە قەلبىدىكى بۇ سېھىرلىك سادالارنىڭ بۇيرۇقى

بىلەن بالىسىنى پەسكە چۈشۈردى ـ دە ، ئۇنىڭ سەبىي ، يۇمران لەۋلىرىگە "چىڭگىدە" سۆيدى . سۆيۈشىگىلا پۈتۈن ۋۇجۇدى ، ئۆگە ـ ئۆگىلىرى بىر خىل غايىۋى ئۇيقۇ ئىلكىدە سېھىرلىنىپ ، بالىسىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ، قولاقسىز مەلئۇنغا بولغان غەزەپ نەپرەت ۋە قىساسكارانە روھ كۆۋەجىدى . دولقۇنلىدى ، نەرە تارتتى ، خۇددى ئالدىدىكى زەرەپشان دەرياسىدەكلا .

ئايزۆھرە بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ، دەريادىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى . دەريانىڭ ئېزگۇ كۆيلىرىدىن ھاياتىي كۈچ ، ئۈمىدۋارلىق ئۇقچۇپ تۇراتتى . ئۇپۇقتىكى ھىلال ئاينىڭ ئاداققى جىلۋىلىك شولىسى يەنىلا قېتىپ قالغان پېتى تۇراتتى . يۇلتۇزلار شۇنداق جۇلالىق ، تەبەسسۇملىرى شۇنداق ئوماق ، جەلپكار ، سېھىرلىك ئىدى . تەنگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى نەمخۇش ھاۋادىن قانغۇدەك سۇمۇرۇپ ، يامغۇر سۈيىگە قانغان دەريا ساھىلىغا يالاڭ ئاياغ دەسسەش ـــ شۇنداق راھەت !

# ئىككىنچى قىسىم

## تۇنجى مۇھەببەت

### 1

رازۋېدكا ئاخىرلاشقاندى. ئۇلار قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى ـ دە، قېچىشقا، قېچىپ تۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئېتىشىش، كۆپ ئوق چىقىرىش خەتەرلىك ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئوقى تۈگەپ قېلىپ، قورشاۋ ئىچىدە قالاتتى. ئىككىنچىدىن، مىڭ مۈشەققەتتە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئاخباراتلارنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈرۈپ قوياتتى ـ دە، ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچرىتاتتى. شۇڭا ئۇلار كۆپ يۈگۈرەيتتى، ئاز ئوق چىقىراتتى.

توساتتىن ئۇلارنىڭ بىرىگە ئوق تېگىپ يارىلاندى.

— كامال، سەن ئىمىننىيازنى يۆلەپ تېز قاچ! مەن سىلەرنى قوغداي، — دېدى ياقۇپ بۇيرۇق قىلىپ.

بۇ، بۇيرۇق ئىدى. بىراق بۇنىڭغا ئىمىننىياز قارشى چىقتى:

— ياق ، سىلەر دەرھال قېچىڭلار ، سىلەرنى مەن قوغداي !
— ياق ! . . . ، — دېدى ياقۇپ .
— ياق دېمە ، مەن مۇھىممۇ ، ئىنقىلابمۇ ؟ چاققان قېچىڭلار !
— ئىنقىلاب ئۈچۈن ئىنقىلابچى مۇھىم ! — ياقۇپ كامالغا قارىدى ، — كامال ، ئۇنى يۇدۇپ تېز قاچ !
— ياق !
كامال نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋىدى ، ياقۇپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى :
— مەن دېگەن رازۋېدكا باشلىقى ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىل !
كامال ئىمىنىنىيازنى يۇدۇۋالدى . ياقۇپ ئاخباراتلارنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىپ قويدى - دە ، بىر قورام تاشنى دالدا قىلىپ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلىنىپ تۇردى . كامال ئىمىنىنىيازنى يۇدۇپ تون قوينىغا سىڭىپ كەتتى
ياقۇپ دۈشمەننىڭ دىققىتىنى بۇراپ ، ئۇلارنى ئېزىقتۇرماقچى بولدى - دە ، ئىككى پاي ئوق چىقىرىپ قويۇپلا يۇلغۇنلۇققا ئۆزىنى ئاتتى . . . ئۇلار ھامان تاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى . يىقىلغانغا تىقىلغان دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى . قاچماي بولمايتتى . ئورنىدىن تۇرۇپ دىڭگوسلىغىنىچە قېچىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ، پېشانىسىدىن چىپىلداپ ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى .
يۇلغۇنلۇق تۈگەپ ، ئۇ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى . ئەتراپ دېگۈدەك قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى . كۆك سەتھى ئاقۇش

تۇمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلار نېمىز تۇمان قوينىدا بۇرۇقتۇملىنىۋاتاتتى، خۇددى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد يۇلتۇزلىرىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ نىمجان ئۈمىدى ھايات قالارمىكىن ياكى تۇنجۇقۇپ كېتەرمىكىن؟

ياقۇپ خەتەرلىك پەيتتە گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى، دەريا تەرەپكە قاچاي دېسە تېخىمۇ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالاتتى ـ دە، دەريا بويىغا بېرىپ بولغۇچە تۇتۇلۇپ قالاتتى. دەريا بويىغا بېرىۋالالىغان تەقدىردىمۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالالمايتتى. چۈنكى دەريا سۈيى بەكمۇ ئاز—ماغدۇرسىز ئىدى، خۇددى ياقۇپقا ئوخشاش. شۇڭا ئۇ ”تەۋەككۈل“ دەپ لېۋىنى چىشلىدى—دە، كەنت قوينىغا ــ بۇقاتامغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى...

ياقۇپ ئوق چىقارماي، شەپىسىز قېچىۋەرگەچكە، دۈشمەنلەر يۇلغۇنلۇقتا قايمۇقۇپ قېلىشقان بولسا كېرەك، خېلىلا كەينىدە قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن ياقۇپ ماغدۇرسىزلىنىپ ئاستىلاپ قالغانسېرى، ۋارقىراش ــ جارقىراشلار كۆپەيمەكتە، يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ياقۇپ خېلى چوڭ بىر ئۆستەڭگە ئاران يېتىپ كېلەلىدى ـ دە، كۆۋرۈك ئاستىغا سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭدا ھازىر بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۆستەڭدىكى سۇ خېلى ئۇلۇغ بولۇپ، ئەنسىز شىرىلدايتتى. ئەنسىز شىرىلدىسىمۇ مەيلى، بەكمۇ سوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ مۇزدەك سوغۇقى ياقۇپنىڭ يىلىك ـ يىلىكلىرىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ــ كىم بۇ؟!

ھودۇقۇش، قورقۇش تۇسىنى ئالغان بۇ سوراقتىن ياقۇپ

چۆچۈپ كەتتى . بۇ بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى .

”يېرىم كېچىدە پايپاسلاپ يۈرىدىغان قانداق ساراڭ ئايال- دۇ - بۇ ؟ . . .“

ياقۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى . قاشتا بىر كۆلەڭگە تۇراتتى .

— كىم بۇ ؟

سوراق يەنە تەكرارلاندى .

— مەن . . . مەن . . .

— يىگىتما① سىز ؟

— ھەئە ، مېنى . . . مېنى . . . گومىنداڭچىلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . تېز - تېز كېتىڭ بۇ يەردىن ! بولمىسا سىز- مۇ . . . بالاغا قالىسىز ھېلى بىكار . . . ، — دېدى ياقۇپ تەشۋىشلىك پىچىرلاپ . ئۇ قاتتىق - قاتتىق ھاسىرايتتى . گويا ئۆپكىسى يېرىلىپ كەتكۈدەك .

— ياقۇپمۇ سىز ؟

”ھە ؟ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىغان كىمدۇ بۇ ؟ ئۇ مېنى تونۇيدىكەن - دە ؟ ئەجەب تونۇش ئاۋاز - يا بۇ ؟ . . .“

— ھەئە ، مەن ، سىز . . . سىز كىم ؟

— مەن ئايزۆھرە .

”ھە ؟ ئايزۆھرە ! ؟ ئايزۆھرە ! ؟ . . .“

ھەيرانلىقتا تېپىرلىغان ھۇجەيرە ، نېرۋىلىرىغا شېرىن بىر

---

① بۇ يەردىكى خەلق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىلىرىنى ”يى- گىت“ دەپ ئاتايتتى .

تــۇيغــۇ تــوپى تاردى . روھى ئۇرغۇپ ، ئۇنى قاشقا سەكرەپلا چىقىشقا ، ”جېنىم ، بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز؟“ دەپلا باغرىغا بېســسشقا قىستىدى . لېكىن ھازىرقى شارائىت بۇنىڭغا يول قويمايتتى . شۇڭا ، سىز . . . سىز بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز؟ دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا :

— تېز كېتىڭ بۇ يەردىن ، ئايزۆھرە ، تېز ! مېنى ئۆلۈمگە تــۇتــۇپ بېرەي دەمسىز نېمە ؟— دېدى ئۇ ھەم يېلىنىش ،ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شىۋىرلاپ ، — تېز كېتىڭ بۇ يەردىن ! نېمە قاراپ تۇرىسىز؟ مەن . . . مەن خۇش بولاپ كېتەي سىزدىن !

بىراق ئايزۆھرە كەتمىدى .

— بــۇنــداق ھاسىراپ - خارقىراپ تۇرسىڭىز تېپىۋالىدۇ سىزنى . . .

— كارىڭىز بولمىسۇن ! — ياقۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى .

ئايزۆھرەنىڭ گېپى ھەق ئىدى . بىراق نېمە ئامال ؟

— ئىتتىك چىقىڭ بۇ يەرگە ، بولاڭ دەيمەن ! ۋايجان - ۋايجان ، لايپاسكەنسىز خۇدى . ئىتلار ئېشەگىلا كەپبولدى ئەينا . بولاڭ ، ئۆيگە مۆكتۈرۈۋالاي سىزنى . . .

ياقۇپ ئۇنىڭ زورى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن چىقتى . ئۇ ياقۇپنى يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى .

”تۇۋا ، ئايزۆھرە بۇ يەردە نېمىش قىلىدىغاندۇ ؟ . . .“

توخۇلار قاقاقلايتتى ئىتلار بەس - بەس بىلەن قاۋشاتتى .

— ھۇ ئاناڭنى ، نەگە يىتتى بىردەمدە ؟

— ئالدىمىزدىلا ماڭغاندەك قىلىۋېدىغۇ !

— كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدىمۇ - يا ؟

— قاراپ بېقىڭلار !

— . . .

دۈشمەنلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى كېچە ئاسمىنىدا ئۇچۇپ ، مۆتىدىل ھاۋانى تىترىتەتتى .

ناھايىتى ئوتتۇز قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ياقۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى .

— ر ە . . . رەھمەت سىزگە ! ، — بەكلا بالدۇر ئېيتىلغان بۇ رەھمەت ياقۇپنىڭ قەلبىدىن ئىختىيارسىز پارتلاپ چىققانىدى .

— مەن سىزگە رەھمەت ، دەڭ دېمىدىم ! — دېدى ئايزۆھرە توڭلۇق بىلەن . نېمىشقا ، نېمە مەقسەتتە شۇنداق قوپال تەگكەنلىكىنى ئۇقالمىغان ياقۇپ جىملا بولۇپ قالدى . ئۇ ئايزۆھرە قەيەرگە تارتسا ، شۇ يەرگە ماڭاتتى ، خۇددى قارىغۇدەك .

”ئايزۆھرە بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ زادى ؟ . . .“

ئايزۆھرە ياقۇپنى بىر سامانلىققا ئېلىپ كىردى ـ دە ، سامانلىڭ ئۇستىگە چىقىرىپ ، نېپىز بىر قەۋەت سامان بىلەن كۆمۈۋەتتى . ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمدى . بىراق بۇرنىنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ئورنى بولمىغاچقا ، سامانلىڭ ئاچچىق توپىلىرى دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇشقا ، قىلتىرىقلىرى گەدەنلىرىنى قىچىشتۇرۇشقا باشلىدى . بۇلارنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئەڭ يامىنى ئۇنى قىستاپ كېتىۋاتقان چۈشكۈرۈك ئىدى . دۈشمەن ئېشەك قۇرتىدەك كۆپ بولغاچقا ، ئۆيمۇئۆي سامانلىقمۇ سامانلىق ئاختۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى . بولۇپمۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى قورۇلارنى ناۋادا ، ئۇلار ئاختۇرۇپ كىرگەندە چۈشكۈرۈپ قالسا . . .

ئۇ چۈشكۈردى . . . يەنە بىرنى چۈشكۈردى . . . ئاندىن ”جىممىدە“ بولۇۋالدى . تاشقىرىقى ئىغىلدىكى كالىلارنىڭ پۇشۇلداشلىرى ، چىشلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

”ئايزۆھرە بۇ ئۆيدە نىمە ئىش قىلىۋىغاندۇ زادى ؟ ئۆيگە مۆكتۈرۈۋالاي ، دىگىنىگە قارىغاندا ، بۇ ئايزۆھرەنىڭ ئۆيى ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇ ئەرگە تەگكەن . . . ياق ! خۇدايىم ساقلىغاندۇ ! . . .“

ياقۇپنىڭ قەلبىدە ئۆلۈم تەشۋىشى بىلەن جۇدالىق تەشۋىشى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى .

ئىغىل ئىشىكى تاراقلاپ ئىچىلدى . ياقۇپ نەپەس ئىلىشتىنمۇ قورقۇپ ”جىممىدە“ يېتىۋالدى . چۈشكۈرۈك يەنە قىستىدى ، بەكمۇ قىستاپ كەتتى ، چىدىدى .

— بارمۇ - يا ؟

— يوق ھىچ .

— بۇلۇڭغا ئوبدان قاراپ باقە .

— قارىدىم شۇ ، يوق ، ھىچنىمە يوق ئەينا .

— . . .

ئاخىر بولمىدى . ئۇلار چىقىپ كىتىشىگىلا ياقۇپ چۈشكۈرۈپ سالدى .

”ئىم ، ئەمدى تۇگىشىدىغان بولدۇم !“

بىراق ئۇلار قايتا كىرمىدى . چۈنكى ياقۇپنىڭ چۈشكۈرىكىنى كالىلارنىڭ سوزۇپ مۆرەشلىرى بېسىپ كەتكەنىدى .

”ئۇھ ! . . .“

ياقۇپ بېشىنى چىقىرىپ ئەركىن نەپەس ئالدى

”كالىلارغا رەھمەت ! ئايزۆھرە ، سىزگە ، شەپقەتلىك كالىلىرىڭىزغا كۆپ رەھمەت !“

ئالەم ـ جاھان بېسىققانىدى . زېۋىدىخان تالادىن كىرىپ :

— ئۇ يىگىتنى ئەمدى ئۆيگە ئېلىپ كىرسىلە ، — دېدى .

ئايزۆھرە ئورنىدىن تۇردى . نېمىدۇر بىرنەرسىگە ئىككىلەنگەندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ، ئاندىن سىرتقا چىقتى . تالا تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا قارىدى ، قۇلاق سالدى . ھېچقانداق شەپە يوق ، كېچە تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى . ئايزۆھرە ئۆگزىدىن چۈشۈپ ، سامانلىققا كىردى .

— ياقۇپ ، سىز بارمۇ ـ يا ؟

— بار ، — ياقۇپ ئورنىدىن تۇردى ، ئالەم تىنجىمىدىمۇ ـ يا ؟

— ھەئە ، — دېدى ئايزۆھرە ، ئاندىن چاقچاق قىلدى ، — قوپاڭ ئەمدى ، باچكىدەك مۈگدەپ يېتىۋەرمەي ، ئوق قانىتىڭىزغا تېگىپتۇ ـ ھە ؟

— ھەئە ، ئوق قانىتىمغا ، — ياقۇپ چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ ”پىسسىڭىدە“ كۈلدى . يۈرىكىمۇ ، ۋۇجۇدىمۇ ، بارلىق ئۇگە ـ ئۇگىلىرىمۇ قوشۇپ كۈلدى !

ئايزۆھرە ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى . چىنچىرىغى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . يولۋاس پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى .

”ئايزۆھرەنىڭ بالىسى ئوخشىمامدۇ بۇ ؟ ئاھ ، خۇدا ، ئۇ راستتىنلا ئەرگە تېگىپ كېتىپتۇ ـ دە ! ؟ . . .“

ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى . بايا بال تۇيغۇدا ئەللەيلەنگەن يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىشقا باشلىدى . پۈتىنىڭ ئاغرىقىنى يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى بېسىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئازاب بىلەن ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈردى . يارا ئېغىزىدىن قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى . يۈرىكىدىنمۇ قان سىرغىپ كېتەرمۇ ئەمدى ؟ ئىشتان ، پاچاقلىرىغا ئوخشاش قەلبىمۇ قانغا بويۇلۇپ كېتەرمۇ ؟

— ئايزۆھرە ، لاتا تېپىپ كەلسىلە ، خېنىم ، — دېدى زېۋىدىخان .

ئايزۆھرە بىرمۇنچە كونا ـ يېڭى لاتىلارنى تېپىپ كەلدى ، ياقۇپ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە :

— خاپا بولماي مۇشۇ دورىنى پۇتۇمغا بىر سۈركەپ قويۇڭا ، — دېدى ئۆتۈنۈش بىلەن .

ئايزۆھرە ئازراق پاختىغا دورا يۇقۇتۇپ ، ياقۇپنىڭ يارىسىغا سۈركىدى . دورا تېگىپ بولغۇچە ياقۇپ سىلكىنىپ كەتتى . چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، چىشىنى چىشلىدى . دورا ئۇنىڭ پۇتىنى قەۋەتلا ئېچىشتۇرۇۋەتكەنىدى ، خۇددى بوۋاق ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتكەندەك .

— بولدىمۇ ـ يا ؟

— ياقەي ، جىقراق سۈركەڭ ، قورقماي ـ ھە .

— ئېچىشتۇرامتىمكى بەك .

— مەيلى ئىچىشتۇرسا .

دەل شۇ چاغدا يولۋاس ئويغىنىپ كەتتى . چىراغ تۇتۇپ تۇرغان زىۋىدىخان چىراغنى سۇپىنىڭ گىۋىنىدە قويۇپ :

— قوپسىلا ، بالىنى گوللىسىلا ، مەن تاڭاي .

ئايزۆھرە قىمىرلىماي ، دورا سۇركەشكە تەمشىلىۋىدى ، زىۋىدىخان :

— قوپسىلا هوي ، — دەپ سۆيلەپ دورىغا چىلانغان پاختىنى ئايزۆھرەنىڭ قولىدىن تارتىپ دېگەندەك ئالدى . يولۋاس قىرقىراپ يىغلاپ ، كىچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇشقا باشلىغانىدى . ئايزۆھرە كۆزى قىيمىغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ، يولۋاسنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇنىڭ ياقۇپنىڭ يارىسىنى شۇنداق تېڭىپ قويغۇسى بار ئىدى .

زىۋىدىخان ياقۇپنىڭ يارىسىغا يەنە دورا سۇركىۋىدى ، سىرغىپ چىقىۋاتقان قان ”شىپپىدە“ توختىدى . ئەمما ئۇ قان ئۇنىڭ يۈرىكىدىن سىرغىپ چىققانىدى .

”ئۇ راستتىنلا ئەرگە تېگىپتۇ ـ دە ! ھەتتا بالىسىمۇ بولۇپتۇ تېخى ! ئاھ ، خۇدا ! . . .“ ؛

”خەپ ماجىڭسا پاخشەك ! ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ ! سەن بولمىغان بولساڭ ، ئايزۆھرە باشقىلارنىڭ خوتۇنى بولاپ كەتمەيتتى . . .“ ؛

”ئۇ كىمگە تەگكەندۇ ؟ قانداقراق ئادەمگە تەگكەندۇ ؟ ئايزۆھرە ئۇنى ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ؟ . . .“ ؛

”ئايزۆھرە ، نېمىشقا ئەرگە تەگدىڭىز ؟ زادى نېمىشقا ؟ نېمىشقا مېنى كۈتمىدىڭىز ؟ قېنى ماڭا بەرگەن ، قىلىشقان

ۋەدىلىرىمىز؟ . . .“

ياقۇپ ئۈنسىز يىغلىدى ، ھەرىكەتسىز تولغاندى . شۇڭا ئۇ پۈتىنىڭ تېڭىلىپ بولغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى .

ياقۇپقا قازناقتا ئورۇن راسلانغانىدى .

— ئ ـۇخلاڭ ، بالام ، — دېدى زىۋىدىخان مېھرىبانلىق بىلەن . — بىر ئىش بولسا ، بىزنى قىچقىراسىز .

ئــۇ چىراغنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۆينى قاراڭغۇلۇق باستى ، خۇددى ياقۇپنىڭ قەلبىدەك

تۇڭلۇكتىن ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى . كۆك ، تۇمانلىق ئىدى ، گوياكى ياقۇپنىڭ كۆڭلىدەك . ئۇيقۇ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتــىــۋاتــاتــتــى ، خــۇددى ئــايــزۆھــرە ئــۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك .

## 2

ئەكسىچە ، ياقۇپ ئايزۆھرەگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى ، گەرچە ئۇيقۇ يىراقلاپ كېتىۋاتسىمۇ .

”ھــەرنــېــمــە بــولــسا ھاجەتكە چىقىپتىكەنمەن . ھاجەتكە چىقمىغان بولسام ، ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسام ، ھويلا تېمىدىن بويۇنداپ قاراپ تۇرمىغان بولسام بىرىنىڭ پايپاسلاپ كــېلىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كـۆۋرۈك بــېــشىغا بارمىغان بولسام ، ياقۇپنى كۆرەلمەيتتىم ، بــەلــكى ، مەڭگۈ كۆرەلمەستىم . ئەقلىمگە بارىكاللا ! تەقدىرگە

رەھمەت ! . . .“

دەرد ـ ئەلەمدىنلا ئەمەس ، ھاياجان ـ شادلىقتىنمۇ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ . قەلب كۆلچەكلىرى شاد ـ ھاياجان بىلەن تولغان ئايزۆھرە شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىغاندى . ئۇ تاپىنىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەيتتى . بارماقلىرىدىن قارس چىقىراتتى ، ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى ، ”ياقۇپ ـ ياقۇپ“ دەپ پىچىرلايتتى . يۇقۇپنىڭ يۆتىلىشلىرىدىن ، ئىڭراشلىرىدىن ـ خورەكلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى . چۈنكى ئۇنىڭ ھەربىر تاۋۇشى ئايزۆھرە ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئېزگۈ ، ئەڭ مۇقەددەس كۈي ئىدى !

شۇنداق ، ئايزۆھرە ياقۇپنى ياخشى كۆرەتتى ، سۆيەتتى . ئۇنىڭغا بار ۋۇجۇدى بىلەن كۆيۈپلا قالغانىدى ، خۇددى كامال ئايزۆھرەنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك . گەرچە ئۇ ياقۇپ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان ، ئاشىق بولۇپ قالغانىدى . بۇ ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى :

بىر كۈنى لەيلىخان ئۆيگە ياقۇپ بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنى باشلاپ كىردى . ئۇلار ئۇستا ياغاچچى ئىدى . لەيلىخان بۆسۈلۈپ چۈشكەن بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ياغىچىدا بىر كات ساندۇق ياسىتىپ قويماقچى بولغانىدى .

ياقۇپ ھاردۇقىنى دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ چىقىراتتى . ناخشىلىرى شۇنداق يېقىملىق ، شۇنداق مۇڭلۇق ، شۇنداق ئېزگۈ ئىدى . ئايزۆھرەنى ئۇنىڭغا تەلپۈندۈرۈۋاتقىنى نېمىكىن ؟ بىلمەيتتى .

”ئۇنىڭ زادى ماڭا نەرى ياراپ قالدى؟ چوڭ، قاپقارا، دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىمۇ؟ سەل قىلىنراق كەلگەن لەۋلىرىمۇ؟ قىزىرىپلا تۇرىدىغان يۈپيۇمىلاق يۈزى ۋە كۈلسە پەيدا بولىدىغان مەڭىزىدىكى بىر جۈپ زىنىقىمۇ؟ بۈيرۈتۈپ سوقتۇرغاندەكلا چىققان قىرلىق بۇرنىمۇ؟...

بىلمەيتتى.

ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈپلا قالغانىدى.

”توۋا، بۇ شۇ چاغلاردىكى ياقۇپ شۇمىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ چاغلاردا كۆزۈمگە بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمەپتىكى؟...“

بىلمەيتتى.

ئىشقىلىپ، ياقۇپ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئايزۆھرەنىڭ نەزىرىدە جاھاندا بۇنداق چىرايلىق ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ياقۇپ. ئۇنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇنى بىردەم تاماشا قىلىش، بىر خىل زىرەكلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە يەر تېگىدىن سەزدۈرمەيلا قاراش — ئايزۆھرەگە قانچىلىك ھۇزۇر، قانچىلىك لەززەت بېغىشلايدىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئەركىلىتىپ، ۋىلىقلىتىپ كۈلدۈرىدىغانلىقىنى ياقۇپ بىلەمدىكىن؟ ياق، بىلمەيتتى، سەزمەيتتى. چۈنكى ئۇ بەكمۇ جىمغۇر، بىغەم ئىدى. ئۇنىڭ بىغەم، كەم سۆز، ”دۆت“ لۈكىدىن قەتئىينەزەر، ئايزۆھرە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزاقراق تىكىلىپ قارىيالمىغىنى بىلەن، ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قارايتتى، خۇددى ئاھۇدەك. ھەربىر قارىسا، ھەربىر تەلپۈنسە نېمىشقىدۇر ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئەمما بۇ ناھايىتى لەززەتلىك

جۇغۇلداش ئىدى ؛ ئەمما بۇ شادلىق بېغىشلايدىغان خاسىيەتلىك جــۇغۇلداش ئىدى ؛ ئەمما بۇ هاياتبەخش ئەتكۈچى سېھىرلىك جۇغۇلداش ئىدى ! ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان ئــوتــلۇق نىگاھلىرى بىلەن مىسكىن ، چاڭقاق نىگاھلىرى يۈز كــۆرۈشــكــەن هــامــان يۈرىكى مەستخۇشلۇق ئىلكىدە سوقۇپ كېتەتتى .

ئايزۆھرە ياقۇپتىن گەپ تەمە قىلاتتى ، لېكىن ياقۇپ گەپ قىلمايتتى ، بەكمۇ جىمغۇر ، خىيالچان ئىدى . ئايزۆھرە بىرنى دېسە ، بىرنى دەيتتى . بىرنى سورىسا ، بىرگە جاۋاب بېرەتتى . هـــەرگىز بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلمايتتى . بۇنىڭمۇ تېخى بىرقانچىسى باش لىڭشىتىش ، باش چايقاش ، ”هەئە“ ، ”ياق“ ، ”بەلكىم“ ئىدى . ياقۇپ ئۇ چاغلاردا باش كۆتۈرمەي تاختايلارغا رەندە سېلىشتىن ، دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىشتىن باشقىنى بىلمەمتىكىن ؟

”گەپكە پۇتلاپ چاقچاق قىلىشنى ، چاقچاق ئارقىلىق قىز كۆڭلىنى ئۇتۇشنى بىلمەيدىغان مۈلك ! . . .“

ئايزۆھرەنىڭ ئەنە شۇنداق ئىنتىلىش ، تەلپۈنۈش ، دوقلىرى بىلەن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى .

بىر كۈنى ئۇ ياقۇپنى باغدا يالغۇز ئۇچرىتىپ قالدى . ئۇ دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىۋاتاتتى .

ئــايزۆھرە ئەسلى قارارى بويىچە سۆيگۈ ئىزھار قىلماقچى بــولۇپ ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى . بىراق بۇنداق قىلىشقا قىزلىق غۇرۇرى يول قويمىدى . يولمۇ قويار ئىدى ، لېكىن ياقۇپتەك دۆش ، بــىــغەم ، مۈلك يىگىت تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ ،

خورلىنىشىدىن قورقتى .

ئايزۆھرە ئارقىسىغا ياندى . ياندى ـ يۇ ، يەرگە مىخلىنىپلا قالدى . چۈنكى ياقۇپ يېگى بىر ناخشىنى ـــ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىمۇ ئېيتمىغان ، ئايزۆھرەمۇ ئۆمرىدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئۆزگىچە بىر ناخشىنى ئېيتقانىدى :

مەي ئىچسەم مەست ئۆزۈم ، ئىچمىسەممۇ مەست ،
"مەي ئىچمە" دەپ توسما ، بولدى ئەمدى بەس .
"يار" دېگەن ئۇقۇمنى بىلىمەن ، ئەمما ،
يارىم يوق ، شۇڭلاشقا مەيسىز كۈنۈم تەس .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ياقۇپنىڭ بۇ ئېزگۈ كۈيلىرىدىن ئايزۆھرە سېھىرلىنىپ ، ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قوغۇشۇن زەررىچىسىدەك "شۇررىدە" ئېرىپ ، "لاسسىدە" ئولتۇرۇپ قالدى .

"مەن يارىڭ بولماي نېمە؟ ھۇ لۆش ! . . ."

ـــ ئولتۇرۇپ قاپسىز ـ يا ، بۇ يەردە؟

ئايزۆھرە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ياقۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئايزۆھرە شۇندىلا ئۆزىنىڭ خىياللىنىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ : "سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان" دەي دەپ ، قانچە ـ قانچە زورۇقۇپ باقتى ـ يۇ يۈرىكىدە يېلىنجاۋاتقان چوغسىمان ھېسسىياتىنىڭ تەپتىدىن لاللاشقان تىلى كارغا كەلمىدى . شۇڭا :

ـــ بېشىم ئاغرىپ خۇدى . . . ، ـــ دەپلا قويدى .

ياقۇپ ئۇنىڭ يېنىدىمۇ توختىماستىن ھويلىغا ئۇن ـ تىنسىز كىرىپ كەتتى . ئايزۆھرەنىڭ كۆڭلىگە يارىشا يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بولسىمۇ كاشكى !

"سەت تاز ! . . ."

شۇنىڭدىن باشلاپ ئايزۆھرە ئۇنىڭ پەقەت ئارقىسىدىن قاراپلا كۆڭۈل قۇشلىرىغا تەسەللى دانلىرى چاچىدىغان بولدى ، بىراق چاچالمىدى . كۆڭلىنى ئۆزى ئۇچۇن ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ مۇقەددەس بولغان "ياقۇپ" دېگەن نامنى ئىختىيارسىز پىچىرلاش ئارقىلىقلا تىنچلاندۇرماقچى ، ئىشق گۈلخانلىرىنى كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ئۆچۈرمەكچى بولدى . بىراق تىنچلاندۇرالمىدى ، ئىشق گۈلخانلىرىنى يىغلاپ ـ يىغلاپمۇ ئۆچۈرەلمىدى . ئەكسىچە ، يىغلىغانسېرى ، ئىشق ئوتى ئۇلغىيىپ كەتتى .

"ئۇنىڭ پۇتۇشۇپ قويغان قىزى بولسىچۇ ؟ . . . ياق ، مۇمكىن ئەمەس ! ئۇ نېمە ئۇچۇن خىيالچان ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ناخشىلىرى شۇنداق مۇڭلۇق ، شۇنداق ئېزگۇ ؟ ناخشىلىرىدىن نېمىشقا دەرد ـ ئەلەم ، مىسكىنلىك ، چۇشكۇنلۇك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ؟ ياق ، ياق ! بۇنداق مۆرىمەس بۇقىنىڭ ئاشىقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! بولۇش توغرا كەلسە ، مانا مەنلا بولۇشۇم كېرەك ! ئۇ ناخشىسىدا دېدى ـ يا ، ‹يارىم يوق › دەپ . . . راست ، بۇ ناخشا ئەمەسمۇ . ناۋادا ئۇنىڭ ئاشىقى بولۇپ قالسا ، قانداق قىلسام قىلىپ ، ئۇنى ئۇنداق ئالۋاستىدىن تارتىۋالىمەن ! . . .قېنى ئۇ ئالۋاستى ؟ . . .توۋا . . .مېنىڭ ساراڭلىقىمنى . . ."

ئايزۆھرە شۇنداق ئويلىغانىدى . ئىنسان روھى ئەنە شۇنداق

مۇرەككەپ ، چېگىش ، خىلمۇخىل ، غەلىتە ، تەسەۋۋۇرغا كەلتۈرگۈسىز بولىدىكەن . شۇڭا ئۇ هازىر قەلبىدە بىر هەپتە بۇرۇن پەيدا بولغان ، ناهايىتىمۇ ئاجىز مۇهەببەت ئۇچقۇنىنىڭ يەتتە ـ سەككىز كۈن ئىچىدىلا ئۆلگىنىپ ، غايەت زور لاۋاغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ، قەلب كېيىكلىرىنىڭ ياقۇپنىڭ ئوۋچى كۆزلىرىگە زەپمۇ ئاسان ، ئىتتىك ئوۋلىنىپ قالغانلىقىغا هەيران ئىدى .

ئۇ ئەتىدە ـ ئاخشامدا دادىسىدىن قالغان كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى . نەدە قالدى ئۇ كىتابلار؟ بۇنىڭ ئورنىغا ئۇ ياقۇپنى خىيال قىلاتتى ، "ياقۇپ ـ ياقۇپ" دەپ پىچىرلاپ راهەتلىنەتتى ، هۇزۇرلىناتتى .

ئايزۆهرە كاتتىنىڭ ناهايىتىمۇ ئۇزۇندا پۈتۈشىنى ، هەتتا مەڭگۈ پۈتمەسلىكىنى تىلەيتتى . ئەپسۇسكى ، پۈتۈپ قالدى ، ياقۇپ كەتتى ! . . .

ئۇ بىر ئاينى ناهايىتى مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدى . ئۇ : "ياقۇپ كەتتى . ئەمدى كۆيۈك ئازابىدىنمۇ ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ ، ئۇنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپمۇ كېتەرمەن" دەپ ئويلىغانىدى . ئاھ ، مۇمكىن ئەمەس ، زادىلا مۇمكىن ئەمەسكەن ! ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى ئۇنىڭغا سۆيگۈ ـ مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىپ خەت يېزىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ خەتنى خېلى كۈنلەرگىچە ساقلاپ يۈردى ، ئەمما هەرقانچە قىلىپمۇ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى .

"خەپ ، ئەمدى ئۇنى كۆرىدىغان بولسام ! . . . يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتسە كېتىۋەرسۇن . . ."

ئايزۆھرە دېگىنىدەك قىلدى . بىر كۈنى ئۇ . . .

يولۋاس ئايزۆھرەنىڭ قورسىقىغا ”جورربدە“ بىر سىيىپ ، ئۇنىڭ شېرىن ، ئەڭ شېرىن ، ئۇنتاي دەپمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ بۈيۈك خىياللىرىنى ئۇزۇۋەتتى .

## 3

ئايزۆھرەنىڭ خىيالى ئۈزۈلگەندە ، ياقۇپنىڭ خىيالى بالىلىق چاغلىرىغا ئۇزاپ كەتكەندى :

ئۇنىڭ دادىسى مەسۇم ئاكا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇستا سازەندە ، ئۇستا ياغاچچى ئىدى . قاراشولۇقلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇنىڭسىز يېپىلمايتتى ؛ ئۆي جاھازلىرى ئۇنىڭسىز ياسالمايتتى ؛ توي - تۆكۈنلىرى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى .

ياقۇپ كەنجى ئوغۇل بولغاچقا ، كېچىلىرى ئانىسىنىڭ قوينىدىن ، كۈندۈزلىرى دادىسىنىڭ قوينىدىن چىقمايتتى . مەسۇم ئاكىمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ، ئۇنى نەگە بارسا شۇ يەرگە ئاپىراتتى .

بىر كۈنى ئۇ يەنە دادىسىنىڭ قوينىغا كىرىۋالدى . مەسۇم ئاكا ئۇنى جۇۋىسىغا يۆگەپ قايسىبىر تويغا ئېلىپ باردى .

جەلەستان راسلانغانىدى . ھەممە ئادەم ئاش يېيىشكە باشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ياقۇپ مەسۇم ئاكىنىڭ قوينىغا تۇگۈلۈپ كىرىۋالغانىدى ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قوينىدىن چىققۇسى

يوق ئىدى .

— مەسۇماخۇن ، قويۇنلىرىدىكى نېمە ئۇ ؟ — دەپ سورىدى بىرى گۆش توغراۋېتىپ .

— باچكا ، — دەپ جاۋاب بەردى مەسۇم ئاكا ياقۇپنىڭ باش-كۆزىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويۇپ .

— ئېتى نېمە بۇ باچكىنىڭ ؟

— ياقۇپ ، ياقۇپ باچكا ، — مەسۇم ئاكا شۇنداق دېگەچ يـ-ـىرىك ساقاللىرىنى ياقۇپنىڭ پېشانىسىگە ئامراقلىق بىلەن سۈركەپ ، — شۇنداقما باچكا ؟ — دەپ سوراپ قويىدى .

— گۆش يېيەلەمدۇ بۇ باچكا ؟

— يەيدۇ ، كىچىكرەك توغراپ بەرسىلە يەيدۇ .

— ئاغزىڭنى ئاچە ، باچكا ، گۆش سەپ قوياي ، — گۆش تـوغـرىـغـان بۇ ئادەم گۆلىدەك چوڭلۇقتىكى گۆشنى ياقۇپقا تەڭلىدى .

بـۇ گـەپ - ھەرىكەتلەردىن كىشىلەر ”پاراققىدە“ كۈلۈپ كـېـتـىـشتى .ياقۇپ ئىزا تارتىپ ،دادىسىنىڭ قوينىغا بېشىنى تىقىۋالدى .خۇددى باچكىدەك .

— گۆش يېمەيدىغان باچكا ئوخشىمامدۇ بۇ ؟ باچكا دېگەن گۆش يەيتتى ، — دېدى يەنە بىرى .

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— يەيدۇ ، — دېدى مەسۇم ئاكا ياقۇپقا قاراپ ، — ئالە ، بالام .

ياقۇپ دادىسىنىڭ زورى بىلەن گۆشنى ئېلىپ ئاغزىغا ”كومىدە“ سېلىپ يۇتۇۋەتتى .

— كانىيى چوڭ باچكىكەن ـ يا ، بۇ ! چاينىمايلا . . .

بۇ قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك كۈلكە كۆتۈرۈلدى . بەزىلەرنىڭ كۈلۈپ بولالماي كۆزلىرىدىن ياشمۇ قۇيۇلۇپ كەتكەندى .

شۇنىڭدىن تارتىپ ياقۇپ "باچكا" بولۇپ قالدى . مەسۇم ئاكىنىڭ دوست ـ يارەنلىرى : "هە ، باچكا قاناتمۇ چىققاندۇ ، كۈۋۈكتىن چۈشۈپ ئۈچۈڭلا ئەمدى" ، "هە ،باچكا گۈلە يە" ، "هە باچكا ، دان يە" دەپ چاقچاق قىلىشىپ ، ئۇنىڭغا ئۇنى ـ بۇنى تۇتقۇزۇپ قويۇاتتى .

بىر كۈنى مەسۇم ئاكا رۇسۇل هاجىمنىڭكىگە هۈنەر قىلغىلى كەلدى . ئۇ ياقۇپنىمۇ بىللە ئېلىۋالغانىدى .

ياقۇپ دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپلا ئايزۆهرە بىلەن لاي ئۆي ، لاي ئوچاق ، لاي قازان ياساپ "ئاش پىشتەك" ئوينايتتى .

— مەن ئېرىڭ بولاي ، سەن خوتۇنۇم بول جۇما ؟ — دېدى ياقۇپ .

— هە ماقۇل ، — ئايزۆهرە رايىشلىق بىلەن ماقۇل بولدى .

— مەن تالادىن كىرگەن بولىمەن ، سەن ئاش ئەتكەن بولىسەن جۇما .

— ماقۇلە .

ياقۇپ سەل يىراقراق بېرىپ لاي ئۆيگە كىرگەن بولدى ـ دە ، ئاۋازىنى بوم ، قوپال چىقىرىپ :

— ئاش پىشتىما ، خوتۇن ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق .

— نېمىشقا ؟

— ئوتان هۆلكەن شۇ ، كۆيدۈرەلمەي خۇدى ، — ئايزۆهرە

بىر قولىدا كۆز يېشىنى سۈرتكەن ، يەنە بىر قولىدا ئوچاققا ئوتۇن سالغاچ ئوتنى پۈۋلىگەن بولۇپ شۇنداق دېدى .

— قۇرۇق ئوتان قالىساڭ بولمامدۇ ؟

— قۇرۇق ئوتاننى يېرىپ بەرمىگەندىكىن . . . ئوتان يارسىلا ماڭسىلا ، نېمە قاراپ تۇرىلا بۇتتەك ؟ ئوتان يارسىلا دېدىم مەن سىلىنى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئايزۆھرە .

— نېمە مەن بۇتما ؟ مەن بۇتما تېخى ! ؟ — ياقۇپنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولدى ، — بۇت دېگەن ئۆزۈڭ جۇما !

— ئۆزۈڭ !

— مېنى سەنلىگۈچى بولدىڭما تېخى ؟ هە ، مانا ئەمىسە ، چۈشكىچە ئاش پىشمىغان بۇنداق قازاننى ! — ياقۇپ ئۆي - ئوچاق ، قازانلارنى دەسسەپ - دەسسەپ سۇندۇرۇۋەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئويۇن چىڭىغا ئۆرۈلۈپ كەتتى . مىڭ تەستە ياسىغان قازان - قومۇچ ، ئۆي - ئوچاقلىرىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىگە چىدىيالمىغان ئايزۆھرە ياقۇپنى :

— پوق يېگەن باچكا ، قازىنىمنى نېمىشقا سۇندۇرۇۋېتىسەن ؟ تۆلە قازىنىمنى ! — دەپ تىللىغاچ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلدى .

— مەن باچكىما ؟ مەن پوق يېگەن باچكىما ! ؟ — ياقۇپ ئايزۆھرەنىڭ كاچىتىغا "چاڭگىدە" بىرنى سالدى . ئۇنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلگەنىدى . ئايزۆھرەنىڭ يىغىسى هويلىنى بىر ئالدى . ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان لەيلىخان ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە ، ئۇنى بەزلىدى :

— نېمە بولدى ، جېنىم بالام ؟ — دېدى ئۇ ئايزۆھرەنىڭ

يېشىنى سۆرتكەچ .

— ئۆردى . . . ھۆ . . . ھۆ . . .

— كىم ئۆردى ، قوزام ؟

— باچكا ، ياقۇپ باچكا ئۆردى . . . ھۆ . . . ھۆ . . .

لەيلىخان ئۆرە بولۇپ ياقۇپقا قارىدى . ياقۇپ قورقماي ، ئەرلەرچە سالاپەت بىلەن گىدىيىپ تۇراتتى .

— نېمىشقا ئۆردۈڭ ھوي باچكا ؟

— ئۆردۈم ، ئۆرماي ئۇ .

— نېمىشقا ئۆرىتتىڭ ئۇنى ؟

— ئۆزۈمنىڭ خوتۇنى بولغاندىكىن ئۆردۈم شۇ ، قانداق ؟

لەيلىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ياقۇپمۇ ھىجىيىپ قويدى .

ياقۇپ شۇلارنى ئويلاپ ”پىسىڭگىدە“ كۈلۈپ سالدى . بۇ ئىشنى ھەر قېتىم خىيالىغا كەلتۈرگەندە ، مۇشۇنداق كۈلۈپ سالاتتى . ئەگەر ئايزۆھرەگە ئاشىق بولۇپ قالمىغان بولسا ، بۇ ئىشنىڭ راستقا ئايلىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئۈمىد قىلمايتتى .

ئەپسۇسكى ، ئۇ باشقىلارنىڭ خوتۇنى بولۇپ كېتىپتۇ !

كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى پەنجىرىدىن باش توخۇلارنىڭ چىللاشلىرىنى ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى . تىترەككە چۈشكەن ياقۇپ يوتقانغا مەھكەم ئورىنىپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقتى . بىردەمدىن كېيىن بەدىنى ئىسسىپ ، تىترەكلىرى پەسەيدى . لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ يۈرىكىنى ئىسسىتالمىدى ، تىترەكلىرىنى پەسەيتەلمىدى . شېرىن دەملەرنى ئەسلىسە ، يۈرىكى ئېلىپ ، تىترەكلىرى پەسىيەرمىكىن - يا ؟

ئۇ شۇنداق قىلماقچى بولدى:

ياقۇپ يىگىرمە ياشقا كىرگەندە ھۇنەردىمۇ، دۇتاردىمۇ كامالەتكە يەتكەنىدى. بۇ يۇرتتا يەنىلا ئۇنىڭسىز ئۇي يېپىلمايتتى، ئۇي جاھازلىرى ياسالمايتتى. ئۇنىڭسىز توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش - مەشرەپ قىزىمايتتى. ئۇنى ھازىر ئاساسەن ھېچكىم "باچكا" دېمەيتتى. چوڭ - كىچىك ھەممە ئۇنى "ياقۇپ دۇتار"، "ياقۇپ ئۇستام" دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. چۈنكى ياقۇپ ھۇنەرنى ئىخلاس بىلەن قىلاتتى، باھا تالاشمايتتى، بەرگەننى ئالاتتى. دۇتارنىمۇ شۇنداق ئىشتىياق بىلەن چالاتتى. دۇتارنىڭ تارلىرىدىن تۆكۈلگەن ئېزگۈ كۈي، ئېزگۈ مۇڭ ئادەمنى سېھىرلىك دۇنيالارغا باشلاپ كىرەتتى. ناخشىلىرى شۇنداق يالقۇنلۇق، شۇنداق جۇشقۇن، يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى؛ يۈرەكلەرنى مۇجۇپ - مۇجۇپ ئېزەتتى؛ يۈرەكلەرگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرەتتى؛ يۈرەكلەرگە ئۈمىد، روھ بەخش ئېتەتتى.

ئۇ، كۆپىنچە، قوشاقلارنى ئۆزى توقۇپ، كىتابلاردىن شېئىرلارنى ئۆزى تاللاپ ئېلىپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ناخشىلىرى يېڭىلىنىپ، بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ باراتتى.

شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تىكىلىدىغان ئاشىقانە كۆزلەرمۇ جىق ئىدى. لېكىن ھېچقايسىسى بۈگۈن تىكىلگەن شەھلا كۆزدەك يۈرىكىنى جىغىلداتالمىغانىدى.

ياقۇپ دۇتارىنى قولتۇقلاپ تويغا كېتىۋاتاتتى. بىر يەرگە كەلگەندە ئايزۆھرەنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئېرىق بويىدا قولىنى

يۈيۈپ ئۆلتۇراتتى. يېنىدا تويغا ئېلىپ ماڭغان داستىخىنى تۇراتتى. ئۇ ياقۇپنى كۆرۈپ سالام قىلدى. ياقۇپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ، قايسى كۇنى باغدا سورىغاندەكلا:
— ئۆلتۇرۇپ قاپسىز - يا، بۇ يەردە؟ — دەپ سورىدى.
— سىزنى... سىزنى ساقلاپ، — ئايزۆھرە دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ يۈزى ”ۋىللىدە“ قىزىرىپ كەتكەندى.
ياقۇپنىڭ يۈرىكىگە يۇمشاق، بەكمۇ يۇمشاق بىرنەرسە تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىپ قالدى، ئۇ نېمىدۇ؟ بىلمەيتتى.
— راستمۇ - يا؟
— راست بولماي ئۇ! — ئايزۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخىنىنى قولىغا ئالدى.
— بىزدەك ئادەمنى ساقلامسىز سىز؟ — ياقۇپ كەمتەرلىك بىلەن ئۇنىڭ دېڭىزدەك چوڭقۇر كۆزىگە شۇڭغۇدى.
— سىزنى ساقلىماي، كىمنى ساقلايتتىم ئەمىسە؟
ئۇلار يولغا راۋان بولۇشتى. غۇر - غۇر شامال سوقۇپ تۇراتتى. ئايزۆھرە قىزىل تاۋار كۆڭلەك، كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا مەخمەل جىلىتكە، بېشىغا يېپيېڭى گىلەم دوپپا كىيىۋالغان، بىلەكتەك توم قاپقارا ئىككى ئۆرۈم چېچى يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. ئۇ ياقۇپقا گويا پەرىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەندى.
شۇنداق، ئۇ پەرى ئىدى!
”توۋا، بۇ ئۆتكەنكى ئايزۆھرە شۇمىدۇ - ھە؟ ئەجەب سەپسالماپتىكەنمەن - يا، ئۇ چاغدا؟ ئاجايىپ چىرايلىق بولاپ قاپتۇ - يا، بۇ كاساپەت!...“

ياقۇپ خىيالىنى شۇ يەردە يىغىشتۇرۇپ :

— ساقلايدىغان ئادىمىڭىز باردۇ ؟ — دەپ سورىدى . ئۇ ئايزۆھرەنىڭ پېيىغا چۈشمەك بولۇۋاتاتتى .

— ھەئە ، بار خۇدى ، — ئايزۆھرە نازلاندى ، كۈلدى . ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك شىۋىرلاپ كۈلۈشلىرى ئېرىق سۈيىنىڭ شىرىلداشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى .

دەل شۇ چاغدا ، سول تەرەپتىكى بىر چىغىر يولدىن بەش- ئالتە قىز- چوكانلار چىقىپ بۇ ئىككىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى . شېرىن سۆھبەت بۇزۇلدى .

”نەدىنمۇ پەيدا بولدى بۇ نېمىلەر !“

ياقۇپ شۇنداق دەپ غۇدۇراپ قويۇپ ئايزۆھرەگە قارىدى . ئايزۆھرەمۇ ياقۇپقا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ، ئالۇچىدەك ، قىپقىزىل لەۋلىرىنى چىرايلىققىنە پۈرۈشتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ سەبىيلەرچە قىلىقلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۇماقلىق ئاتا قىلغانىدى . بۇ جەزبىلىك قىلىقلار ياقۇپنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىگە يامراپ كىرىپ ، پۇت - قوللىرىنى كالامپايلاشتۇرۇپ قويغانىدى .

”تېخى مۇشۇ كەملەرگىچە ماڭقىسىنى ئېقىتىپ ئوينايدىغان ئايزۆھرە مۇشۇ شۇمىدۇ - ھە ! توۋا ، پەرىزاتتەك بولۇپ كېتىپتۇ-يا ، بۇ ئوغرىنىڭ بالىسى ! ئىسمىغا ئوخشاش ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىلا خۇدى ! . . .“

”مېنى ساقلىدىم ، دەيدىغۇ تاڭ ، راستلا ساقلىغانمىدۇ ؟ مۇنداقلا دەپ قويدىمۇ تېخى . . . راست ساقلىغان چېغى جۇما . ئۆتكەندە نېمانداق تولا قارايدىكى دېسەم . . . شۇ چاغدا خىيال كىرىپ قاپتىكەنمۇ دەيمەن . . .“ .

— هوي باچكا ، ئۇچۇشتىن توختاپ قالدىلميا؟ !

قـايــسـىبـىر چوكاننىڭ قىلغان چاقچىقى ياقۇپنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئۇ بېشىنى كۆتۈردى . ئوتتۇز ـ قىرىق قەدەمچە ئۇزاپ كېتىشكەن قىز ـ چوكانلار ”پاراققىدە“ كۈلۈپ كېتىشتى . ياقۇپ قــىزىرىپ قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇلارنىڭ قېشــىغا كەلگەنــدە ، ئايــزۆھرە :

— ئ ـ ـۇخلاپ قالدىڭىزمۇ ـ قانداق؟ — دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى ، — ئۇخلىسىڭىز كۆزۈڭىزكا چىقىپ ئۇخلاڭ .

ئۇ يەنە كۈلكە ئاستىدا قالدى .

”ئەجەب گەپتان بولاپ كېتىپتۇ ـ يا ، بۇ ئايزۆھرە . بىر مۆلڭ نېمىمىكى ، دېسەم تېخى“

يـاقـۇپ شـۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ : ”سىزنىڭ شــېــرىــن ســۆزىــڭــىزنى ئاڭلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن“ دەي دەپ تۇرۇشىغا ، يەنە بىرى ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— ئــانىسى دان بەرمىگەن ئوخشايدۇ ، قورسىقى ئېچىپ ئۇچالمىغان گەپ .

— ئــانـــىسى يوق بۇ بىچارىنىڭ ، تۇگەپ كەتكەن ، — ئايزۆھرە ياقۇپقا قارىدى ، — شۇنداقمۇ ـ يا؟

قىز ـ چوكانلار ياقۇپنى ئېغىز ئاچۇرمايۋاتاتتى .

— سەن دان بېرىپ قوي خېنىم مۇنــداق ، ســاۋاب بولىـ دۇ ، — دېدى بىرى ئايزۆھرەگە .

ئــايــزۆهــره ياقۇپقا قارىدى . ئوتلۇق كۆزلەر ئۇچراشتى ياقۇپنىڭ ۋۇجۇدى ئوتقا ئايلاندى .

— مېنىڭ دېنىمنى يېيەلەمتىكى ئــەمدى بۇ سازەندە باچـ

كا ، ــ ئايزۆھرە قىزىرىپلا كەتكەنىدى .

ــ بەرسەڭ يەيدۇ تازا . بىرىپ باقە قېنى ، ــ بۇ گەپنى قىلغان چوكان ياقۇپقا قاراپ ، ــ يېيەلەملا ـ يا ، غوجام ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ يېيەلمەي ئۇ ، يەيمەن تازا ، بىرىشكە چىدىسا

بـايـاتـىن بىرى "جىممىدە" ماڭغان بىر چوكان ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە سۆزگە ئارىلاشتى :

ــ ئۇنداق دېگۈچە دان بېرىدىغان ئادىشىم بار ، دېسىلىچۇ ؟

ــ نەدە ئۇ ئاداش .

ــ تۇچەك بىلەن ئاداشكەن ، دەيدۇ ـ يا ، خەخ ؟

يـاقـۇپ كـۈلـكە ئاستىدا يەنە مىجىلىپلا كەتتى . جىگدە شـاخـلـىـرىـدىـكـى قۇشقاچلار "كۇررىدە" ئۇچۇپ كېتىشتى . گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن ياقۇپنىڭمۇ ئۇچۇپ كەتكۈسى كەپكەتتى ، خۇددى ئاشۇ قۇشقاچلاردەك . چۈنكى تۇچەك ئەرسىز ئولتۇرۇپ قالغان ، ناھايىتىمۇ سەت ، كەيمە تاز قىز ئىدى . .

ــ شۇنداق تاز قىز بىلەنمۇ ئاداش بولىدىكەنزما باچكا ؟ دېدى ئـايـزۆھرە ، ــ قويۇڭە ھەي سىزنى ، ئاداش بولىدىغان ئادەم دېگەن . . . مېنى ئاداش تۇتماي تازا . ــ ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن ئايزۆھرە ۋىلىقلاپ كۈلدى . قىز ـ چوكانلارمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈشۈپ بەردى .

ــ تۇتسام تۇتىمەن ! ــ دېدى ياقۇپ بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن .

ــ ۋاي تېخى ، شۇنداق دەپ قويسام يانا . . .

كـۈلكە ـ چاقچاقلارنىڭ قۇيرۇقى مۇشۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ

قالدى . چۈنكى ئۇلار توي بولىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى .

”خەپ ، شۇنداق دېگىنىڭىزگە سىز بىلەن ئاداش بولمىسام !“ ياقۇپ بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ ، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق پىچىرلىدى .

كەڭرى هويلىدا توي مەشرىپى راسا قىزىپ كەتكەنىدى . ياقۇپنىڭ قەلبىدىن ، ياقۇپنىڭ قەلبىگە تۇتىشىپ كەتكەن دۇتار تارلىرىدىن سېھىرلىك كۈيلەر ئۇقچۇپ - ئۇقچۇپ چىقىۋاتاتتى :

مېنىڭ جېنىمنى ئۇۋلىۋالدىڭ بىر بېقىپ ئاستاغىنە ،
كۆلدى قەلبىم ، ئۆستەڭدە قۇت ئېقىپ ئاستاغىنە .

نەۋقىران ئىشقىڭ دىلىمنى پەم بىلەن ئىشغال قىلىپ ،
قىلدى هوشسىز يۈرىكىمنى تىغ تىقىپ ئاستاغىنە .

كۆز ئېچىپ باقسام قېشىمدا سەن تۇرۇپسەن جىلمىيىپ ،
ئەس - هوشۇمغا كەلتۈرۈپسەن لەۋ يېقىپ ئاستاغىنە .
. . . . . . . . . . . . . . . . .

ياقۇپ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى . چۈنكى مىختەك قادالغان بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى جىغىلدىتىپ ، تىلىنى لال ، بارماقلىرىنى كالامپاي قىلىپ قويغانىدى . بۇ كۆز شۇنداق نۇرانە ، شۇنداق سېھىرلىك ئىدى ! ئاشىقانە نەزەردە تىكىلگەن بۇلاق سۈيىدەك تىنىق بۇ كۆزنىڭ

بىغۇبار سەتھىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ قالغان ياقۇپنىڭ يۈرىكى ”قارتتىدە“ قىلىپ دۈپپۈلدەپ كەتتى . بەدەنلىرى بوشاپ ، تامغا يۆلىنىپ قالدى ، پېشانىسىدىن تەر تەپچىپ چىقتى . ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ ، پىيالىنى قولىغا ئالدى . قىزىق چاي تومۇر ـ تومۇرلىرىغا تاراپ ئاقتى ، قىزىق ، شېرىن تۇيغۇ يۈرىكىگە ، بارلىق نېرۋا ـ ھۈجەيرىلىرىگە شىددەت بىلەن تارىدى .

ياقۇپنىڭ دۇتارىنى يېنىدىكى بىرى ئالدى . ئەلنەغمە يەنە باشلاندى :

بىزنىڭ ئېرىق ، سۆڭگۈچكە ،
ئەخلەت قاپلىشىپ قاپتۇ .
ئاشنىسى يوق باللار ،
تامغا چاپلىشىپ قاپتۇ .

كۆي ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى . ئۇسسۇلچىلار سورۇننى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى .

ئېگىز قاشتىن ئۆستەڭگە ،
يۇمۇلىنىپ تاش كەتتى .
سەن يادىمغا يەتكەندە ،
كۆزلىرىمدىن ياش كەتتى .

ياقۇپنىڭ كۆزى بايىقى شەھلا كۆز بىلەن يەنە دىدارلاشتى . بۇ شەھلا كۆز ئۇنىڭغا تەبەسسۇم سوۋغا قىلىپ ، قەلبىنى سىلاپ

سىلاپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناقشىدى . ۋۇجۇدى بال تۇيغۇغا بۆلىنىپ ، ئۇزاققىچە لەرزان ـ لەرزان ئەللەيلىدى .

نەغمە تۈگىگەنىدى . ئايزۆھرە قىمىرلاپ ئورنىدىن تۇردى . تـوپنى ئاستا ـ ئاستا بۆسۈپ سىرتقا ماڭدى . ياقۇپ دۇتارنى قولىغا ئېلىپ مۇڭ بىلەن سايراتتى :

ئۆستەڭ بويلاپ مېڭىپلا ،
سۇنى ئاچاي دېگەنمۇ .
ئوت يېقىپلا يۈرەككە ،
تاشلاپ قاچاي دېگەنمۇ .
. . . . . . . . . . . . .

شۇنىڭدىن تارتىپ ياقۇپ كېچىلىرى ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ، خىيال سۈرۈپ ئۇخلىيالمايدىغان ، دۇتارنى تېخىمۇ مۇڭ بىلەن چالىدىغان ، تېخىمۇ كەم سۆز ، تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ قالدى .

”توۋا ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ، مەن ناخشامدا كۈيلەپ يۈرگەن مۇھەببەت ، كۆيۈك دېگەنلەر شۇمىدۇ ـ ھە ؟ مەن . . . مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان ئوخشىمايمەنمۇ ؟ . . .“

شۇنداق ، ئۇ ئايزۆھرەگە كۆيۈپ قالغانىدى . ئىشق گۈرۈلدەيتتى . يۈرەك تەلپۈنەتتى ، پىراق يالمىلدايتتى ، ھىجران غالجىرانە ھۇۋلايتتى . ياقۇپمۇ ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىمۇ ئايزۆھرەنىڭ مەھەللىسىنى ئەگىپ كېتەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئوتلۇق

ناخشىلىرىنىڭ ئايزۆمرەنىڭ هۆجرىسىنىڭ پەنجىرىسىنى قاقمايدىغان كىچىسى يوق ئىدى . ئۇنىڭ دىل ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىنى چىكەلمىدىمىكىن ؟ . . .

بىلمەيتتى .

ئەنە شۇنداق تاتلىق ، قۇتلۇق خىيالالار بىلەن ياقۇپنىڭ يۈرىكى ئاخىر ئىللىپ ، تىترەكلىرى پەسەيدى . ئۇ شۇنداق شېرىن خىيالنىڭ ياردىمىدە تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى .

## 4

ياقۇپ پەنجىرىدىن سوزۇلۇپ كىرگەن قۇياش نەيزىلىرىنىڭ سىلىق ۋە سىلىق نوقۇشلىرى بىلەن ئۇيقۇسىدىن بىدار بولدى . ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ پەنجىرىگە قارىدى . قۇياش پەنجىرىدىن ماراپ ئۆتتى . ئۇ قۇياشقا قاراپ ئەسنىدى ، كېرىلدى . ئاندىن ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى . تاملىرى سۇۋالمىغان بۇ ئۆي دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، بىرنەچچە كۈپ ۋە ھەر خىل ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەنىدى . پەنجىرىدىن ئارقىدىكى ئۆرۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەتتا بىر تال يۇمران نوتىمۇ ئۆي ئىچىگە كىرىپ قالغان ، ئۇنىڭدا پەقەت ئىككى تاللا چېچەك تۇراتتى . قۇياشنىڭ دەسلەپكى شېرىن نۇرلىرىنى ئېمىپ تۇرۇپمۇ كېچىكىپ ـــ بەش ـ ئالتە ئاي كېچىكىپ ئېچىلغان بۇ چېچەكلەر شۇنداق سۈزۈك ، شۇنداق سۈزۈك ، بەرگلىرى شۇنداق غۇبارسىز ۋە تېمەن ئىدى .

بىر چاغدا ئۆيگە ئايزۆھرە خۇددى شەرقىي تامدىكى پەنجىرىدىن ماراپ تۇرغان سەبىي قۇياشتەك پارلاپ كىرىپ كەلدى. گىرىمسەن ئۆي "ۋىللىدە" يورۇپ كەتتى، گوياكى ياقۇپنىڭ قەلبى يورۇپ كەتكەندەك. ئايزۆھرەنىڭ بىر قولىدا چۆگۈن، يەنە بىر قولىدا كىچىكرەك بىر سوقىچاق كاساڭ تۇراتتى.

ياقۇپ ئۇنى شۇ چاغدىلا تېخىمۇ ئېنىق كۆردى؛ ئاخشام جىنچىرىغنىڭ مىسكىن يورۇقىدا غۇۋا كۆرگەن بولسا، ئەمدى جاھان چىرىغىنىڭ پەنجىرىدىن شىددەت بىلەن بالقىپ كىرگەن شوخ، جۇلالىق، غالىب يورۇقىدا كۆردى! ئۇ تولىمۇ چىرايلىق، گۈزەل، لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئاخشامقىدەك ۋەھىمىلىك پەيتلەردىمۇ چاقچاق قىلغىنىغا قارىغاندا، شوخلۇقىنىمۇ يوقاتمىغاندەك تۇراتتى. ياقۇپ ئۇنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدى؛ بۇنىڭ ئايزۆھرە ئىكەنلىكىگە، بىر چاغلاردا ئەيمەنمەي، تىترىمەي، ھودۇقۇپ كەتمەي باغرىغا بېسىپ، قېنىپ - قېنىپ سۆيگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى.

"توۋا، بۇ شۇ چاغدىكى مېنىڭ ئوماق ئايزۆھرەيىم شۇمىدۇ؟! ئاشۇ ياقۇتتەك لەۋلىرىگە مەن سۆيگەن بولغىيمىدىم؟ ئاشۇ ئاق قۇ كۆكسىدەك يۇمشاق كۆكسىنى مەن باغرىمغا باسقان بولغىيمىدىم؟..."؛

"ئەي، قەلبىمنىڭ چوغدەك ئۇپۇقىغا باش قويغان تولۇن ئايىم، يۈرەك قاتلىمىمدا چاقنىغان جۇلالىق زۆھرەيىم، بۇ راستىنلا سەنمۇ - ھە!؟... سەن قانداق قىلىپ بۇ ئائىلىنىڭ قۇياشىغا، ئايىغا، زۆھرەسىگە ئايلىنىپ قالدىڭ؟!...".

ياقۇپنىڭ قەلبىنى يەنە مىسكىنلىك، تەنھالىق، مۇساپىرلىق چۇلغىۋالدى؛ ئۇنىڭ قەلبىنى ھەسرەت، جۇدالىق، ھىجران چۇلغىۋالدى. ئايزۆھرە ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما يىراقلاشقانسېرى ئۇنىڭ ياقۇپنىڭ قەلبىدىكى كۆلەڭگىسى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقى خېلى پەسلەپتىمۇ - يا؟

ياقۇپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېسىگە ئالدى.

— ھەئە، خېلى پەسلىدى.

— كېچىدىن ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ - قانداق؟

— ھەئە.

ياقۇپ ئايزۆھرەنىڭ "نېمىشقا؟" دەپ سورىشىنى كۈتتى. بىراق ئايزۆھرە سورىمىدى. شۇڭا ياقۇپ ئويلىنىپ قالدى:

"ئۇخلىيالمىغانلىقىمنى ئۇ قانداق بىلگەندۇ؟ ماڭا دىققەت قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ نېمىشقا؟ ماڭا نېمىشقا دىققەت قىلىدۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن بارمۇ - نېمە؟ مېنى ئۇنتۇمىغان ئوخشىمامدۇ، خۇددى مېنىڭدەك؟..."

ياقۇپ شۇلارنى ئويلاپ بولۇپ، ئايزۆھرەنىڭ "نېمىشقا ئۇخلىيالمىدىڭىز؟" دەپ سورىشىنى تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. بىراق ئۇ يەنە سورىمىدى. ئەگەر سورىغان بولسا، ئۇ: "سىزنى خىيال قىلىپ، شېرىن مىنۇتلارنى ئەسلەپ..." دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن گەپ باشلىناتتى.

— يۈز - قولىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، — ئايزۆھرە چۆگۈننى قويۇپ، كاساڭغا كۈپتىن ئۇن ئېلىۋاتقاچ ياقۇپقا ئوماققىنە

جىلمىيىپ قارىدى . ئۇنىڭ جىلمىيىشلىرى يەنە شۇنداق جەلىپكار ، غۇبارسىز ئىدى . ئۇ نېمىشقا قارىدى ؟ نېمىشقا جىلمايدى ؟ نازلىق جىلمىيىشلىرىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قايتا كۆيدۈرۈش ئۈچۈنلا سوۋغا قىلدىمىكىن ؟

شۇنداق ، ياقۇپنىڭ يۈرىكى "پىژژىدە" كۆيدى ، يۈرىكىدىكى بارلىق قىرتاق ھېسلار — سەرسانلىق ، مىسكىنلىك ، تەنھالىق ، مۇساپىرلىق ، بىچارىلىك ، ھەسرەت . . . لەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۆگىدى ! ۋۇجۇدى بىر خىل ئىللىق سېزىم ، قايناق ھارارەتكە ئورىلىپ قالدى ، تىلى زەنجىرلەندى . قېنى ، ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان رەھمەت - تەشەككۈرلىرى ؟

ئايزۆھرە چىقىپ كەتتى . ياقۇپ پۈتىنى سۆرەپ سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ يۈز - قولىنى يۇدى .

بىردەمدىن كېيىن زىۋىدىخان يولۋاسنى ئېلىپ كىرىپ سۇپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى .

— مېيەگە كېلىڭە ، مەن ئالاي ، — دېدى ياقۇپ يولۋاسقا قولىنى تەڭلەپ .

بىراق يولۋاس مومىسىغا چاپلىشىۋېلىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى .

زىۋىدىخان ئۇنى بەزلىدى :

— ئاكاش - يا ئۇ . "چوك" ئېتىپ قوياڭ ئاكاشنى بالام ، ھە ئوبدان بالام . سىز دېگەن ئوبدان - يا . . .

"مېنىڭ بالام بولغان بولسا ، كۆرۈپ بولغىچە قۇچىقىمغا چىقىپ سۆيۈپ كېتەتتى ! . . ."

ياقۇپ ھەسرەتلىك پىچىرلاۋاتقاندا ، بەزلەنگەن يولۋاس تەستە

ئـورنىدىن تۇردى . يېشىغا تېگىپ ، تەمتەم مېڭىشقا باشلىغان يولۋاس يەڭدەپ ـ يەڭدەپ ياقۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى . ياقۇپ ئۇنى قـۇچـىـقىغا ئېلىپ يۇمران مەڭزىگە ئامراقلىق بىلەن سۆيۈپ قويۇپ ، قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى .

— ئېتى نېمە بۇ بەدرەكنىڭ ؟

— يولۋاش ، يولۋاسجان .

— ياخشى ئىسىم قويۇپلا ، — دېدى ياقۇپ يولۋاسنىڭ بـۇدرۇق قوللىرىنى ، باش ، گەدەنلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — تاغىڭىزدەك باتۇر ئادەم بولۇڭ جۇما ، غوجام .

— خـۇدايـىم بـۇيـرۇسا شۇنداق ئادەم بولىدۇ بۇ ! — زىۋىدىخان چەكسىز پەخرىمەنلىك بىلەن شۇنداق دېدى .

ئـۇلار ئـۆز ئـەھـۋالـلىرى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى . ئاخىرىدا گەپ كامال ئۇستىگە كېلىپ توختىدى .

— بىچارە بالامنى چېرىكلەر قوي بېقىۋاتقان يېرىدىلا تۇتۇپ كېتىپتىكەن ، — زىۋىدىخاننىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى ، — هازىرغىچە ئۆزىمۇ ، خەت ـ خەۋىرىمۇ يوق . ئەمدى ئاڭلىساق ، بـەشـكـەنـتـتـاغدا چېگـرا سـاقـلىغىلى ساپـتۇ ، دېيىشىدۇ خەخ . . .

بۇنى ئاڭلاپ ياقۇپ هەيران قالدى .

”بىزنىڭ كامال شۇمۇ ـ يا ؟“

— كامال ؟ كامال ئابلىزما ؟

— هەئە ، شۇ ، شۇ ، — زىۋىدىخان ئۆزىنى رۇسلاپ ، ياقۇپقا ئۈمىد بىلەن قارىدى ، — سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ ، بالام ؟

— ئـوتـتۇرا بويلۇق ، قاۋۇل ، ئاقسېرىق كەلگەن سول

قولىقىدا مارجاندەك مونچىقى بار يىگىت ـ شۇنداقما ؟

ـــ ھە ، ھە ، دەل شۇ ، مىنىڭ بالام ! ـــ زىۋىدىخانىنىڭ كۆزىدە قۇياش پارلىدى ، ـــ سىز . . . سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز ؟ !

ـــ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر روتىدا . ئاخشام ئۇ بىز بىلەن بىللە كەلگەن . بىر سەپدىشىمىزغا ئوق تېگىپ كېتىپ ، كامال ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ كەتكەن ، مەن دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇپ بۇ تەرەپكە قاچقان . . .

زىۋىدىخانىنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى سەلدەك ئاقتى . ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي ، تېپىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى . يولۋاسنى قۇچىقىغا ئېلىپ : ”بالام ، داداڭ كەپتۇ ، داداڭ كەپتۇ !“ دەپ ، يۈزلىرىنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۈركەپ ، سۆيۈپ كەتتى .

ـــ بالام ، ئۇنى تاپقىلى بولارما ؟ ـــ زىۋىدىخان ئۈمىد ، ئۈتۈنۈش بىلەن ياقۇپقا قارىدى . ـــ بىر كۆرۈۋالسام بىچارە بالامنى ! ـــ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋىسال نەشنالىقى تورۇكلاپ تۆكۈلەتتى

ـــ كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، زىۋىدىخاناچا ، مەن ئەكەلدۈرەي .

ـــ بولسا شۇنداق قىلىڭ ، جېنىم بالام ! مەندىن يانمىسا ، خۇدايىمدىن يانار قىلغان ياخشىلىقىڭىز .

ياقۇپ ئۇنى ئەكەلدۈرمەكچى بولدى . ئۇنى ئەكەلدۈرمىسىمۇ ، چوقۇم باشقا بىرىنى چاقىرتىپ ، بۇ ئۆيدىن ۋاقتىدا كەتمىسە بولمايتتى .

”ئانىسى ، بالىسىنى كۆرۈۋالغاچ ، مېنى ئېلىپ كەتسۇن“
ياقۇپ يانچۇقىدىن قەغەز ـ قەلەم ئالدى .

## 5

زىۋىدىخان چۈپ كېسىشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئايزۆھرەگە خۇش خەۋەر يەتكۇزدى . لېكىن ئايزۆھرە خۇش بولمىدى ، شۇڭا زورۇقۇپ ـ زورۇقۇپ كۇلدى ، خۇشاللىقىنى زورۇقۇپ ـ زورۇقۇپ ئىپادىلىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ كامالنى كۆرۈشكە ئانچە بەك تەشنا ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ھازىر تەشنا بولۇۋاتقىنى پەقەت ۋە پەقەت ياقۇپنى كۆرۈش ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ دەرد تۆكۈش ئىدى . ئۇ مۇشۇ يېقىندىن بېرى ياقۇپنى ئۇنتۇشنىڭ زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى . ئۇ كامالنى ياخشى كۆردۇم ، سېغىندىم ، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ـ ئۆزىنى ئەخمەقلەرچە ئالداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى ؛ ياخشى كۆرگەنلىرىنىڭ ، سېغىنغانلىرىنىڭمۇ بىر خىل ئۆتكۈنچى ھېسسىياتنىڭ گاڭگىراش ئىلكىدە قالغان ئاجىزانە نېرۋىلىرىنى بوزەك قىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ قالغانىدى . بولۇپمۇ ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەچكە ، ھازىر ئۇ كامالنى زارىقىپ كۈتۈشنىڭ ئورنىغا ياقۇپ بىلەن مۇڭدىشىشنىڭ پۇرسىتىنى زارىقىپ كۈتەتتى ؛ كامالنى

ئەسلەشنىڭ ئورنىغا ياقۇپ بىلەن ئۆتكەن شېرىن مىنۇتلارنى ئەسلەيتتى :

ئايزۆھرە بىلەن لەيلىخان ئەمدىلا تاماق يەپ بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى ، قوشنىسىنىڭ قىزى كىرىپ :

— لەيلىخاناچا ، ئانام تەلە ئوقۇشۇپ بەرسۇن دەپتى ، — دېدى . ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە بۇرۇن مۇسىبەت بولغانىدى .

— ماقۇل ، خېنىم ، ھازىر چىقاي .

لەيلىخان قازان - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ، ئايزۆھرەدىن :

— سەنمۇ چىقامسەن بالام ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق ، مەن بىردەم كىتاب ئوقۇي ، ئانا .

— قورقۇنۇڭ كەپقالارمىكى ؟

— قورقۇم كەلمەيدۇ مېنىڭ .

لەيلىخان چىقىپ كەتتى . بۇ ئايزۆھرە ئۈچۈن قىممەتلىك پۇرسەت ئىدى . بۇنداق پۇرسەت ئاسانلىقچە كەلمەيتتى . شۇڭا ئۇ بىردەمدىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇردى - دە ، قازاندىن تاۋاقتا تۆت بەش گۆشناننى ئېلىپ چىراغنى ئۆچۈردى . دەرۋازىنى پەم بىلەن ئېچىپ ، پەم بىلەن ياپتى . ئەتراپقا ئوبدان قارىۋالغاندىن كېيىن ، ياقۇپنىڭ خامىنىغا قاراپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى . ياقۇپلارنىڭ خامىنى ئايزۆھرەنىڭ ئۆيىگە خېلى يېقىن ئىدى . ئۇ ياز شامىلى ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان ياقۇپنىڭ ناخشىلىرىدىن ئۇنىڭ خاماندا يالغۇز ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى .

مەيىن شامال يۈز - كۆزلەرنى سىلاپ ، كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . تولۇنئاي مۇئەللەقتە ئېسىلىپ ، ”جىممىدە“

تۇراتتى . جامان ئاپئاق نۇرغا چۆمكەلگەندى . چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىۋاتقان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاق كېچىگە سېھىرلىك تۈس ئاتا قىلغانىدى . ئايزۆھرە خامانغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى . چەشلەنگەن بۇغداي ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى ، گوياكى ئالتۇن ئۈنچىلەر دۆۋىسىدەك .

نەي ئاۋازى توختاش بىلەن تەڭلا ئايزۆھرەمۇ "شىپپىدە" توختاپ قالدى . چۈنكى ياقۇپمۇ باياتىن بېرى نەي ئاۋازىدىن ھوزۇرلانغان بولسا كېرەك ، ئۇ توختىشى بىلەنلا ناخشىسىنى باشلىۋەتكەنىدى :

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك .
گىرە سېلىپ بويىنىغا ،
چوكۇلدىتىپ سۆيگۈدەك .

"قېلىن تاز ! ئېيتقان ناخشىسىنى كۆرۈڭا تېخى ؟ كەلگىنىمنى كۆرۈپ قالدىمۇ ـ يا ؟ سۆيۈپ يانا . . . سۆيۈۋالسۇن ، دەپ كەلگەن ئوخشايمەن مەن ؟ . . ."

ئايزۆھرە شۇنداق پىچىرلاپ "پىسسىڭىدە" كۈلۈپ قويدى . ناخشا يەنە باشلاندى :

كېۋەزلىكنىڭ ئىچىدىن ،
تاۋۇز تاپىمەن ، يارىم .

تەلىيىمنىڭ يوقمىدىن ،
يالغۇز ياتىمەن يارىم .

”ۋاي تىبخى ، يالغۇز ياتماي ئەمىسە ! . . . تۇچەكنى ئەكىلىپ يات تازا ، دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئوقۇلۇڭ دېسە ئۇن كىشىلىك خۇدى . . .“

ئايزۆھرە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ، زوقلىنىپ ، ھەۋەسلىنىپ كۈلدى . كۈلگەچ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ دۆۋىلەگلىك سامانىنىڭ كەينىگە كەلدى . ياقۇپنىڭ قەلبىدىن يەنە ئاشىقانە كۈيلەر ئوقچۇپ چىقىشقا باشلىدى :

ئاھۇ كۆزۈڭ تۇرغاچ قۇرۇپ قاپقان يولۇمغا ، قورغۇيۇم ،
بولدۇم ئەسىر ئىشقى ئوتۇڭ سالغان زۇلۇمغا ، قۇرغۇيۇم .

يالقۇنغا چۇشكەن قىلسىمان ئاھ - زار ئۇرارمەن تولغى-
نىپ ،
تۆككەن يېشىم ئالساڭ كېلەر لەك مىڭ تۇلۇمغا ، قۇرغۇ-
يۇم .

سەكراتىنكى قاقشال جېنىم ياشنايتتى قايتا ، دىلبىرىم ،
ئاپئاق سەھەر ئاستا كېلىپ قونساڭ قولۇمغا ، قۇرغۇيۇم .

كۇي تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى ، كېچە سېھىرلىنىپ سۇكۇتكە چۆمگەن ، ئۇپۇقتا لەيلىشىپ يۈرگەن ئالىتاغىل بۇلۇتلار قېتىپلا

قېلىشقانىدى . ئايزۆھرەنىڭ قەلبى شۇنداق ، ئىلاھىي تۇيغۇلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ ، تومۇرلىرىدىكى قان مۇھەببەت بولۇپ ئاقاتتى ؛ تومۇرلىرىدىكى قان پەخىر بولۇپ ئاقاتتى !

ئايزۆھرە ئۆزىنىڭ قۇرغۇيلۇقىدىن پەخىرلىنەتتى !

خېلى ئۇزاققىچە ھېچبىر سادا چىقمىدى . ياقۇپمۇ جىمىپلا كەتكەنىدى . ئۇمۇ ئۆز كۆيىدىن خۇددى ئايزۆھرەگە ئوخشاشلا سېھىرلىنىپ قالدىمىكىن ؟ ئۇمۇ قۇرغۇيىدىن پەخىرلىنىۋاتامدىكىن ؟

بەلكىم .

خېلىدىن كېيىن ياقۇپنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى . ئايزۆھرە ئېسىنى يىغىپ ياقۇپقا يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان ياقۇپ ”دىررىدە“ چۆچۈپ ، ”لىككىدە“ تۇرۇپ كەتتى ، گوياكى كېيىكتەك .

— ئاي . . .ئايزۆھرە ؟ . . . — ياقۇپ ھودۇقۇپ ، تېڭىرقاپ قالدى . — سىزمىدىڭىز ؟

— ھە ، مەن ، قانداق ؟ — ئايزۆھرە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ ، قولىدىكى ياغلىقنى سامان ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزگە قويدى .

— قورقۇتۇپ جېنىمنى چىقاردىڭىز خۇدى .

— مەنمۇ جېنىڭىزنى چىقارسام چىقىرارمەن بىرەر قېتىم . سىزمۇ نەچچە ـ نەچچە جېنىمنى چىقارغان مېنىڭ ، — ئايزۆھرە لەرزانغىنە كۈلدى .

— قاچان ؟

— قاچان بولسا شۇ چاغ ، سىز بىلمەيسىز .

— نېمىدەپ . . . كەلدىڭىز بۇ كېچىدە ؟ — ياقۇپ قىلغىلى گەپ تاپالمىغاندەكلا شۇنداق دېدى .

— نېمىدەپ كەلسەم كەلدىم ، قانداق ؟ كەلمىسەم بولامتى - يا ؟

— ياق ئەمدى . . . كېچىدە قورقۇپ قالمىسۇن ، دەپ . . . كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ .

— نېمە ئىش قىلىمىز ئولتۇرۇپ ، غوجام ؟

— مۇڭدىشىمىز مۇنداق ؟

— قېلىن ، مۇڭداشقىلى كەلمىدىم غوجام مەن ، — ئايزۆھرە ناز بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى .

— نەگە بارىسىز ئالدىراپ ؟ — ياقۇپ ئايزۆھرەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىدىن ئېھتىيات بىلەن يەڭگىلگىنە تارتتى ، — ئولتۇرۇڭە بىردەم .

— بىردەملا ئولتۇرىمەن ئەمىسە .

ئايزۆھرە ئولتۇردى . ياقۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن بىر گەزچە ئورۇن قالدۇرۇپ ئولتۇردى .

— نېمە بۇ ياغلىقتىكى ؟

— دان ، باچكىغا ، دان ئەكەلدىم . — ئايزۆھرە چاقچاق قىلىپ كۈلدى . ئۇنىڭ تاتلىق ، ئوماق ، ھاياتبەخش كۈلكىلىرى تاڭ تىمۋىشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ئۇ ياغلىقنى ئېلىپ ياقۇپنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ قويدى ، — دان سوۋۇپ قالدۇ ھېلى ، ئىتتىكرەك يېۋېلىڭ .

— سەل سوۋۇتۇپ يەي جۇما ، ئاغزىم كۆيۈپ قالمىسۇن .

— مەيلى ئەمىسە . . . قىشچە كۈۋۈكقا ئەچىقىۋېلىپ

يېسىڭىزمۇ بولىدۇ بولمىسا .
ئىككىسى ئاشقلارچە سۆيۈنۈپ كۈلۈشتى .
تولۇن ئايمۇ كۈلۈپ كەتكەندى .
— مېنى باچكا دېمەڭ جۇما .
— دېسەم دەيمەن تازا .
— نېمىشقا ؟
— باچكا بولغاندىكىن شۇ .
— چوقۇۋالماي يەنە .
— چوقۇيالمايسىز ، باچكا دېگەن چوقۇيالمايدۇ .
— چوقۇۋالسامچۇ ؟
— ھــەم ! — ئايزۆھرە دىمىغىنى چىرايلىققىنە قاقتى ، ئاغزىنى بالىلارچە شوخلۇق بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ قويدى .
— چوقۇيالمايمەنمۇ تېخى ! — ياقۇپ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئۆزىنى ئايزۆھرەگە ئاتتى ، خۇددى لاچىندەك . ئايزۆھرە ئۆزىنىڭ چاقچىقى بىلەن ناتىۋان ، سۆيۈملۈك ، بەختلىك باچكىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . قىسماقمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك !
ياقۇپ ئايزۆھرەنىڭ نازۇك بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇنىڭ پېشانىلىرىگە ، چاچلىرىغا ، بويۇنلىرىغا ، قۇلاقلىرىغا ، لەۋلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى .
— قىــلــمــن . . . ئەسكى . . . ئىزا تارتمايدىغان ئىشەك تېرىسى . . . قوپاڭە ئورنىڭىزدىن ! ۋارقىرايمــەن ھېلــى بەـ ـكــار . . . كەلمىسەممۇ بولاپتىكەن خۇدى ! . . . — ئايزۆھرە تېپىرلاپ ـ تېپىرلاپ توختاپ قالدى ، گوياكى قىسماققا چۈشكەن باچكىدەك . ياقۇپ ئۇنىڭ نېپىز ، غۇبارسىز ، يۇمران لەۋلىرىگە

چـــگداپ ـ چىگداپ سۆيۈپ ، يۈرىكىنىڭ قاتمۇقات ، داغسىز بەرگىلىرىگە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى خاسىيەتلىك مۆھۈرىنى باستى .

ياقۇپنىڭ لەۋلىرى شۇنداق يۇمشاق ، شۇنداق قايناق ، شۇنداق خاسىيەتلىك ئىدىكى ، ئايزۆھرەنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىگە شېرىن تۇيغۇ ، شېرىن ھارارەت تارىلىپ ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سېھىرلىۋەتتى .

”ئېمىدېگەن شېرىن ، لەززەتلىك سېزىم ـ ھە !“

ئايزۆھرەنىڭ ئاق كېچىدەك ئاپئاق بىلەكلىرى ياقۇپنىڭ بوينىغا ئىختىيارسىز يۆگەشتى قالغانىدى ، خۇددى يۆگىمەچتەك . تەشنا لەۋلىرى ئۆز رازىلىقى ، چەكسىز قىزغىنلىقى بىلەن ياقۇپنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى . خۇددى گىرەدەك .

ياقۇپ ئايزۆھرەنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۇشۇپ ، ئۆزىنى ئوگدىسىغا تاشلىدى . ئايزۆھرەمۇ شۇ پېتى قېتىپ قالغانىدى . باياتىن بېرى بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغىلى ئىلدام كېتىۋاتقان تولۇن ئاي ئۇلارنىڭ ئۇستىگىلا كېلىپ توختاپ قالغانىدى . ئۇمۇ بىر جۈپ پاك ۋۇجۇدتەك سېھىرلىنىپ قالدىمىكىن ؟

شۇنداق ، پاك مۇھەببەتنىڭ غايىۋى ، سېھرىي كۈچىدىن ئايزۆھرەمۇ ، ياقۇپمۇ ، تولۇنئايمۇ ، يۇلتۇزلارمۇ ، چېكەتكىلەرمۇ . . . ھەممە ـ ھەممە سېھىرلىنىپ ، مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قېتىپ قېلىشقانىدى . كېچە تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن ، خۇددى شىۋىقەدىرى كېچىسىدەك .

شۇنداق ، بۇ قۇتلۇق كېچە ئىدى !

— سەھەردە كەلسەممۇ بولاپتىكەن قولىڭىزغا قونغىلى، بالدۇر كەپقالدىممۇ قانداق - ھە؟

ئايزۆھرەنىڭ بۇ سۆزى ياقۇپنى مەستخۇشلۇق ئىلكىدىن سۆرەپ چىقتى. ئۇ چۆچۈپ ئۆرە بولدى. ئايزۆھرە ئۇنىڭغا ناز بىلەن قارىدى. ياقۇپنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئايزۆھرەنىڭ قەلبىدىمۇ بەخت كۆلكىسى، بەخت كۈيى جاراڭلايتتى.

— ناخشامنى ئاڭلاپسىز - ھە؟

— ئاڭلىماي ئۇ، ئاڭلاپ...، — ئايزۆھرە بىلەكتەك بىر جۈپ ئۆرۈم چېچىغا خۇددى زىخچە ئالتۇندەك چاپلىشىپ قالغان سامانلارنى تېرىۋېتىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ ئۆلگىلى تاس قالدىم، ئايزۆھرە! — ياقۇپ ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— ماڭا... ماڭا نېچاغ...، — ئايزۆھرە تىترەپ تۇرۇپ بېشىنى ياقۇپنىڭ مەيدىسىگە قويدى. ياقۇپ ئۇنىڭ خۇش ھىدلىق چاچلىرىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سىلىدى.

ئىككىسى بۇ شىۋۇقەدىرى كېچىسىدە بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇپ قېلىشقانلىقلىرىغا ئىقرار قىلىشتى. پىراق، ھىجران ئازابلىرىنى نۆۋەت بىلەن سۆزلەشتى. بەخت، مۇھەببەت، ۋاپا، گۈزەللىك، كېلەچەك... لەرگە تەبىر بېرىشتى، بۇ ھەقتە كۆڭۈللىرىگە يۈكسەك غايىلەرنى، ۋەدە - قەسەملەرنى پۈكۈشتى.

ۋىسال پەيتى يېقىنلاپ، تويغا تەمشىلىپ تۇرۇشقان باھار ئايلىرىنىڭ بىرىدە مەسۇم ئاكىلارغا ئىلىنىشقا كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كېلىپ قېلىپ كۆچۈپ كەتتى. لېكىن ياقۇپ ئايزۆھرەنى

تاشلىنىۋەتمىدى . ئىككى كەنتنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا ، كۈندە كۈنىسى قاراشوغا چۈشۈپ ، ئايزۆھرەنى يوقلاپ تۇردى . ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ ، يوقنى تېپىشىپ بەردى .

يەنە تويغا تەمشىلىپ تۇرغاندا ، ياقۇپ ھەپىسگە كىرىپ قالدى . ئۇزاق ئۆتمەيلا لەيلىخانمۇ ئاغرىپ قېلىپ ، يالغۇز قىزى ئايزۆھرەنى بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىز قايناملىرىغا يېگانە تاشلاپ ، ئاخىرەتكە شۇنداق تېزلا كېتىپ قالدى .

نامراتلىق ، موھتاجلىق ، تەگلىك ، يوقسۇزلۇق ، جەبىر - مۇشەققەت ئايزۆھرەگە تەھدىت سېلىۋەردى . لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ ياقۇپنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە تايىنىپ قەيسىرانە روھ ، قەيسىرانە ئىستەك بىلەن تاقابىل تۇردى .

”مۇھەببەت — ھەممىگە قادىر !“

ئۇ ، بۇ نۇقتىنى شۇ چاغلاردىلا چوڭقۇر ھېس قىلىپ بولغانىدى .

ئايزۆھرە شۇلارنى ئەسلەپ غەزەپ - نەپرەت ، ئەلەم - ھەسرەت بىلەن پىچىرلىدى :

”خەپ ، ماجىگسا ! . . .“

## 6

”خەپ ماجىگسا ! سەن مېنى ھەپىسگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولساڭ ، ئايزۆھرە — قۇرغۇيۇم قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتمەيتتى ! . . .“

ياقۇپ غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلەندى ، بېشىنى تامغا تىرەپ ، كۆزىنى يۇمدى :

بۇ بۇلتۇر ـــ 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى . يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا چوپانغا ـــ ئىلىنىشقا ئەسكەر تېرىلىپ كەتتى . بۇ بىر لىيەن ئەسكەرنى ماجىڭسا ئىسىملىك قارا تېرە ، ئالاگەدەن ، جۇۋازچىنىڭ گۇندىسىدەك يوغان بويۇن ، ئەلەس بىر ئوفىتسېر باشلاپ كەلگەن بولۇپ ، بۇلار داۋان تۈۋىدە گازارما قۇرغانىدى . بۇ ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەم توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ھەم ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرى ئىدى .

بۇلار كېلىشى بىلەنلا بالا ـ قازا يەنە باشلىنىپ ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى يوقالدى . ئونبېشى ، يۈزبېشىلار ، دورغىلارنىڭ ئالۋان ـ سېلىق سۆيلەپ كەلمەيدىغان كۈنى يوق ئىدى . ئالۋان ـ سېلىق خەلقنىڭ بېشىغا خۇددى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ ، بىردەم ئارام بەرمەي ، بېلىنى ئۆرە قىلدۇرمايۋاتاتتى . خەلق ئاچلىقتىن ، زار ـ زار قاقشاشسا ، گازارمىدىكى چېرىكلەر يېگىلى قورساق تاپالماي ، سېسىق كېكىرىشىپ ، تەڭرىنىڭ زاپاس ئاشقازان يارىتىپ قويمىغانلىقىدىن ئاغرىنىشاتتى . گازارمىدىكى ئاشپەزلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە شىرەلىك قورۇما ـ تاماقلارنى تەييارلاپ بولالماي ھالىدىن كېتىشەتتى . ساندۇق ـ ساندۇقلاردا مەي ـ شارابلار كەلتۈرۈلەتتى . قازاندا مەززىلىك شورپىلار قايناپ تۇراتتى . توخۇ ، تۇخۇملار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى . ئەسكەرلەر ئىچكىنىنى ئىچەتتى ، يېگىنىنى يەيتتى ، ئېشىپ قالغىنىنى يۇندا ئازگىلىغا تۆكۈۋېتەتتى .

بـۇلارنـى كـۆرۈپ خەلـق ئـوغىسى قايناپ، چىشلىرىنى غـۇچـۇرلـىتىپ، ئاچچىق ئەلەم يۇتۇپ قېلىشاتتى. خەلقنىڭ قېنىنى كۆك پىتتەك شوراپ يېتىشقان چېرىكلەرنىڭ، خەلقنىڭ قــەلبىنى قانىتىۋاتقان رەزىلانە قىلمىشلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇ ئــىدىكى، لىيەنجاڭدىن تارتىپ پەيجاڭغىچە شەھۋانىي نەپسىنى قـانـدۇرۇش ئـۈچۈن، يۇرت ئىچىدىن ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردىكى چىرايلىق قىزلارنى تاللاپ، بۇلاپ كېلىپ ۋاقىتلىق خـوتـۇن قىلىشاتتى. ئۇلارنى بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى بىلەن، بەزىلىرى ئۇيغۇرچە ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بىلەن"جاڭ تەتەي"، "خەي تەتەي"، "مەي تەتەي"... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئاتاپ، كالتە كۆڭلەك كىيگۈزۈپ، راسا ئالا ـ بۇلىماچ پەرداز قىلدۇرۇپ ساقلىشاتتى.

شۇڭا، بۇنداق خورلۇق ـ ھاقارەتـلەردىـن ئەنسىرەشـكەن ئـاتـا ـ ئـانـىلارنىڭ بەزىلىرى مەسۇم قىزلىرىنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، يۈز ـ كۆزىگە ياغلىق قارىنى راسا سۈركەپ، يالغان يارىلارنى پەيدا قىلىپ، ئادەم كۆرسە "ھۆ" بولغۇدەك دەرىجىدە سـەتـلـەشتۈرۈپ ساقلاشسا، بەزىلىرى يەر ئاستى گەمىلەرنى، مـەخـپـىـي ئـۆيلەرنى ياساپ ساقلىشاتتى؛ يەنە بەزىلىرى قىز بـالـىـۋاقـىسىنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا تاغ ـ تۇرالارغا چىقىپ كـېـتـىـۋاتاتتى. شۇڭا خەلق سەرەڭگە ياقسىلا ئوت تۇتىشىپ كېتىدىغان تۇترۇققا، يېپىنى شۇنداق بىر تۇتۇپ قويسىلا پارلاپ كېتىدىغان قۇدرەتلىك بومبىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

يـاقـۇپ ئــىــرادىـسىگە خىلاپ ھالدا ھەر كۈنى دېگۈدەك چـېرىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىۋاتاتتى؛ دۇتار چالاتتى،

ناخشا ئېيتاتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەي ـ شارابىنى ئىچمەيتتى ، تامىقىنى يېمەيتتى . ئۇلارمۇ زورلاپ كەتمەيتتى . ئىشقىلىپ ، چېرىكلەر ياقۇپ بىلەن چىقىشىپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى ، هۆرمەت قىلاتتى .

— ئاداش ياقۇپ ، — دېدى ماجىڭسا بىر كۈنى ، — يايلاق كۆرۈپ كەلگۈم بار . مەن بىلەن بىللە بارغىن ، تاپ-قان ـ تەرگىنىمىز تەڭ بولسۇن .

"ئۇ يايلاق كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس ، ۋەج ـ ئوقەت يىغىش ئۈچۈن باردىكەن ـ دە ؟"

ياقۇپ ئويلىنىپ قالدى . بىراق "ياق" دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇ ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى ـ دە ، يايلاققا چىقىپ راسا مېهمان بولۇشتى . ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار بىراۋنىڭ ئۆيىدە راسا كۈتۈۋېلىندى . كەچە ئۇلارنىڭ "شەرىپى" گە مەشرەپ بېرىلدى . شۇ ئارىلىقتا ياقۇپ ئۆي ئىگىسى بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . ئۆي ئىگىسى كۈلۈپ كېتىپ باش لىڭشىتتى .

مەشرەپ تەڭ بولغاندا ، ساهىبخان داستىخان سېلىپ ، مېهمانلارنىڭ ئالدىغا "سوۋغات ئېشى" كەلتۈردى . بۇ ، سېرىق مېيى ئايرىۋېلىنغان قېتىق ئېچىتمىسىغا ئۇن سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق بولۇپ ، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش ، هاردۇقنى چىقىرىش ئۈنۈمى ناهايىتى ياخشى ئىدى . بۇ ئاشنىڭ ئەڭ زور ئالاهىدىلىكى شۇ ئىدىكى ، قازاندا هەرقانچە قايناتسىمۇ زەررىچە هور چىقمايتتى . بۇ ئاشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىقىدىن ئۆي ئىگىسى خەۋەر بەرمىسە سورىماي ئىچكەن ئادەم ئاغزىنى

كۆيدۈرۈۋالاتتى . يەرلىك كىشىلەر بۇنى بىلگەچكە ، قوشۇقتا ئاز-ئاز ئېلىپ ، پۈۋلەپ ئىچىشەتتى .

"مەنمۇ ئاغزىمنى ئاز- پاز كۆيدۈرۈۋالاي ، بولمىسا چېنىپمۇ قالمىسۇن"

ياقۇپ شۇنداق ئويلاپ ، قوشۇقتا ئازراق ئاش ئۇسۇپ "خالاپپىدە" بىر ئىچىۋېدى ، ئاغزى كۆيۈپ ، كۆزلىرىدىن ياش كەتتى ، خۇددى پۈرچاقتەك .

بۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالغان ماجىڭسا :

— نېمىگە يىغلايسەن ؟ — دەپ سورىدى .

بۇ ئىشلاردىن سورۇندىكىلەرنىڭ خەۋىرى بولغاچقا ، ھېچكىم بىرنەرسە دېيىشمىدى . ياقۇپ : "ئىم ، ئەمدى ئىش بۇزۇلدى - يا ، ئىــــــت !" دەپ ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىۋېدى ، ماجىڭسا :

— ئادىشىڭ ئايزۆھرە يادىڭغا يېتىپ قالدىمۇ - يا ؟ — دەپ سوراپ ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ قويدى .

— ئانام يادىمغا يېتىپ قالدى ، — دېدى ياقۇپ ، ئاندىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ھەسرەتلىك قىلىپ ، — رەھمەتلىك ئانام بولغان بولسىمۇ ، بىر قوشۇق ئىچىۋالادى . بۇ ئاشقا بەكمۇ ئامراقتى بىچارە ئانام ، — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، ياشلىرىنى سۈرتتى .

— نېمە بولغانكى ، دەپتىمەن تېخى ، — ماجىڭسا شۇنداق دېگەچ بىر يوغان قوشۇقتا "لىققىدە" ئاش ئۇسۇپ "خـالاپپىدە" بـىـر ئـىـچىۋىدى ، ئاغزى كۆيۈپلا كەتتى . كۆزلىرىدىن پۈرچاقتەك ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى . كالپۇكلىرى بىردەمدىلا

قىزىرىپ ، تەتۈر ئۆرۈلۈپ چىقتى .

— ھوي ، ياقۇپ . . . ياقۇپ دېگەن لاتا بەل ماز ، قايناقكەن دېسەڭ بولمامدۇ ! ؟ . . . شۇ . . . شۇ سوغاتقا ئامراق ئاناڭ ھازىر . . . ھازىر بولغان بولسا بىر . . .

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھاقارەتلەرگە ئادەم چىدىغىلى بولمايتتى . بىراق ياقۇپ چىدىدى ، چىدىمىسا بولمايتتى . چۈنكى ئۇ پۇخادىن چىققانىدى .

— بۇ ئاشتىن بوس چىقمايدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي ، مېنىڭمۇ ئاغزىم كۆيەپ قالدى ، ئەينا . خاپا بولماڭ ، مائاكا ، مەن ناماقۇل ، — ياقۇپ ماجىڭساغا كۆڭۈل قويدى ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى . لېكىن ئۆز ئىشىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇۋاتاتتى .

— قىزىقكەن ، دېسەڭ بولامتى ئەممىسە ؟

— سىزنى بۇ ئاشتىن بوس چىقمايدىغانلىقىنى بىلمىدىغان چېغى . دەپتىمەن تېخى ، مەنمۇ چاقچاق قىلىپ قويسام ، سىزمۇ . . .

ماجىڭسا ياقۇپنى تىللايتتى ، ھاقارەتلەيتتى ، تېپىرلايتتى . ئالته - يەتته چېرىك بۇ ئىشتىن يا كۈلۈشنى ، يا يىغلىشنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشقانىدى .

— خەپ ، سەن بىلەن گازارمىغا بارغاندا ھېسابلاشمايدىغان بولسام !

”ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم - دە ! مەيلى ، ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق ! شۇغىنىسى ، ئايزۆھرە ھىمايىچىسىز قالىدىغان بولدى . . .“

ياقۇپ ھەسرەت بىلەن ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدى .
— ئۇنى باغلاش ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ماجىڭسا .
ساھىبخان ۋە بىرقانچە مۆتىۋەر كىشىلەر ماجىڭساغا يالۋۇرۇشتى ، كۆڭۈل قويۇشتى ، بىرقانچە قوي - ئۆچكە بەرمەكچى بولۇشتى . بىراق ئىزا - ئاھانەتتىن ئۆلۈش ھالىتىگە كېلىپ قالغان ماجىڭساغا بۇ يالۋۇرۇش ، ۋەدىلەر كار قىلمىدى .
چېرىكلەر ياقۇپنى باغلاشقا تەمشىلىۋېدى ، بىرقانچە ياش ئارىغا سەكرەپ چۈشتى .
— قولۇڭنى تارتىش ، ھۇ ئىتلار ! — دېدى ئارىدىن بىرى ، — ئاش ئىچىپ ئاغزى كۆيەپ قالسا ، ئۇنى باغلامتىلىڭ ؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ . ئاش بەرگەن گۇناھقا . . . ئاشنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ياقۇپ قۇيۇپ قويابتىمۇ - يا ؟ ھە ، ئەمىسە ، پۇۋلەپ ئىچىشنى بىلمەي . . . كۆزى ، ئەقلى يوقمىكەن ئۇنىڭ ! ؟
— نوچى . . . نوچى ئوخشىمامسەن ھەرقايسىڭ ! ؟ — كالپۇكلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ ، ئىششىپ كۆلىدەك بولۇپ قالغان ماجىڭسا تاپانچىسىنى چىقىرىپ ، ئۇلارغا تەڭلىدى . باشقا چېرىكلەرمۇ مىلتىقلىرىنىڭ ئىستوۋۇللىرىنى ياقۇپلارغا توغرىلاپ ، بۇيرۇق كۈتۈپ تىك تۇرۇشتى .
— نوچى بىز ! سەنمۇ نوچى بولساڭ بىر ئېتىپ باقە قېنى ؟
يىگىتلەر مەيدىسىنى كېرىپ ، ياقۇپنى ئارىغا ئېلىشتى . كىشىلەرمۇ تەۋرەپ قويۇشتى . بارماقلار كۆرجۈكلارغا ئېلىندى .
ئ - ېلىشىش — قانلىق ئېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . — سىلەرگە رەھمەت ، قېرىنداشلار ! — دېدى ياقۇپ ئۇلارنىڭ بىر سەنئەتكارىغا بولغان ئېتىقاد ، ھىممىتىدىن چەكسىز

سۆيۈنۈپ ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ، — بىر جانىنى دەپ ، مىڭ جانىنى قۇربان بەرمەيلى ، ”شاپىلىق تۈز پاجىئەسى“ يەنە تەكرارلانمىسۇن ! . . .

ياقۇپ ئۇلاردىن بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى ئۆتۈنۈپ ، كۆزىدىن ياش راۋان ئەتتى . يىگىتلەر ، كىشىلەر ئۇنى توپتىن ناھايىتى تەستە چىقىرىپ بەردى ، خۇددى يۈرىكىنى چىقىرىپ بەرگەندەك .

شۇنداق قىلىپ ياقۇپ مەھكەم باغلاندى . چوڭ تەمە ، ھەيۋە بىلەن بېرىپ ، بىر پاتمان ئىزا ـ نومۇس يۈدۈپ قايتىپ كەلگەن ماجىتسا ئۇنى گازارمىغا ساق ـ سالامەت ئېلىپ كەلدى ـ دە ، بىر قازناققا سولاپ نەزەربەند قىلدى . لېكىن ماجىتسا ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ، ياكى ئەسكەرلەرنىڭ قاچۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك ، ئۇنى كاچۇڭغا ئاپىرىپ ھەپسىگە قامىتىۋەتمەكچى بولغانىدى . بۇ خەۋەرنى سۇلايمان ئىسىملىك بىر يېڭىسارلىق چېرىك ياقۇپقا يەتكۈزۈپ قويىدى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ماجىتسا ئۇنى نەزەربەند ئاستىدا قايسىبىر باينىڭ ھويلىسىدا ماجىتساغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپكە ئېلىپ باردى . ئۇ دۇتار چالدى . ناخشا ئېيتتى . دۇتار ماجىتسا ئۇچۇن ئەمەس ، ئەل ـ ئاۋام ئۇچۇن چېلىنىۋاتاتتى ، ناخشىمۇ ھەم .

مەشرەپ راسا قىزىۋاتقاندا ، ماجىتسا ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ نەشىنى جىقراق چېكىۋەتكەن چېغى ، كالامپاي دەسسەشكە ، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى بىلمىگەچكە ، بىردەم ئوڭ ـ تەتۈر چۆگىلەۋېتىپ ،

خــۇشامەتگۆيلۇقتا يۇرت خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئەلنىڭ نــەپــرەت ـ قارغىشىغا ئۇچراۋاتقان سىلىم يۈزىيىشىنىڭ ياش ، چىرايلىق خوتۇنىنى ئۇسسۇلغا تارتتى . بۇ ماجىڭسانىڭ ئاشنىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ سىسىق نامىنىڭ يۇرت ئىچىگە پۇر كەتكىنىگە خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى . ئۇ قىلچە ھايا ـ نومۇس قىلمايلا ئــەركىــنــلــەپ ـ نازلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، سەت قىلىقلارنى چــىــقــىــرىپ ئۇسسۇل ئوينىشقا باشلىدى . مەشرەپ ئەھلىنىڭ كــۆڭــلــى غەش بولدى ، خۇددى چىۋىن يېۋالغاندەك . چىشلار غۇچۇرلىدى ، لەنەتلەر تۆكۈلدى ، گويا يامغۇردەك .

ـــ قېنى ، شوخ ـ شوخ پەدىلەرگە چالامسەن ؟ ـــ دېدى نايناق خوتۇن تەقەززالىق ئىلكىدە .

ـــ چــالــە ، لاتــا بــەل ! . . . ھــېــلــى . . . ، ـــ دېــدى ماجىڭسامۇ .

”تاز بولساڭ گەدەنگچە بول ، دەپتىكەن !“

يــاقۇپ چالماقچى بولدى ؛ نايناق خوتۇن ئۇچۇن نومۇس قــىــلىپ چالماقچى بولدى ؛ ئۇيغۇر ئەخلاقى ئۇچۇن چالماقچى بولدى ؛ دەپسەندە قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇچۇن چالماقچى بولدى !

ئۇ روھىي جەھەتتىن قىساس ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى !

ئوي ئويلايسىز ، ئوي ئويلايسىز ،
نېمىنى ئويلايسىز .
كۆزى ئەلەس ، تاز گەدەنگە ،
سالام يوللايسىز .

مەشرەپ ئەھلى پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى . قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى :

ــ يارايسەن ياقۇپ !

ــ ياشاپ كەت ، يىگىت !

ــ سايرا باچكا !

ياقۇپ كۈينى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى :

سېپىق كۆلنىڭ قەدرىنى ،
ئۆردەك بىلەن غاز بىلۇر .
شاپاقچىنىڭ قەدرىنى ،
نەشە چەككەن تاز بىلۇر .

مەشرەپ سورۇنى كۈلكە بىلەن تولدى . ياقۇپنىڭ ئاچچىق مەسخىرە قامچىسى ئاستىدا ماجىگسا بىلەن نايناق خوتۇن پىلىكتەك بوشاپ ، كۈلىدەك سۈرلىپ ئولتۇرۇپ قالدى .

بۇ گازارمىدا كامېر بولمىغاچقا ، ماجىگسا ياقۇپنى شۇ كېچىسىلا گومىنداڭنىڭ كاچۇگدىكى مەخپىي ھەپىسگە ئاپىرىپ قامىتىۋەتتى .

ياقۇپ ھەپسىدە ئالتە ئاي ياتتى .

ــ ياقۇپ ، كۈدە ـ كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ بۇياققا چىق ! ــ دېدى بىر كۈنى گوندىپاي .

ياقۇپ سىرتقا چىقتى . ئۇنى دادىسى ، يەنە ئىككى ـ ئۈچ يۇرت مۆتىۋەرلىرى ساقلاپ تۇراتتى . دادىسىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ

قەدىناس دۇتارى تۇراتتى .

— دادا !

— بالام !

ئاتا ـ بالىلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ، ياشلىرى ، نەپەسلىرى قوشۇلۇپ كەتتى .

— بىر مەزگىل ياقا يۇرتلاردا كېزىپ يۈرسۇن ، — دېدى تۇرمە باشلىقى ، — ماجىڭسا تۇرمىدىن ھەرگىز چىقارماڭلار ، بۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان ، تۇرمىدە سېسىپ ئۆلسۇن ، دەپ قاتتىق تاپىلىغان .

ياقۇپمۇ ، دادىسىمۇ ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ ، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ۋەدە بەردى . ۋەدە بەرمىسىمۇ بولمايتتى . ماجىڭسا كۆرۈپ قالسا بوش قويمايتتى . ھەتتا ئەمدى ئېتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

ئاھ ، بۇ ”بىر مەزگىل قاچانغىچە سوزۇلاركىن ؟“

ئۇلار كاچۇڭدا بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە تۈننى بىللە ئۆتكۈزۈشتى ، دادىسى ئۇنىڭغا ، چوپاندا يەنە چېرىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسۇل ھاجىمنى ئېتىۋەتكەن ھېلىقى چولاق چېرىكنىڭمۇ بارلىقىنى ، ئەل ـ يۇرت ئەللىك سەر كۈمۈش يىغىش قىلىپ ، ئۇنى تۇرمە باشلىقىغا پارا بېرىش ئارقىلىق ئۇنى قۇتۇزۇپ چىققانلىقىنى . . . سۆزلەپ بەردى .

بۇلارنى ئاڭلاپ ياقۇپنىڭ قەلبىدە چېرىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ، غەزەپ ـ نەپرەت ، ئانا يۇرتى — چوپانغا ، جاپاكەش ، ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرىغا بولغان مۇھەببەت ، تەشەككۇر

كۆزۈەجىدى ، گوياكى چوپان دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىدەك !
يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرى ياقۇپقا بەشكەنتتاغنىڭ بېگى — ھەسەنبەگكە قارىتىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى .
ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى . ياقۇپ دۇتارىنى قولتۇقلاپ ، بەشكەنتتاغنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەينىگە — يۇرتى تەرەپكە قارىدى ، دادىسى ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى تېخىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ ياقۇپ يەنە ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى . يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ باغرىغا تاشلانغۇسى ، شۇ باغىرلارغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكۈسى كەلدى . ئاھ نېمە ئامال ؟
” خوش ، دادا ، خوش ، چوپان ، ئامان بولۇڭلار ! سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ! . . .“ ؛
” خوش ، ئايزۆھرە ، جېنىم قۇرغۇيۇم ، مېنى كەچۈرۈڭ ، سىزگە ھىماتچى بولالمىدىم ! سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ! سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم ! . . .“ .
قەلبى چەكسىز ئازاب ، ئۈمىدسىزلىككە تولغان ياقۇپ ھەسرەت بىلەن نىدا قىلىپ ، ئۇلار بىلەن غايىبانە خوشلاشتى . دۇتار ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى تارلىرى ئارقىلىق باغرىغا سۈمۈرۈپ كەتتى . . .

*　　*　　*

— ئاش ئىچىڭ .
ياقۇپ خىيالدىن ئويغىنىپ ، بېشىنى كۆتۈردى . ئايزۆھرە

ئۇنىڭغا ئاش ئېلىپ كىرگەنىدى . ئۇ ئۇچىسىغا گۆش رەڭگە مايىلراق تاۋار كۆڭلەك كىيگەن ، بېشىغا سۇت رەڭ بوز ياغلىق ئارتىۋالغانىدى . يۇزلىرى تېخىمۇ قىزارغان ، نېپىز بىر قەۋەت تەر تامچىلىرى تۇڭلۇكتىن تۆكۇلۇپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى ، گوياكى كەھرىۋا دانىچىلىرىدەك . باھار سەھىرىنىڭ سۇزۇك ئاسمىنىدەك تىنىق ، دۇغىسىز كۆزلىرى تاشلىنىپ تۇرغان زۇلپىلىرى ئارىسىدىن ماراپ تۇراتتى ، خۇددى ناھار زۆھرەسىدەك . گىلاسسىمان قىپقىزىل ، نېپىز لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جەۋلان قىلاتتى ، خۇددى شۇۋىقەدرى كېچىسىدىكى ئايدەك . ئويىناق كۆزلىرىدە ئوتلۇق پىراقنىڭ جەڭگىۋار لەشكەرلىرى جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتكەنىدى . پۈتكۇل ۋۇجۇدى ياقۇپنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى . ياقۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغانىدى . خۇددى ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك . ئۇ ئايزۆھرەنىڭ شۇ جەلپكار قامىتىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ـ ھەس قالغانىدى .

”بۇ . . . بۇ راستتىنلا شۇ چاغدىكى ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىمىدۇـ ھە ؟ مەن شۇنداق قۇندۇز ، ھىدلىق چاچلارنى سىلىغان ، پۇرىغان ، بولغىيمىدىم ؟ شۇنداق نازۇك ، شېرىن لەۋگە سۆيگەن بولغىيمىدىم ؟ شۇنداق سۇزۇك مەرمەر بويۇنغا گىرە سالغان ، شۇنداق ھاياتبەخش ئوتلۇق كۆزگە قورقماي شۇڭغىغان بولغىيمىدىم ؟ شۇنداق سېھىرلىك ۋۇجۇدنى باغرىمغا بېسىپ ، سۇدەك سىڭىپ ،بۇ جاھانغا قايتا تۆرەلگەنبولغىيمىدىم ؟“...

ياقۇپنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچىلىك شېرىن تۇيغۇلار تارىلىۋاتقاندا ، ئايزۆھرە :

— ئاش ئىچىڭ ھوي ، نېمانداق . . . ، — دەپ "پىسىڭگىدە" كۈلدى . ئۇ جادۇ كۆزلىرىدىن ۋايىغا يەتكەن پىراق ئەپسۇنى ياغدۇرۇپ ئۇنى سېھىرلەپ قويىدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .

زىۋىدىخان قاچىغا يەنە ئاش ئۇسۇش ئۇچۇن كىرگەندە ، ياقۇپ تېخىچە بال تۈيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە قىسىلىپ راھەتلىنىۋاتاتتى .

— ئاشنى ئىچمەمسىز ـ يا ، بالام ؟

— تازا مىجەزىم يوق ، — دېدى ياقۇپ ئېسىنى يىغىپ ، يالغان سۆزلەپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مىجەزى ناھايىتى ياخشى ئىدى .

— زورلاپ ئىچىڭ ، ئاچ قورساق يېتىۋەرسىڭىز . . .

ياقۇپ قاچىنى قولىغا ئالدى . چامغۇر ، كاۋا راسا توغرىلىپ ئېتىلگەن بۇ ئۇگرە شۇنداق ئوخشىغانىدى . لېكىن ياقۇپقا قىلچە تېتىمىدى . چۈنكى ياقۇپنىڭ تىلى ئاچچىق پىچىرلاشقا ئۆتۈپ كەتكەنىدى :

"ئاھ ، خۇدا ، شۇنداق قىلىپ ئايزۆھرە كامالنىڭ خوتۇنى بولۇپ كەتتىما ؟ مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدىما ؟ . . ."

ئۇنىڭ قەلبىدىكى بايىقى شېرىن ھېسلار نەلەرگىدۇ غايىب بولغانىدى . ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تەشنا يۈرىكى ئازابقا تولغانىدى ، ئازابلىق ئېچىشتى ، قىرقىراپ ئازابلىق يىغلىدى ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى ! قارىچۇقلىرىغا ھەسرەتلىك ياشلىرىنى زورۇقۇپمۇ سىڭدۈرۈۋېتەلمىدى .

"ياق ، ياق ! ئۇ مېنىڭ ، مەڭگۈ مېنىڭ ! . . . كامالنىڭ

ئايزۆھرەدە قىلچە ھەققى يوق ! . . . ئۇنىڭدىن ئايزۆھرەنى ھامان تارتىۋالىمەن ! . . .»

ئۇنىڭ قەلبىدىن غايەت ئىسيانكار روھ ئۇرغۇپ چىقتى . لېكىن بۇ ئىسيانكار روھ ھازىر ــ نىكاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ئەرزىيدىغىنى پەقەت ۋە پەقەت مۇھەببەت ، مۇھەببەت ، مۇھەببەت !

شۇنداق ، ھەممىگە ئەرزىيدىغىنى مۇھەببەت !

لېكىن پاك مۇھەببەتكە تولغان ئىسيانكار روھ ئالدىدا نىكاھ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ !

بىردىنلا ياقۇپنىڭ قەلبىدە شۇملۇقانە پۇشايمان قوزغىلىپ قالدى :

"شۇ چاغدا كامالنى ئېتىۋەتسەممۇ بولۇپتىكەن . . .»

## 7

ياقۇپ دۇتارىنى قولتۇقلاپ ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ، بىرقانچە خەتەرلىك داۋانلاردىن ئېشىپ بەشكەنتتاغقا كەلدى . ئېگىز تاغلارنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر جايلىشىپ كەتكەن بۇ يۇرتنىڭ جەنۇبىي تاشقورغان بىلەن ، غەرب تەرىپى كەشمىر ، ئافغانىستان بىلەن ، شەرق تەرىپى گۇما بىلەن چېگرىلىنەتتى . زەرەپشان دەرياسى بىلەن خالاستان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى مۇشۇ جايدىن ئېقىپ ئۆتەتتى . ھاۋاسىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى ، مېۋە ـ چېۋىلىرىنىڭ كۆپ ، سەرخىللىقى ، ئادەملىرىنىڭ ئاق

كۆڭۈل ، مېھماندوستلۇقى ، چىدامىلىق ، قەيسەرلىكى چوپانغا ، چوپانلىقلارغا ئوخشايتتى .

ياقۇپ ھەسەنبەگنىڭ خىزمىتىدە يەتتە ئاي تۇردى . ھەسەنبەگ ئوتتۇرا بوي ، ئەمما قاۋۇل ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ، جەسۇرلۇق ، چوڭ ، قاپقارا كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ، مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، قاپقارا بۇرۇت ـ ساقاللىرى ئاق پىشماق چېھرىگە تولىمۇ ياراشقان ئادەم ئىدى . ئۇ ياقۇپقا بەكمۇ كۆيۈنەتتى . خۇددى ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەندەك . ياقۇپقىلا ئەمەس ، ھەرقانداق غېرىب ـ مۇساپىر ، يوقسۇلغا شۇنداق كۆيۈمچان ، مېھرىبان ئىدى . بۇ يۇرت تەۋەسىدىكى مىڭ ئۆيلۈك ئائىلە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئىدى ؛ بۇ مىڭ ئۆيلۈك ئائىلىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، ئاچا ـ سىڭىللىرى ، ئاكا ـ ئۇكىلىرى ، بالا ـ نەۋرىلىرى ئىدى ؛ بۇ مىڭ ئۆيلۈك ئائىلىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئىدى . چۈنكى ئۇ يوقسۇزلۇق ، يېتىملىك ، غېرىب ـ مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ناھايىتى كىچىك يېتىم قېلىپ ، بالىلىق چاغلىرىنى چۆپتىكى تاغىسىنىڭ ئائىلىسىدە بەكمۇ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ . ئون بەش ياشقا كىرگەندە ، زەرەپشان دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ ، بورامسال ئارقىلىق تاشقورغانغا كەپتۇ ـ دە ، ئەمەلدار ، چارۋىچىلارنىڭ قوي ـ كالىلىرىنى ، ئات ـ قوتازلىرىنى بېقىپ بېرىپ جان ئۆتكۈزۈپتۇ . كېيىن تاشقورغان ناھىيىسى ئامبىلىنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپتۇ ، ئامبالنىڭ ياردىمىدە چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەر بولۇپتۇ . ياشلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتى

ئـۇرغـۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، قورالنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ. پەرغانە، ئوش، ئەنجان، تاشكەنت قاتارلىق جـايـلاردا ئـون بەش يىل مۇساپىر بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاشكەنتتە يۈرگەن مەزگىللىرىدە، ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان سەيپىدىن ئـەزىزى قاتارلىقلار زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىپتۇ.

1940 - يـىـلـى يـۈرتـىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گـومـىـنـداڭ سـاقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئەينى چاغدىكى تاشقورغان چېگرا قوغداش ئەترىتىدىكى دوستى بوز يىگىت (بوز توختى) نىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ياردىمىدە بەشكەنتتاغ بەگلىكىنىڭ بېگى بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ھازىرغىچە ئۆز تەقدىرىنى بەشكەنتتاغ خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن زەنجىردەك باغلاپ كەپتۇ.

1945 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ يەكەنگە كېلىپ، ئۆزاقتا قالمايلا يەنە قايتىپ كەپتۇ. ياقۇپقا پىچىرلاپ دەپ بېرىشىچە، ئۇ 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاغىلىقتىن قۇدۇسخان غوجا، ئابدۇلئەھەد خـېلىلوف قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى يەكەندە ئـاچـقـان جـەنـۇبـىـي شـىـنـجـاڭ خـەلـقـىـنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىشىغا رەھـبـەرلـىـك قـىـلىش يۈرۈشپېسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، بـەشـكـەنـتـتـاغدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ

— يـىـگـىـت، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ياقۇپنى ئۆيگە چاقىرىپ، — دۇتارنى تاشلاپ، قورال ئېلىشنى خالامسەن؟

يـاقـۇپ ئـۇنىڭ ئۆزىنى يامان يولغا باشلىمايدىغانلىقىنى

بىلەتتى ، شۇڭا ئويلىنىپ تۇرمايلا :

— ئەلۋەتتە خالايمەن ! — دەۋەتتى .

— ياخشى ، تولىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىڭ ! — دېدى ھەسەنبەگ ياقۇپنىڭ قولىنى كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن چىڭ قىسىپ ، ئۇنىڭغا ھەممە پىلانلىرىنى ئېيتتى ۋە ئۆزىگە يار - يۆلەك بولۇشنى ئۆتۈندى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، بەگ ئاكا ، بۇ نىجىسلارنى يوقىتىدىغانلا ئىش بولسا ، ئۇن جېنىم بولسىمۇ بېرىنىمۇ ئەپقالمايمەن ! سىلە نەگە باشلىسىلا ، مەنمۇ شۇ يەرگە ماڭىمەن ، دوزاخقا باشلىسىلىمۇ ماڭىمەن !

شۇنداق ، ياقۇپ ھۆرلۈك - ئازادلىق ئۈچۈن دوزاخقا كىرىشتىنمۇ يانمايتتى !

ھەسەنبەگ ئۆزىنىڭ بەگلىك سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، يۇرت تەكشۈرگەن بولۇپ ، يوشۇرۇن خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى . ئۇزاققا قالماي ئوۋ مىلتىقى بىلەن قوراللانغان ئۇيغۇر ، قىرغىز ، تاجىك يىگىتلىرىدىن ئاتمىش نەچچىسى تەييار بولدى . بىراق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ پەيتى پىشىپ - يېتىلىپ بولغۇچە ، بۇ يوشۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى يەرلىك غالچىلار تەرىپىدىن قاغىلىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزۈلۈپ بولغاچقا ، ساقچى ئىدارىسى ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەبەيدۇللا ماموت باشچىلىقىدا ئوتتۇز ئەسكەرنىڭ بەشكەنتتاغقا كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى . ھەسەنبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جىددىي تەييارلىق قىلدى .

ئاتمىش نەچچە يىگىت بۇيرۇق كۈتۈپ تىك تۇرۇشاتتى .

ھەسەنبەگ بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ :
— بىز ھازىر جەڭگە ئاتلىنىمىز ! — دېدى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن .
— بىز تەييار ، بەگ ئاكا !
يىگىتلەر جەڭگىۋار ھالەتتە جاۋاب قايتۇردى ؛ بەشكەنتتاغنىڭ گىگانت تاغلىرى جەڭگىۋار ھالەتتە جاۋاب قايتۇردى ؛ بەشكەنتتاغ دالالىرى جەڭگىۋار ھالەتتە جاۋاب قايتۇردى .
— قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلارغا رۇخسەت .
— ياق قايتىپ كەتمەيمىز ، قايتىپ كەتمەيمىز !
— تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول ، دەپتىكەن ، ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز !
— ھۆرلۈك ئۈچۈن جېنىمىز پىدا !
— يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم !
— . . .
يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن كۆڭۈلدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى دېيىشتى . بۇ كۆڭۈلدىكى سۆزلەر پۈتكۈل بەشكەنتتاغنىڭ قەلب ساداسى ئىدى .
ھەسەنبەگ بۇلارنى ئاڭلاپ چەكسىز مەمنۇنلۇق ئىلكىدە مۇنداق دېدى :
— تاغلىرىمىز ئېگىز ، يوللىرىمىز خەتەرلىك ، دەريالىرىمىز چوڭقۇر ھەم تېيىز ، داۋانلىرىمىز كۆپ ھەم تىك . شۇڭا بۇنداق گۈزەل شارائىت تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىمىز ، تۇيۇقسىزلا چېكىنىشىمىز ئۈچۈن قولايلىق . بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز !

ئاللا ئەلنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەرگە مەدەت ، زەپەر ئاتا قىلغىن ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر" دېگەن . بىز بۇ كۆرەش ئارقىلىق ئىماندىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە بولىمىز . ئۆلسەكمۇ ، ئۆلمىسەكمۇ پاك ئىمان بىلەن كېتىمىز ! . . .

ھەسەنبەگ ئۇزاق سۆزلىدى . ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتقى يىگىتلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى ؛ ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتقى يىگىتلەرنىڭ ئۈمىد ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتتى ؛ ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتقى يىگىتلەرنىڭ ئىرادىسىنى ، جەڭگىۋارلىقىنى ئۇرغۇتتى !

يىگىتلەر چۆپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى . ئۇ يەردە ئەبەيدۇللالار بۇلارنى تۇيۇقسىز كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى .

شۇنداق ، يىگىتلەر ئۇلارنىڭ تاڭ ئالدىدىكى شېرىن ئۇيقۇسىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى . ئازغىنە ئېتىشىشتىن كېيىن ، دۈشمەن قېچىشقا باشلىدى . لېكىن ئەبەيدۇللانى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھېچقايسىسى قېچىپ قۇتۇلالمىدى . ئۇلار يەر شارائىتىنى يىگىتلەردەك پىششىق بىلمىگەچكە ، تاڭ يورۇپ ئۇزاققا قالماي ھەممىسى ئۇجۇقتۇرۇلدى . پەقەت ئۇلارنىڭ بىرىلا ھايات قالدى . ئۇ لاغ-لاغ تىترەپ قول كۆتۈرگەنلىكى ، يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغانلىقى ، سەپكە قېتىلىپ ، ھەققانىيەت يولىدا ساداقەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، ياقۇپ ئۇنى ئاتمىدى .

— نەلىك نېمىسەن ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ ئۇنىڭغا نىجاتلىق بېرىپ .

ئۇ يالۋۇرۇش ، يىغلاش ، ۋەدە قەسەمدىن توختاپ مۇنداق

دېدى :

— مەن قوشراپتىمن ، قوشراپنىڭ بۇقاتامدىن . ئەسلى مەن ئۆمەر باينىڭ قويلىرىنى باقاتتىم ، ئۈچ ئاي بۇرۇن چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ يەكەنگە ، كېيىن قاغىلىققا ئېلىپ كەلدى ، چېرىك بولدۇم . بىر كۈنى مېنى ساقچى ئىدارىسىدىن چاقىرتىپتۇ . ئىشخانىغا كىرسەم ، ئىككى ساقچى مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن ، كىرىپ بولغۇچە :

— سەن بەشكەنتتاغقا بارغانما ؟ — دەپ سورىدى .

— بارغان ، — دېدىم مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي..

— پىششىق بىلەمسەن ؟

— خېلى پىششىق بىلىمەن .

سوئال سورىغۇچى يېنىدىكى چوقۇر بىرىگە قاراپ :

— ئەي پەيجاڭ ، بۇ بولامدىكەن ؟ — دەپ سورىدى . ئۇ باش لىڭشىتىپ ، مېنى كەينىگە سېلىپ چېرىكلەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى .

— يول باشلىغۇچى بولدۇم ، دە ؟

— نېمە ئىلاجىم ، مېنىڭمۇ يول باشلىغۇچى ، ھەتتا چېرىك بولغۇم يوقتى . ماڭا رەھىم قىلىڭ ، سىلەرگە قوشۇلۇپ . . .

ئۇ ياقۇپقا ، ھەسەنبەگكە يەنە بىرمۇنچە يالۋۇردى . يېلىندى ، ۋەدە ـ قەسەملەرنى بەردى .

شۇنداق ، ھەسەنبەگ ئۇنى سەپكە قوشۇۋالدى .

ھەسەنبەگ ئەتىسىلا تاشقورغانغا ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى . بۇ تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنىڭ ئىككىنچى

ھەپتىسى ئىدى . تۆت كۈندىن كېيىن تاشقورغان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىسكادرون كوماندىرلىرىدىن بايىك ، گۆھەر ئىسىملىك ئىككى ئادەم بىر تۈركۈم ئوق - دورىلارنى ئېلىپ كەلدى .

ھەسەنبەگ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئاۋۋال مازاردارادىكى چېكىنگىرا ساقلىغۇچى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى . بىراق ئۇلار دۈشمەننىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى توغرا ئىگىلىيەلمىگەنلىكى ۋە توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . بۇ سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئىدى . ئاسماننى كۆل رەڭ بۇلۇتلار قويۇق قاپلىغان . تاغ چوققىلىرىدىكى قارىغاي ، ئارچىلار تۇمان قويىنىدا غايىب بولغانىدى .

جەڭچىلەرنىڭ بىخەتەر چېكىنىشىنى ئۈچۈن ، ياقۇپ بىلەن كامال بىر تاغ ئېغىزىدا قالدۇرۇلغانىدى . دۈشمەننى توسۇپ تۇرمىسا ، جەڭچىلەرنىڭ بولۇپمۇ يارىدارلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى .

ياقۇپ تاغ ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ، كامال سول تەرىپىگە چىقىۋالغانىدى . دۈشمەنلەر تار جىلغا ئاغزىغا قاتارلىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى . ئارىلىق ئوتتۇز قەدەمچە قالغاندا ، ياقۇپ :

— ئات ! — دەپ بۇيرۇق بەردى .

ئېتىشىش باشلاندى . ياقۇپلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ياخشى بولغاچقا ، ئوقلىرى زايە كەتمەيۋاتاتتى . ئون نەچچە دۈشمەن يەر چىشلىدى . ھاياتلىرى ئۆزلىرىنى تاشلارنىڭ ئاراشلىرىغا ئېلىپ ئوق ئۈزەتتى . لېكىن ھۇجۇمغا ئۆتمەيتتى . ئۇلار ياقۇپلارنىڭ

ئوقلىرىنىڭ تۇگىشىنى كۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

شۇنداق ، ياقۇپلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەي دەپ قالغاندى . بۇنداق كېتىۋەرسە ، ئوقى تۈگەپ ، هاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى .

— ئەمدى چېكىنەيلى ، — دېدى كامال .

ياقۇپ "ماقۇل" دەي دەپ تۇرۇشىغا كامالنىڭ يېنىدا "گۇمباڭ" قىلىپ گىرانات پارتلاپ قالدى - دە ، "ۋاي پۇتۇم ! . . . ۋايىيەي ! . . ." دېگەن ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلىنىپ قالدى .

— كامال ، نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ شۇرلاپ .

— گىرانات . . . گىرانات . . . پۇتۇمنى . . .

— ماڭالامسەن ؟ — ياقۇپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان دۇشمەنگە بىر پاي ئوق ئۈزدى ، ئۇ يەرگە چاپلىشىپلا قالدى .

— سىز . . . سىز قېچىڭ ، مەن سىزنى قوغداي ، — دېدى كامال .

— ياق ، بىز بىللە كېتىمىز ، — دېدى ياقۇپ قەتئىيلىك بىلەن ، — ماڭالامسەن - يا ؟

— مېڭىپ باقاي قېنى .

ياقۇپ بىردەمدىن كېيىن كامالنى پەستە كۆردى . ئۇ قانغا بويالغان پۇتىنى ئاستا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى . بۇ مېڭىشىدا ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالمايتتى .

دۇشمەن يەنە بىر بېغىرلاپ ، تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ دېگەندەك ئالغا سىلجىماقتا ئىدى . ياقۇپ غۇژمەككىنە

كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارىتىپ گرانات ئاتتى . غەزەپلىك پارتلاش دۈشــمــەنــنــى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى . ياقۇپ ئارقىسىغا قارىدى ، كامال پۇتىنى سۆرەپ مۇشەققەت بىلەن كېتىۋاتاتتى .

يــاقۇپ ، دۈشمەننى يەنە بىرىم سائەت توسۇپ تۇرۇپ ، ئاندىن قاچسىمۇ ، يەنىلا تۇتۇلۇپ قالاتتى ، چۈنكى كامال بۇنداق مېڭىپ ئانچە يىراققا بارالمايتتى .

دۈشــمــەن ســىــلــجــىــپ كــەلمەكتە ، ياقۇپقىمۇ هالاكەت يــېقىنلاشماقتا ئىدى . ئۇنىڭ بەش ـ ئالتە پايلا ئوقى قالغان بولۇپ ، ئەمدى قاچمىسا بولمايتتى . ئۇ بىر پاي ئوق ئۇزۇپ يېقىنلاپ قالغان يەنە بىر دۈشمەننى جەهەننەمگە يوللىدى ـ دە ، بەدەر قاچتى . جان ـ جەهلى بىلەن يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا كامالغا يېتىشىۋالدى . راستتىنلا ئۇ ئانچە يىراققا بارالمىغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالغانىدى . كامال ئەمدى ئــۆمــىلــەپ كېتىۋاتاتتى . بۇنى كۆرۈپ ياقۇپنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى . ئۇنى تاشلاپ قاچقۇسى كەلمىدى . بۇنىڭغا ۋىجدانى يول قــويــمــايــتتى . چۈنكى ۋىجدان ياقۇپنى قۇچاقلىمىسا ، ياقۇپ ۋىجدانىنى "چىڭگىدە" قۇچاقلىۋالاتتى . شۇنداق بولغاچقىلا ياقۇپ ئىنسانىي خىسلەت بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى .

ـــ تېز . . . تېز ماڭا هاپاش بول ! ـــ دېدى ياقۇپ .

كــامال چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ چېھرىدە قان دىدارى قالمىغانىدى . ياقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى .

ـــ يــاق ، ئــىككىلىمىز تۇتۇلۇپ قالىمىز ، تەڭلا ئۆلۈپ كېتىمىز . ئۇنىڭدىن كۆرە ، سىز . . . سىز قېچىۋېرىڭ . مەن سىزدىن رازى ، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى !

— بىراق ، سېنى تاشلاپ كېتىشكە مەن رازى ئەمەس ، ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز ، مانا مەن بۇنىڭغا رازى ، ئەزمىلىك قىلماي ، بول چاققان !

كامال ياقۇپقا ھاپاش بولدى . دۈشمەن قارا كۆرۈنۈش يەردە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . ياقۇپ ئۇنى يۈدۈپ چوڭ - چوڭ چامداپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭاتتى . پۇتى شۇ قەدەر يەڭگىل ، شۇ قەدەر تېز ھەرىكەتلىنەتتى . قىلچە ھېرىش ، قىلچە ماغدۇرسىزلىنىش ھېس قىلمايتتى ، گوياكى ئۇ بىردىنلا سېھرىي كۈچكە تولۇپ قالغاندەك .

ياقۇپ ئۇنى بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا قويدى

— مىلتىقىڭنىڭ ئوقى بارمۇ ؟

— ئىككى تاللا ئوقى بار .

ياقۇپ ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ ، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەندىن بىرىنى يىقىتتى . يەنە بىر ئوق زايە كەتتى . يەنە قاچماي بولمايتتى . كامالنى يۈدۈپ يەنە قاچتى . قاندىقى قانداق بولدى ، ئالدى تەرەپتىن ئىككى دۈشمەن ”لوڭگىدە“ چىقىپ قالدى . ياقۇپ چۆپتە ئولجا ئالغان ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزدى . بەش پاي ئوق بۇ ئىككى مەلئۇننى جەھەننەمگە يوللاشقا يارىغانىدى .

ياقۇپ يەنە قاچتى . . . ئاخىر ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى .

— رەھمەت ، رەھمەت سىزگە ، ياقۇپ ! — كامالنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى ، — بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن ! مەنمۇ سىز ئۈچۈن ، ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان

بېرىشتىن يانمايمەن !

— رەھــمــەت ! — يــاقۇپنىڭ قەلبى چەكسىز سۆيۈنۈش كــەلــكــۈنــىــدە قــالدى . تومۇرىدا قانلار غۇرۇر ، ئىپتىخاردىن كــۈۋەجــىــدى . ئۇ ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىۋاتاتتى ؛ ئۇ ئىنقىلابىي ھاياتىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتى ؛ ئۇ ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتىپ كەلگەن ساداقەتمەن دوستىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتى .

يــاقــۇپ شــۇلارنى ئويلىغاچ ، ئاشنى مىلىك تەستە ئىچىپ تۈگەتتى . ئىچكەن ئېشى ، سۇرگەن خىيالى تۈگىشى بىلەنلا ئۇنى ۋىجدان قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى . شۇڭا خىجىللىق ئىلكىدە بىئارام بولۇپ ، قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەنىدى . چۈنكى ئۇنىڭدىن يــىــراقــلاپ كــېــتىۋاتقان ۋىجدان ـ غۇرۇرى بايىقى شەرەپلىك ئەســلــىــمــە ، پــەخــىــرلىك ھېسسىياتلارغا ئەگىشىپ قايتىپ كەلگەنىدى .

” نېمىدەپ كامالنىڭ ئايزۆھرەدە ھەققى يوقكەن ؟ نېمىشقا ئۇنى كامالدىن تارتىۋالىدىكەنمەن ؟ تارتىۋېلىش ھەققىم بارمۇ ؟ ئايزۆھرەنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ، مەن نەدە ئىدىم ؟ ئــۇنــىــڭغا باشپاناھ ، يۆلەنچۈك بولالىدىممۇ ؟ دەردىگە دەرمان بولالىدىممۇ ؟ . . . “ ؛

” شــۇنــداق ، مــۇھــەببەت بۈيۈك ، قەدىرلىك ! لېكىن ئۇ ھۆرلۈك ، ئازادلىقتىنمۇ قەدىرلىكمۇ ؟ شەخسىي مۇھەببىتىم بىر ساداقەتمەن ئىنقىلابچىنىڭ ھاياتىدىنمۇ قەدىرلىكمۇـھە ؟ . . . “ ؛

” ئــاھــ خــۇدا ، مــېــنــى كــەچــۈر ! شۇملۇقانە پۇشايماندا ئــۆرتــەنــگــەنــلــىــكــىمنى ، ھەسرەتلەنگەنلىكىمنى كەچۈرگىن ! شەيتىنىمنى بوغۇزلاپ ،ماڭا ئېزگۇ نىيەت ئاتاقىلغىن ! . . . “ .

ئايزۆھىرە قۇياشتەك پارلاپ كىرىپ كەلدى . ياقۇپنىڭ پۇشايمانلىق پىچىرلاشلىرى ئۈزۈلدى . ئۇ يېزىپ تەييارلاپ قويغان ھېلىقى خەتنى ئايزۆھىرەگە تەڭلەپ :

— بۇ خەتنى كۆكلەكتىكى ئوسمان تۆمۈرچىگە ئاپىرىپ بېرىپ كېلىڭ ، — دېدى ۋە ، — كامال كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتسۇن . شۇ باھانىدە ئۇنى كۆرۈۋالارسىز ، — دەپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى .

ئايزۆھىرە ياقۇپقا ئىپادىسىزلا "لاپپىدە" بىر قاراپ قويۇپ خەتنى ئالدى . ئۇنىڭ چېھرىدە تەقەززالىقنىڭ ھېچقانداق بىر كۆلەڭگىسى ئەكسلەنمىگەنىدى . پەقەت مۇھەببەت تەشنالىقىلا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . بۇنى ياقۇپ سېزەلىدىمىكىن ؟

— خۇش بولدىڭىزمۇ - يا ؟

ئۇ خۇش بولمىغانىدى .

— ھەئە ، خۇش بولاپ خۇدى ، — ئۇ چىرايلىنىقىنە جىلمىيىپ قويدى ، — ئۈچ - تۆت كۈن ياتسىڭىز بولمامدۇ ؟ باقالايتتىم سىزنى . — ئۇنىڭ ياقۇپنى باققۇسى بار ئىدى .

شۇنداق باققۇسى بار ئىدى !

— رەھمەت ! — بۇ تەشەككۈر ياقۇپنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى . — مېنىڭمۇ قېشىڭىزدىلا تۇرغۇم بار ، بىراق ئۇزاق تۇرسام بولمايدۇ ، خەتەرلىك ، سىلەرگىمۇ بالا تېرىپ بېرىشىم مۇمكىن .

ئايزۆھىرە ياقۇپنىڭ قېشىدا گىدىڭشىپ تۇرىۋەرسە بولمايتتى . قېينانىسى باشقىچە ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . ھەر ئىككىسىلا زېۋىدىخانىنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىنى

خالىمايتتى؛ باشقىچە ئويلاپ قىلىشىدىن قورقاتتى؛ ئۇيغۇر ئەخلاقى بىلەن ئۆلچىگەندە بۇ ئەلۋەتتە نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىناتتى.

شۇڭا، ئايزۆھرە خەتنى ئېلىپلا چىقىپ كەتتى.

ئايزۆھرە چۈش بىلەن قايتىپ كەلدى. ياقۇپ تەقەززالىق بىلەن:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئوسمان تۆمۈرچى يوقكەن، تۇزغا كەتكەن، دەيدۇ، كەچ كېلىدىكەن، شۇڭا يېنىپ كەلدىم.

— ئەستاغ...

— ئەنسىرىمەڭ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي.

ئايزۆھرە سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاشىقانە نەزەردە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە شۇڭغۇدى. گويا ئالتۇن بېلىقتەك. شۇڭغۇش ھامانلا ئۇنىڭ دېڭىزدەك چەكسىز، تەكلىماكان قۇملۇقىدەك چاڭقاق كۆزلىرىگە خۇددى نۇر تالالىرىدەك يېيىلىپ كەتتى - دە، ۋۇجۇدىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. شۇنداق، بىر جۈپ ۋۇجۇد، بىر جۈپ روھ يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى؛ بىر جۈپ قەلب بىر - بىرىگە سىڭىشىۋاتاتتى؛ ھەسرەتلىك يۈرەكلەرگە مەلھەم - مەلھەم مېھىر سىزىۋاتاتتى. تومۇرلىرىدا پاك مۇھەببەتنىڭ دوغسىز كەلكۈنى مەۋج ئۇراتتى!

ئايزۆھرە شۇ تاپتا ئۆزىنى ياقۇپقا ئېتىپ، ئۇنىڭ قويدەك باغرىغا سۈدەك سىڭىپ كېتىپ، قايتىدىن تۆرىلىشىگە شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كەتكەندى؛ ئۇ شۇ تاپتا ياقۇپنىڭ ئاق قو

كۆكسىدەك يۇمشاق باغرىغا چۆكۈپ تۇرۇپ ، يىغلاپ ـ يىغلاپ دەرد تۆكۈشكە شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كەتكەنىدى ؛ ئۇ شۇ تاپتا ياقۇپنىڭ قۇياشتەك هارارەتلىك باغرىغا تاشلىنىپ ، گەز باغلاپ كەتكەن ، جاۋىدەك يىرىك ، ئەمما چوغسىمان لەۋلىرىدىن هاياتبەخش ئەتكۈچى سېهىرلىك تۇيغۇلارنى شوراشقا شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كەتكەنىدى !

ئەمما ، بۇنىڭغا نىكاھ ئەمەس ، ئۇيغۇر ئەخلاقى يول قويمايتتى ؛ بۇنىڭغا ئۇيغۇر روهى يول قويمايتتى .

ــ ئايزۆهرە ، بۇ ئۆيگە قانداق بولۇپ كەپقالدىڭىز ؟

ياقۇپنىڭ بۇ سوئالى ئايزۆهرەنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئۇ ياقۇپنىڭ چوقۇم مۇشۇ سوئالنى سورايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئېسەدەپ تۇرۇپ ماجىڭسا ھەققىدە . . . ناهايىتى قىسقا دەرد تۆكتى .

بىر جۈپ يۈرەكتە ئوخشاش پىچىرلاش ، ئوخشاش هېس ـ تۇيغۇ ، ئوخشاش غەزەپ مەۋج ئۇراتتى :

”خەپ ، ماجىڭسا ! . . .“

## 8

ياقۇپ مىنۇتسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى . بولۇپمۇ ، تەبەسسۇم بىلەن كۈلسە ، جىلمايسا سۈس قىزىرىپ تۇرىدىغان سىپسىلىق مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق پەيدا بولاتتى . بارماق ـ ىتەك ـ بارماقتەك توم ، بولۇق ، قاپقارا قاشلىرى ، ئۇزۇن

كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەبنەمسىمان سۇزۇك كۆزلىرى بىلەن يارىشىملىق بۇرۇت ، قىرلىق بۇرۇنلىرى ھەمكارلىشىپ ، ئۇنى گويا چىنتۆمۈر باتۇرغا ، پەرھادقا ، غېرىبقا . . . ئوخشىتىپ قويغانىدى . شۇڭا ئايزۆھرەنىڭ ياقۇپنىڭ تەبەسسۇمىغا سىڭىپ - سىڭىپ كەتكۈسى كېلەتتى ؛ شەھلا كۆزىگە شۇڭغۇپ - شۇڭغۇۋالغۇسى كېلەتتى ؛ زىنىقىغا مۆكۈپ - مۆكۈۋالغۇسى كېلەتتى .

ئايزۆھرە ياقۇپنىڭ قېشىغا پات - پات كىرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋە قىسقا مۇڭدىشىپ چىقىپ كېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا ياقۇپمۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ نىگاھلىرىنى ئۇنىڭ نىجاتكارانە قارىچۇقلىرىدا بېلىقتەك ئۈزدۈرۈپ ، يۈرىكىنى گۈللىۋالاتتى . كۆلدۈرۈۋالاتتى .

ئايزۆھرە يەنە كىردى . لېكىن ئۇ تولىمۇ غەمكىن ، پەرىشان كۆرۈنەتتى .

— نېمە بولدىڭىز ؟

— ھېچ . . . ھېچنېمە ، — ئايزۆھرەنىڭ ئاۋازى جىغىلداپ كەتتى . خۇددى دەز چىنىدەك . كۆزىدە ياش يالتىرىدى ، گوياكى مامكاپ بەرگىدىكى شەبنەمدەك .

— گەپ قىلىڭا بىر ، نېمە بولدى زادى ؟

— سىز . . . سىز كېتىسىز . . .

شۇنداق ، ياقۇپ بۈگۈن كېتەتتى ، كەتمىسىمۇ بولمايتتى . چۈنكى ئەتىگەن ئايزۆھرە خەتنى ئوسمان تۆمۈرچىگە ئاپىرىپ بېرىپ كەلگەنىدى . بۈگۈن كېچە يىگىتلەر — ئېرى كېلىپ ئۇنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىۋېتەتتى .

ياقۇپنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

— ئەمىسە... بىللە كېتەيلى، ماقۇلمۇ؟ — ياقۇپنىڭ ئايزۆھرەگە بۇنداق تەكلىپ بېرىش نىيىتى يوق ئىدى. بۇ ھەقتە ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن، ئاللادىن كەچۈرۈم سورىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇنى كامالدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟

بىلمەيتتى.

ئۇ، بۇ تەكلىپنىڭ قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغانىدى. ئەمدى بۇ تەكلىپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى.

— ماقۇل! — ئايزۆھرە كەسكىن جاۋاب بېرىپ بولغانىدى.

— بىراق...، — دېدى ياقۇپ تەكلىپنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، — بىراق... جەڭ دېگەن...

— مەنمۇ بىلمەن. — ئايزۆھرە ياقۇپنىڭ گېپىنى بۆلدى، — سىز بىلەن بىللە جەڭ قىلسام، قۇچىقىڭىزدا جان ئۈزسەم ئارمىنىم يوق!

— رەھمەت سىزگە، ئاي! مەنمۇ شۇ!...، — ياقۇپنىڭ ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشتى، خۇددى قورام تاشتەك. بۇ قورام تاشلار دومىلىنىپ - دومىلىنىپ ئايزۆھرەنىڭ يۈرىكىنى مىجىپلاۋەتتى.

— بىراق...

زىندانخانىنىڭ يۆتەلگەن، يولۋاسنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككىسى ئالدىراپقىنە ياشلىرىنى سۈرتۈشتى.

يېرىم كېچىلەردە ئىشىكنىڭ زەنجىرى بوشقىنە

جالدىقشىدى . ئايزۆھرە بىلەن زىۋىدىخان تەڭلا ئويغاندى .

— كىمدۇ ئۇ ، بالام ؟ — دەپ شىۋىرلىدى زىۋىدىخان ،— كامال كەلدىمۇ - يا ؟

— تــاڭ ئەمدى ، — دېدى ئايزۆھرە پىچىرلاپ ، ئاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى ، — كىم ئۇ ؟

— مەن . . . كامال .

بــۇ ئــاۋاز بــەكــمــۇ بوش ئاڭلاندى . بۇنىڭدىن كامالنىڭ ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئايزۆھرە بىلەن زىۋىدىخان يولۋاسنى ئويغىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، پەم بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئىشىكنى زىۋىدىخان ئاچتى .

— ئانا !

— جېنىم بالام ، ساقمۇ سەن ؟ !

زىۋىدىخان كامالنى باغرىغا باستى ، خۇددى يولۋاسنى باغرىغا باسقاندەك . ئۇ كامالنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە تويماي سۆيدى . بويۇن ، قۇلاق ، ئىڭەكلىرىنى سىلىدى . يۈزىنى ساقال - بۇرۇت قاپلىغان يۈزلىرىگە سۈركىدى . ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى .

ئايزۆھرە جىنچىرىغىنى ياندۇردى . ئۆي غۇۋا يورۇدى .

— ساق تۇردىڭىزمۇ خېلى ، كامال ؟ — دەپ سورىدى ئايزۆھرە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ .

— خۇداغا شۈكرى ، سىزچۇ ؟ — كامال ئانىسىنىڭ باغرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئايزۆھرەگە يۈزلەندى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سېغىنىش ، تەشنالىق جىلۋە قىلاتتى .

— ھە ئە . . . ، — ئايزۆھرە كامالدىن قىزغىن ھال - ئەھۋال سورىدى . بۇنىڭدىن كامالنىڭ جېنى يايرىدى ، سۆيۈندى .

شۇنداق ئۇماق، ۋاپادار خوتۇنىنىڭ بارلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندى. ئاندىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پېشانىلىرىگە، لەۋلىرىگە سۆيدى. يېرىك ساقاللىرىنى يۈز - كۆزىگە سۈركىدى. يولۋاس ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆمچەيتىپ، بېشىنى ئۇيان - بۇيان چايقىدى.

— بولدى، ئۇنداق قىلما، بالام، ئويغىنىپ كەتمىسۇن، قىرقىراپ ھېلى...

— مەيلى، ئويغىنىلى، — دېدى ئايزۆھرە كامالنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، — بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، — ئۇ يولۋاسنى قولىغا ئالدى. — داداڭ كەپتۇ، ئەينا، قارىغىنا مۇنداق.

لېكىن يولۋاس كۆزىنى ئاچمايلا يىغىسىنى باشلىۋەتتى.

— مەيلى، ئويغاتمايلى، — دېدى كامال، — ئەمچەك سېلىڭا.

— ئايرىۋەتتۇق، بالام، ئۇنى، — دېدى زىۋىدىخان.

ئايزۆھرە يولۋاسنى باغرىغا بېسىپ گوللاشقا باشلىدى. يولۋاس يەنە ئۇخلاپ قالدى.

ئۇلار پىچىرلىشىپ مۇڭداشتى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن زىۋىدىخان سورىدى:

— ياقۇپنى ئەكەتكىلى كەلدىڭما، بالام؟

— ياقۇپنى، قايسى ياقۇپنى؟ — كامالنىڭ كۆزى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۇلۇشكەن كېچە سەن بىلەن چارلاشقا كەلگەن ياقۇپچۇ؟ چوپان قاراشولۇق ياقۇپ.

— ھە - ھە، ئۇ نەدىكەن؟ مەن ئۇنى تىنىڭ - تىڭلاپ

كەلگەن .

— مۇشۇ ئۆيدە .

— ئۇ بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — كامال تېخىمۇ ھەيران قالدى .

— ئ ـۇل ـۇشكۇن كېچە ھاجەتكە چىقىپتىم ، — دېدى ئايزۆھرە ، — بىردىنلا ئەتراپنى ئوق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى . نېـمە ئىش بولدىكىن ، دەپ بىردەم قاراپ تۇرسام ، بىرنەرسە پايپاسلاپ كېلىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى . يىگىت ئـوخـشـايـدۇ ، دەپ ئـويلاپ كۆۋرۈك بېشىغا بارسام ، راستلا يىگىتكەن . . .

— مېنىڭ يىگىتىمكەن ، دەڭ ! — كامال ئايزۆھرەنىڭ گېپىنى زەردە بىلەن بۆلۈۋەتتى .

بۇ سۆزدىن ئايزۆھرەنىڭ يۈرىكى ” قارتتىدە“ قىلىپ قالدى . ئـەزايـىغا سانسىزلىغان تىكەنلەر سانجىلدى ، خۇددى ياقۇپنىڭ ئـۆيـدە بـارلـىـقـىـنـى ئـاڭـلىغان كامالنىڭ يۈرىكىگە تىكەن سانجىلغاندەك .

— ئۇنداق دېمە ، بالام . قۇتقۇزۇۋالغان بولسا ، ئۆزىنىڭ يۈرتلۇقىكەن ، يۈرتلۇقى بولمىغاندىمۇ قۇتقۇزۇۋالغۇلۇق - يا !

ئـۆيـنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى . ھەممىسى ھەر خىل خـىـيـالـلارغـا بەند ئىدى . بولۇپمۇ ، كامالنىڭ خىيالى ئەڭ مۇدھىش ، ئەڭ ئازابلىق ئىدى .

” . . . نېمە ئايزۆھرەنى ئالدىغا ؟ ئاشۇ جالاپنى ؟ ياقۇپ باچكا بىلەن ئەر - خوتۇندەك يۈرۈپ كەتكەن جالاپ ئۇ . قىز چىقىپتىمۇ - يا ؟ ھە ، شۇنداق گەپ ئەينا ، قىزلىقىنى ياقۇپقا

بېرىپ بولغان پاسكىنا ئۇ. بېرىپلا سۆزىنى بېرىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقار ئۇ بۇزۇقنى، نەگە بارسا بارسۇن! ياقۇپقا تېگەمدۇ، ئېشەككە تېگەمدۇ... ساڭا خوتۇن تۇگەپ قالمايدۇ...“

كامالنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغان بۇ گەپلەر خاسىيەتخاننىڭ ئاغزىدىن ئۆتكەن ھەپتە، كامال چوپانغا رازۋېدكىغا بېرىپ خاسىيەتخاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغاندا چىققاندى. ئۇ بۇ گەپلەرنى شالىنى چېچىپ تۇرۇپ دېگەن، كامال يىلاندەك تولغىنىپ تۇرۇپ ئاڭلاپ، بىر كېچە ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىغان، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايزۆھرەنىڭ سۆزىنى بېرىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش قارارىغا كېلەلمىگەندى. چۈنكى ئۇ ئايزۆھرەنى سۆيەتتى؛ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن چەكسىز سۆيەتتى. ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەتتا ئەزىز جېنىدىنمۇ ۋاز كېچەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئايزۆھرە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسى ئىدى. شۇڭا ئۇ جېنىدىن كەچسە كېچەلەيتتىكى، ئەمما ئايزۆھرەدىن كېچەلمەيتتى. ئەگەر ئايزۆھرە كامالنىڭ قەلبىدە تۇنجى مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان، ئۇلغايتقان، لاۋۇلداتقان مەبۇد بولمىغان بولسا، كېچەلىشى مۇمكىن ئىدى؛ قايناق لەۋلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاپئاق يۈرىكىگە سۆيگۈ مۆھۈرىنى باسقان مۇھەببەت ئىلاھى بولمىغان بولسا، كېچەلىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئېزىك، بىمار، چۈشكۈن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋۇجۇدىغا ھاياتي كۈچ ئورناتقان پەرىشتە بولمىغان بولسا، كېچەلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق

بولغاچقا كامال ئايزۆھرەنىڭ ئۆتمۈشىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ھازىرىغا، كەلگۈسىگە قارىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشمىسىلا، ئۇنى خىيالىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتسىلا، مەڭگۈ ئەسكە ئالمىسىلا، كامال بۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئايزۆھرەدىن بۇ ھەقتە ۋەدە ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. مانا، بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا بۇ ئىشنىڭ، مەڭگۈ قورقىدىغان بۇ مۇدھىش ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى قارىمامدىغان؟

”ئۇنىڭ بىلەن مۆڭداشقاندۇ!... چىمداشقاندۇ!... سۆيۈشكەندۇ!... ھەتتا ئانامنى ئۇخلىتىپ قويۇپ!... ئاھ خۇدا، سەن...“

— قوپ، بالام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىق.

يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىپ، يۇلقۇنۇۋاتقان كامال ئازابلىق خىياللىرىنى يىغىپ ئايزۆھرەگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپلا كەتكەنىدى، خۇددى كامالنىڭ چىرايىدەك، ئۇ يولۋاسنى قۇچاقلاپ ”جىممىدە“ ئولتۇراتتى.

زىۋىدىخان يەنە سۆيلىدى. كامال يەلكىسىگە تۇگمەن تېشى ئارتىپ قويغاندەك، ناھايىتى مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ئالدى ــ دە، قازناققا كىردى. ياقۇپ ئالدىبۇرۇن ئويغىنىپ كەتكەن بولۇپ، كامالنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئۆرە ئولتۇراتتى. ئۇلار قەدىناسلارچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كامال چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

— سەن يالغۇز كەلدىڭما؟

— بەگ ئاكام خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى كۆرگەچ ، ياقۇپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەل ، دەپتى ، شۇڭا كېلىشىم .

— خېتىم سىلەرگە تەگمەپتۇ ـ دە ؟

— ياق ، ھېچقانداق خېتىڭ تەگمىدى بىزگە ، خەت يازغانما ؟

— ھەئە . . . ئەستاخ ! . . .

— سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزدىن خەۋىرىم بولمىغاندىكىن ، يالغۇز كەپتىمەن ئەينا . يا ئۇلاغ يوق .

— قانداق قىلىمىز ئەمدى ؟

— بۇ تۇرقىڭىز بىلەن سىزنى مەن يۇرتتىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيمەن ، — دېدى كامال بىردەملىك ئويلىنىشتىن كېيىن ، — مۇنداق قىلىلى ، ئەتە كېچە بىز ئات ـ ئۇلاغ ئېلىپ كېلىلى ، قانداق دېدىم ؟

— شۇنداق قىلىلى ئەمدى .

ئىككىسى مەسلىھەتنى شۇنداق پىشۇرۇشتى .

كامال تاڭغا يېقىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

# ئۈچىنچى قىسىم

## جەڭگاھ

### 1

يېشىللىق ، سەكراتقا چۈشكەن كەچ كۈز . دەل ـ دەرەخلەر ، گۈل ـ گىياھ . . . لار يوپۇرماقلىرىنىڭ ياقۇتسىمان چېھرىنى گويا چامغۇر ئۇندۇرمىسىدەك سارغايتىپ ، قەتلى قىلىشقا باشلىغان رەھىمسىز كەچ كۈز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى بىر ئاي بولغان ئايزۆھرە خانىمنى قاتتىق ـ قاتتىق يۆتەلتىپ ، يەڭدەپ يەڭدىتىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمىدىتىپ ھويلىغا سۆرەپ چىقتى . ئۇ ھويلىدىكى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا قېرىپ قاقشاللىشىپ قالغان ئۈجمىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى . چۈنكى ئۈجمە ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك يالىڭاچلىنىپ قالغان بولۇپ ، پەقەت بىر تال يوپۇرمىقىلا ئاچچىق شامال بىلەن جاھىلانە تىركىشىپ ، تىنىمسىز تىترەۋاتاتتى .ئۇ قاچان تۆكۈلەركىن ؟قاچان تۆكۈلۈپ ئانا يەرگەباغرىنىياقاركىن ؟

ئايزۆھرە خانىم يەردە غېرىبسىنىپ يېتىشقان سەرسان يوپۇرماقلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى كۆڭۈلسىز ھېس قىلدى. يۈرىكىنىڭ ئېغىۋاتقانلىقىنى، ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇڭا ئۇ ھەر يىللىق ئادىتى بويىچە كونىراق بىر بۆز تاغار بىلەن قومۇش سۈپۈرگىنى ئېلىپ، ئالدىراپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇ تاغارنى دولىسىغا ئارتىۋالغان، سۈپۈرگىنى سول قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، چىرايلىقىنە ھاسىسىنى يەرگە "توك ـ توك" ئۇرۇپ، ناھايىتى تەستە قەدەم يۆتكەيتتى. ئورۇق پۇتلىرى ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى كۆتۈرۈشكە ئاجىز كېلىپ، ئىككى يانغا ئېگىلىپ چىقاتتى. خۇددى قىسماقنىڭ دۇمبىسىدەك. بەدەنلىرىدىكى ئوق ئىزلىرى، سۇنۇپ ساقايغان قوۋۇرغا، پاقالچاقلارنى ئايزۆھرە خانىم ياش ۋاقتىدا بوزەك ئەتكىنى بىلەن، يېشى يەتمىش لەردىن ئاشقاندا بوزەك ئېتەلمەيۋاتاتتى. ئەكسىچە، بۇ كونا جاراھەتلەر ئايزۆھرە خانىم قېرىغانسېرى ئۇنى بوزەك ئېتىپ، ئۆچىنى ئالماقتا ئىدى. ئۇ ھەدېسىلا يۆتىلەتتى. كۈچلۈك ـ كۈچلۈك ھاسىرايتتى. كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شاماللىرى ئۇنىڭ شالاڭ ـ شالاڭ، كۈمۈشتەك ئاقارغان چېكە چاچلىرىنى سىلايتتى، يەلپۈيتتى.

ئايزۆھرە خانىم قەبرە بېشىغا كېلىپ، خۇددى بەتلەنگەن يادەك ئېگىلگەن بېلىنى مىڭ تەستە بىرئاز رۇسلاپ چىنارغا قارىدى. قەبرىنىڭ ئوڭ يېنىغا تىكىلگەن، ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يەتكۈدەك چوڭلۇقتىكى بۇ چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەتراپتىكى بىرنەچچە قەبرىگە بىر قەۋەت زەر يوپۇق ياپقانىدى.

"ئۇھ!..."

ئـايـزۆهـره سـەهەرنىڭ سوغۇق ، ئەمما ، تازا ھاۋاسىدىن تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ سۇمۇردى .

"رەنجـىـمـەڭ ، جېـنىم . ئاغرىپ قېلىپ ، سىز بىلەن مۇڭداشقىلى كېلەلمىدىم ."

ئۇ ئىختىيارسىز شىۋىرلاپ ، سۇپۇرگە بىلەن تاغارنى چىنار تـۈۋىـگـە تاشلاپ قويۇپ ، قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . بىـردىـنـلا ئـۇنـىڭ خۇددى يېغى قالمىغان ، جىنچىرىغىدەك پىلدىرلاپ قالغان كونۇس كۆزلىرىدىن "مۆللىدە" ياش ئېتىلىپ چىقتى - دە ، قورۇق بېسىپ كەتكەن مەڭزىلىرىنى نەمدەشكە باشلىدى . . .

" . . . يـادىـڭـىـزدىمۇ ، جېنىم ياقۇپ ، مەن شۇ چاغدا خېتىمدە سىزگە : «ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسەم ، قەبرە بېشىمغا بىر تۈپ چىنار تىكىپ ، پەرۋىش قىلىپ قويۇڭ ، دەپ ۋەسىيەت قـىـلـغانىدىم . ئەپسۇسكى ، مەن ھايات قېلىپ ، سىز قۇربان بولدىڭىز . شۇڭا مەنمۇ سىزنىڭ قەبرە بېشىڭىزغا بىر تۈپ چىنار تىكىپ ، پەرۋىش قىلىپ كۆكلەتتىم . بىلەمسىز ، جېنىم ، بۇ چـىـنـارــ سـىـز ، يـۈرىـكـىـڭـىـزنىڭ ، مۇھەببىتىڭىزنىڭ ، ئـېـتـىـقادىڭىزنىڭ تىرىك شاھىدى ! بۇ چىنار ھەم — مەن ، ئەقىدەمنىڭ ، ساداقىتىمنىڭ سىمۋولى !

— بـۇ ماڭىمۇ ئايان ، جېنىم زۆھرەم . بۇ خاسىيەتلىك چـىـنارىڭىز ماڭا ھەمىشەم مېنىڭ غېرىب روھىمغا ، مىسكىن يۈرىكىمگە سىزنىڭ پاك روھىڭىزنىڭ مەڭگۈ ھەمراھ بولغۇسى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ .

— مـېـنىڭ روھىمنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەمسىز ، جېنىم

ياقۇپ ؟

ــ نېمىشقا ئىشەنمەيتتىم ؟ ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن . چۈنكى ، جىسمانىي بۇلغىنىش ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى روھىي بۇلغىنىشتۇر . لېكىن داۋاملىشىۋەرگەن ، جىسمانىي بۇلغىنىش هامان روھىي بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئەمما سىز هازىرغىچە جىسمانىيىتىڭىزنى خۇددى روھىڭىزغا ئوخشاشلا پاك ساقلاپ كەلدىڭىز . شۇڭا سىز پاك ، مەن ئۇچۇن ئەڭ ـ ئەڭ پاك بىغۇبار !

ــ رەھمەت ، رەھمەت سىزگە ! . . .

ئايزۆھرەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرىدەپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان سۈزۈك ياشلىرى تاغ زۇلپىسىدىن ئەمدىلا يۈزىنى چىقارغان ئۈياتچان قۇياشنىڭ زەر نۇرلىرىدا كەھرىۋادەك يالتىرايتتى . ئەنجان پاختەكلىرى ھەسرەت بىلەن سايرايتتى :

” ھەسرەت تارتىمدۇ ـ ھەسرەت تارتىمدۇ ! . . .“

شۇنداق ، پاختەكلەرنىڭ سايراشلىرى تولىمۇ ھەسرەتلىك ئىدى ، خۇددى ئايزۆھرەنىڭ ئۆكسۈشلىرىدەك .

” جېنىم ياقۇپ ، ماڭا خەت قالدۇرۇپ كەتكىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت ! خېتىڭىزدە مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ، مېنى مەڭگۈ سۆيۈدىغانلىقىڭىزنى يازغان ئىكەنسىز . خېتىڭىزنى ئوقۇپ دەسلەپ ئۇن ـ تىنسىز ، ھەرىكەتسىز ، خىيال ـ تەپەككۇرسىز قېتىپلا قالغانىدىم ، گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك . سەلدىن كېيىن لەۋلىرىمنىڭ تىنىمسىز لىپىلداۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم ؛ ۋۇجۇدۇمنىڭ خۇددى كەچ كۈزدىكى گۈل بەرگلىرىدەك

تــمــترەۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم؛ چىرايىمنىڭ مىسالى تامدەك تــاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم؛ يۈرىكىمنىڭ ئەلەم ـ ھــەســرەتــتـــن ئېچىشىپ، گوياكى قايناق قۇمدا قالغان زەر بـېلـىـقـتـەك ســەكـرەپ، پىلتىڭلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم، قـەلـبىمنىڭ ئۈنسىز يىغلاپ، ساداسىز نالە قىلىپ، سىزدىن خۇددى ئازغۇن بەندىدەك بىچارىلىك بىلەن خىتابسىز كەچۈرۈم سـوراۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم؛ كۆزۈمدىن ئەلەملىك، قىرتاق ياشلىرىمنىڭ مانا ھازىرقىدەك بەئەينى يامغۇرسىمان تورۇكلاپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم.

ئۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدىن ياشلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ تــۇرىدىغان يىگىرمە ياشلىق يارامىلىق، قورقماس، قەيسەر بىر جـەڭـچـى بـولساممۇ، لېكىن قەبرە بېشىڭىزغا بۇگۈنكىدىنمۇ مـۇشەققەتتە كەلگەندىم. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۈستۈمدىن ئار ـ نومۇس، خورلۇق، ھەسرەت ـ نادامەت بېسىپلا تۇراتتى، گوياكى تاغدەك.

قـەبـرە بـېـشـىڭىزغا كېلىپ، مانا ھازىرقىدەك يۈكۈنۈپ ئـولـتـۇرغـان چېغىمدا، قەبرىڭىزنىڭ توپىلىرى تېخى قۇرۇپ بولالمىغان بولۇپ، بىر خىل ئېقىش بۇس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بــاھــار ئاپتىپىدا قىزىغان قەبرىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقىنى بۇس ئەمەس، كۆل سۇيىدەك تىپتىنچ قەلبىمنى داۋالغۇتۇپ، دىلىمنى مــەستخۇشلاپ، يۈرىكىمنى قىزىتىپ كاۋابدان ئەتكەن ئوتلۇق نـەپـەسـلـىـرىـڭـىـز ئىدى؛ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقىنى چوپان قـۇشـلـىـرىـنىڭ سايراشلىرى ئەمەس، ئېزگۇ، ئىلھامبەخش كـۈيلىرىڭىز ئىدى؛ ئەزايىمنى كۆيدۈرۈۋاتقىنى زەر قۇياشنىڭ

ئۆتكۈر نۇرلىرى ئەمەس ، سىزنىڭ ھاياتبەخش مۇھەببىتىڭىز ئىدى . مەن سىزنىڭ شۇ ئوتلۇق نەپەسلىرىڭىزدىن ، ئېزگۈ ، ئىلھامبەخش كۆيلىرىڭىزدىن ، ھاياتبەخش مۇھەببىتىڭىزدىن ھۇزۇرلانغىلى ، شىكەستىلەنگەن مەجرۇھ قەلبىمگە دورا ـ مەلھەم چاپلىغىلى ، پات ـ پات دادلىشىپ ، چۈشكۈنلىشىشنى خالاپ قالىدىغان روھىمنى ئۇرغۇتقىلى قەبرە بېشىڭىزغا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇردۇم . مانا ، 50 يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . شۇ يىللار ئىچىدە قەبرىڭىزنى تاۋاپ قىلىپ ، سىز بىلەن مۇڭدىشىشنى تەرك ئېتىپ باقمىدىم . سىزنى سېغىنغان ھامان قەبرە بېشىڭىزغا كېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىمەن . يۇرتىڭىزنىڭ سىمۋولى بولغان چىنارىڭىزغا تەلمۈرۈپ قارايمەن ، ئۇنى قۇچاقلايمەن ! چۈنكى چىنارىڭىزغا قارىساملا تەبەسسۇمىڭىزنى ــــ ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭىزنى كۆرگەندەك . چىنارىڭىزنى قۇچاقلىساملا سىزنى قۇچاقلىغاندەك بولىمەن ـ دە ، نېمىشقا توي قىلمايسەن ؟ توي قىل ، پەقەت توي قىلىشنى خالىمىساڭ ، ئاشنا ئوينا ، دەپ كوتۇلداپ مېنى كۈشكۈرتىدىغانلارنىڭ شۇنداق پەس ئاشنىلىرىدىن ئالىدىغان قىرتاق ، ساختا لەززەتلىرىگە قارىغاندا ، نەچچە ھەسسە ئارتۇق ، ساپ ، بىغۇبار لەززەت ئېلىپ ھۇزۇرلىنىپ ، ئۆزۈمنى دۇنيانى ، ھەممە ـ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن ، خۇددى بىر چاغدا سىزنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنى ، دۇنيانى ، ھەتتا نىكاھلىق ئېرىمنى ، نىكاھىمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر ـ كىشەنلىرىنى ، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك . نېمىشقا دەمسىز ؟ چۈنكى سىز يۇرتىمگە ئىخلاس بىلەن سۆيىسىز !

سىزدىن يوشۇرمايمەن ، ئومىقىم . مېنى شەيتان ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغان چاغلارمۇ كۆپ بولدى . ئوقۇتقۇچى بولدۇم ، شائىر يازغۇچى بولدۇم . چىرايىم يەنىلا شۇنداق گۈزەل ، شۇنداق جەزبىدار ئىدى . شۇڭا ماڭا ئاشىق ـ بىقارار بولىدىغان يىگىتلەرمۇ جىق ئىدى . ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى توي قىلمىغان قىران يىگىتلەرمۇ بار بولۇپ ، ئىزھار قىلغان سۆيگۈنى رەت قىلسام ، بەزىلىرى ئاھ ئۇرۇپ ، سولىشىپلا كېتەتتى ، بەزىلىرى كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان تۆكەتتى . ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ ، تەلپىنگە قوشۇلاي ، ۋىسال شارابى ئىچۈرەي ، دېگەن نىيەتكە كېلەتتىم ـ يۇ ، ئىچۈرەلمەيتتىم ، دەررۇ نىيىتىمدىن ياناتتىم ؛ ئۆزگىلەرگە كۆي دەپ زورۇقۇپ باقاتتىم ـ يۇ ، كۆيەلمەيتتىم ؛ بىراۋلارنى سۆيۈشكە ئىنتىلەتتىم ـ يۇ سۆيەلمەيتتىم . چۈنكى بۇنداق چاغلاردا سىزنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭىز ماڭا تىغ تەگلەپ تۇرۇۋالاتتى ـ دە ، دۈشمەنلەر مىلتىق ئىستوۋۇللىرىنى بېشىمغا تىرىگەندىمۇ تىترىمىگەن يۈرىكىم تىترەپ ، تىپتىنچ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم . مانا ھازىرغىچە تىپتىنچ يۈرۈۋاتىمەن . مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە شېئىر يازغانىدىم ، ئوقۇپ بېرەي ، ئاڭلاپ باقامسىز ؟

تەبەسسۇم سوۋغاڭدىن ئېلىپ مىڭ پاتمان ،
كەتتىم مەن يىراققا ، يىراق ـ يىراققا .
ئىكەنمىش يار ئىشقى زەھەردىن يامان ،
قانداقمۇ چىدارمەن ھىجران ـ پىراققا .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،

ماي بولۇپ قۇيۇلدى ئىشقى چىراغقا

"سۆيۈمەن" دېگىنىڭ چاقچاقمۇ ـ راست گەپ ؟
ئومىقىم ، سۆزۈڭگە پۈتەلمىدىم مەن .
جىلمىيىپ قىلغان ئۇز تەبەسسۇمىڭ يەپ ،
كۈلمەككە تىرىشتىم ، كۈلەلمىدىم مەن .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
ئۆلمىگەچ ، ئۆلەي دەپ ، ئۆلەلمىدىم مەن .

ھىجرانىڭ زەھەردىن ئاچچىق ئىكەن راست ،
ئەۋزەلكەن ئۆلگىنىم تۇرغاندىن تىرىك .
بال مېھرىڭ جاندىنمۇ تاتلىق ئىكەن راست ،
لەۋلىرىڭ جاۋىدەك بولسىمۇ يىرىك .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
نەقەدەر مەپتۇنكار ؛ مېھىر ، سېھىرلىك ! ؟

[يار ، سېنى ئۇنتاي دەپ ، ئۇنتالمىدىم مەن ،
ئۆزگىگە كۆيەي دەپ ، كۆيەلمىدىم ھېچ .
قايتا يار-تۇتاي دەپ ، تۇتالمىدىم مەن ،
تۇتسامىمۇ سۆيۈلدۈم ، سۆيەلمىدىم ھېچ .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
تىغ تەگلەپ تۇرغاچقا يۈردۈم تىپتىنچ .]

كۈچ ئابرۇي ، بايلىقتا يوق ماڭا تەڭداش ،

ئۈزۈشكە قادىرمەن ئاينىمۇ شەكسىز .
سارغايغان چېھرىمگە يوق ئەسلا رەڭداش ،
دىل بەرگەن ئەرلەرنى قىينىغاچ چەكسىز .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
تالاي ھۆر يىگىتنى قىلدى بەختسىز .

دىدارىڭ سېغىنىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ،
سەن تامان ماڭدىم مەن ئۈمىدكە مىنىپ .
پۈتۈمنى چاققاچقا تەڭ يولدا تۇزاق ،
چايانلار قېنىمنى شورىدى قېنىپ .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
«قايتىپ تۇر » دېگەچكە ، كەتتىم مەن يېنىپ .

غۇبارسىز يۈرىكىم ، سۆيگۈم ، غۇرۇرۇم ،
ئېتىقاد ـ ئەقىدەم ساڭىلا تالىق .
سۆيگۈڭنى ساقلايدۇ يۈرەك تومۇرۇم ،
ۋىجدانىم بۇ ھەقتە چۈشۈرگەن يارلىق .
ئېھ ، سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭ ،
يار بولغاچ ، يۈرىكىم تارتمىدى خارلىق .]

ئۇھ ، جېنىم ! بۇ يىل يۈرىكىم رەسمىي ئورنىغا چۈشتى .
ئەمدى ئۆزۈمگىمۇ ، سىزگىمۇ ، چىنارىڭىزغىمۇ يۈز كېلەلەيدىغان
بولدۇم . ياشلىقىمدا ئازدۇرالمىغان شەيتان ئەمدى ئازدۇرالامتى ؟
ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ! مەن قېرىدىم ، لېكىن سىزگە بولغان

سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم قىرىمىدى ، سەۋەب : سىزنىڭمۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىڭىز ، ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭىز قىرىمىغاچ . شۇڭا دەيمەن : سۆيگۈ قىرىمايدىكەن ، سۆيگۈ ئۆلمەيدىكەن ! شۇڭىمۇ سىزگە بولغان بۈيۈك ئېتىقاد ـ ئەقىدەم ئۆلمىدى ھەم ئۆلمەيدۇ . مۇشۇ ئۆلمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمنى ئاخىرەتكە ساق ئاپىرىپ ، سىزگە ساق پېتى تاپشۇرىمەن ! . . . ئېھ ، سىزنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭىز نەقەدەر سېھىرلىك ، قانچىلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ـ ھە ! ماڭا مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم ھەدىيە قىلغانلىقىڭىزغا مىڭ رەھمەت !

بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن ، جېنىم . يىللاردىن بېرى ئالغان مائاشلىرىمنى ، كىتابلىرىمنىڭ قەلەم ھەققىلىرىنى جۇغلاپ ، يېزىمىزغا بىر مەدەنىيەت مەركىزى سالدۇردۇم . ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت بىر كىتابىم غەربىي گېرمانىيىدە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، نەشر قىلىندى . ئۇنىڭغا بېرىلگەن يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ناھىيە مەركىزىگە بىر يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپى سالدۇردۇم . ئەۋلادلىرىمىزنى بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە ئوخشىمايدىغان ، يېڭىچە تەقدىر بىلەن گۈزەل ھايات كەچۈرسۇن ، دېدىم ، بولۇپتۇمۇ ؟ جېنىم ؟

«ئايزۆھرە ، بالا ــ ئادەمنىڭ يىلتىزى . پەرزەنتسىز ئادەم يىلتىزسىز دەرەختكە ئوخشايدۇ ، پەرزەنتسىز ئادەم قېرىغاندا غېرىبسىنىپ قالىدۇ . خارلىقتا قالىدۇ . ئەخمەقلىق قىلماي ، ۋاقتىدا توي قىل . . . » دەپ ئوغامنى قايىنتىشقانىدى بەزىلەر . سىزمۇ تېخى ماڭا غايىبانە ، بەزىدە چۈشلىرىمدە يۇقىرىقىدەك

نەسىھەتلەرنى قىلاتتىڭىز . بەلكىم ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىپ شۇنداق دېگەن بولغىيتتىڭىز . سىزسىز ماڭا بالىنىڭ نېمە ئىشى ؟ ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى ئەۋلاد قالدۇرۇشلا ئەمەسقۇ . مانا ، باللىرىم يوقمۇ خارلىقتا قالمىدىم . (يولۋاس ئاكامنىڭ نەۋرىلىرى يولۋاس ئاكام ئۆلۈپ كەتكەندە ، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالغان بالىسىنىڭ نەۋرىلىرى ) ھالىمدىن ئوبدانلا خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ . ئوقۇغۇچىلىرىم ، ئىخلاسمەن دوست ، شاگىرتلىرىم يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ چاغقىچە غېرىبسىنىپ قالغان چاغلىرىم بولمىدى . غېرىبسىنىپ قالاي دېسەم ، مانا ھازىرقىدەك سىز بىلەن مۇڭدىشاتتىم . شۇ ھامان تەنھالىق تۇمانلىرى تارقاپ ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلدى .

شۇ ئەمەسمۇ ، سىزسىز ماڭا بالىنىڭ نېمە ئىشى زادى ؟ بالا دېسە ، مېنىڭ ناھايىتىمۇ ئوماق بەش بالام بار . بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى — «زەرەپشان ئارسلانلىرى» ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى — «ئاي ھامان چىقىدۇ» ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى — «مۇناپىقنىڭ سۆيگىنى» ، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى — «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى — «خەير-خوش ،سۆيۈملۈك كالۋا» ، ئالتىنچى بالام يېقىندا دۇنياغا كېلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىسمى «ئاخىرقى تەبەسسۇم» . بۇ سىزگە ، سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا بېغىشلانغان . جاھان تارىختا سىزدەك ئەركسۆيەر ، مۇھەببەتكە ، مىللىتىگە سادىق بىر ئۇيغۇر سەنئەتكارىنىڭمۇ ئۆتكەنلىكىنى ، شۇ ئارقىلىق مېنىڭمۇ زادى نېمە ئۈچۈن قايتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئۇنىمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسۇن ! شۇڭا بۇ كىتابىمنى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى

مىنۇتلىرىغا توغرىلاپ نەشرگە بەرگەن . . .

قويلارنىڭ مەرەشلىرى ئايزۆھرە خانىمنىڭ قەلبىدىكى شىۋىرلاشلارنى ئۈزۈۋەتتى . ئۇ چۆچۈپ يېنىغا قارىدى . ئۇن نەچچە قوي چىنارنىڭ غازاڭلىرىنى پاراسلىتىپ يەۋاتاتتى . سەل ئۇ تەرەپتە ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ھاسا تاياق تۇتۇپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ ئايزۆھرە خانىمنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى . ئۇ قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، ھاسىسىنى قولىغا ئالدى .

ــ قوشت ، قوشت دەيمەن ! ھوي ماڭقا ، توسمامسەن قويلىرىڭنى ! ؟ ــ ئۇ غەزەپ بىلەن زورۇقۇپ ۋارقىرىدى . قويلار پىسەنت قىلماي ھەدەپ غازاڭ يېمەكتە ، يېمىگەنلىرىنى دەسسەپ چەيلىمەكتە ئىدى بۇ ھال ئايزۆھرە خانىمغا قويلار غازاڭغا ئەمەس ، ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ياقۇپنىڭ بېشىغا ، يۈرىكىگە دەسسەۋاتقاندەك تۇيۇلدى ؛ قويلار غازاڭنى ئەمەس ، ياقۇپنىڭ يۈرىكىنى چايناۋاتقاندەك تۇيۇلدى . بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىلاندەك چېقىپ ، پۈتكۈل ئەزايىنى سىرقىراتتى .

ــ ھوي شۇم ، توس دېدىم قويلىرىڭنى مەن ! ــ ئايزۆھرە خانىم ئەلەمدىن يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى .

ــ نېمە بولىدۇ غازاڭنى يېگەنگە ؟ ــ دېدى بالا ، ــ سىلىنىڭ غازاڭلىرىمىدى ـ يا ، بۇ ؟

ــ مېنىڭ بولماي ، سېنىڭمىدى ئەمىسە ؟

ــ مېنىڭ ئەمەس ـ ھە ، ئوپچىنىڭ بۇ !

ــ ئوپچىنىڭمىش تېخى ، توس دېدىم ، ھېلى بىكار . . . ! ــ ئايزۆھرە خانىم بالىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى . بالا قويلىرىنى

ئىلاجىسىز تويسۇپ ، ئۇنىڭغا گۆلەيدى .

"ھ ـۇ ، ب ـەدرەك ! ــ دې ـدى ئايزۆھرە خانىم بالىنى ئەركىلىتىپ ، ــ سىلىنىڭمىدى ، ئوپچىنىڭ بۇ ، دەيدۇ - يا ، تېخى . . ."

ــ ساراڭ . . . خـەخ دېـگـەنـدەك راسـتلا سـاراڭـكەن خۇدى ! . . .

بالا شۇنداق دەپ كوتۇلدىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى . ئايزۆھرە خانىم بۇنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ : "راست ، مەن ساراڭ . . ." دەپ پىچىرلىغاچ ، سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ ، غازاڭلارنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى . . .

"مـۇشۇ كۈنلەردە سىز بىلەن تولا مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدىم . چۈنكى ئادەم قېرىغانسېرى كۆڭلى سۇنۇق ، مۇڭداشقاق بـولـۇپ قـالـىـدىـكەن . تـولا گـەپ قـىـلـىـپ ئارامىڭىزنى بۇزۇۋاتامدىغاندىمەن ؟ ئۇنداق بولسا مەيلى ، گېپىمنى دەۋېرەي : ھـەر يـىلـى چىنارىڭىزنىڭ غازاڭلىرىنى ھايۋانلارغا مۇشۇنداق يېـگـۈزمـەي ، دەسـسـەتمەي ، شامالارغا ئۇچۇرماي ، ئاۋايلاپ سۈپۈرۈپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ تۇرۇۋاتىمەن . بۇ قىلىقىمدىن بەزىلەر ھەيران قېلىشتى ، ئەجەبلىنىشتى ، غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپ مېنى ‹ساراڭ› قاتارىغا چىقىرىشتى . بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك ، ھەيران قالغۇدەك ، غەلىتىلىك ھېس قىلىشقۇدەك نېمىسى بار ؟ چۈنـكـى ئىنسان روھى ئوك تاناسىپقىمۇ ، تەتۈر تاناسىپقىمۇ ئـوخـشـمايدۇ . ئۇ ھېچنېمىگە ، پەقەت ۋە پەقەت ھېچنېمىگە ئوخشىمايدۇ . شۇڭا ئۇنىڭغا ئېنىقلىما بەرگىلى بولمايدۇ . ئەگەر ئـېـنـىـقـلـىما بېرىلسە ، ئىنسانلار ماشىنا ئادەملەرگە ئوخشاپ

قالامدۇ؟ مانا، مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر مېنى «ساراڭ» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ساراڭ! چۈنكى ئۇلار ساراڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ، ساراڭنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ، ساراڭنىڭ سۆزلىرىنىڭ رەت قىلىنغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ سىزدىن مەڭگۇ پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار ۋىسالسىز مۇھەببەتنىڭ شۇنچىلىك قەدىرلىك، شۇنچىلىك كۆلپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار بىر ئۆمۈر بويتاق ياشاشنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر خىل قەيسەرلىك، قەھرىمانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ بويتاق ياشىيالىشىمدىكى، بويتاق ياشىغاندىمۇ پاك ياشىيالىشىمدىكى سەۋەبنىڭ ماڭا ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭىزنىڭ ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بۇلارنى بىلگەن بولسا، مېنى «ساراڭ» قاتارىغا چىقىرىشمايتتى.

ئەگەر بۇ چاغدا مەن بۇنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، باغرىڭىزغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، بويىنىڭىزغا چىڭگىلەكتەك ئېسىلىپ، گەز باغلاپ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىڭىزگە چىڭداپ ـ چىڭداپ سۆيۈپ، قەلبىڭىزنىڭ تەكتىدە باھارنىڭ كەلكۈن سۈيىدەك ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان شېپاھكارانە مېھرىڭىزنى ئېچىرقاپ ـ ئېچىرقاپ شورىۋالاركەنمەن، ئىسىت!!!...»

«تەبەسسۇمىنىڭ كېيىنى ئەجەب تولا قىلىپ كەتتىڭىز» دېدىڭىزمۇ، جېنىم؟ بۇ دېگىنىڭىز ئوبدان بولدى. بۇ ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە. بۇ ئوتلۇق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، پەرۋىشكارانە تەبەسسۇمىڭىزنى 1945-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى

سەھەردە سىخىيلارچە ھەدىيە قىلغانىدىڭىز . . .“

## 2

كامال قىشىڭىزدىن چىقىپ يەنە بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر تاللاشقا دۇچ كەلگەندەك قىلاتتى . ئاخىر ئۇ خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىغاندىلا ، ئاندىن بوينىدىن بىرسى سۆرىگەندەك مىلىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىز بىلەن سوغۇقلا خوشلىشىپ تاڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى .

مەن قېيىنانامغا :

ــ ئانام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان ، كېيىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى ، ياقۇپمۇ ھەپسىگە كىرىپ قېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى . ماجىڭسا ياقۇپتىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى . . . ــ دەپ ئىزاھات بەردىم .

قېينانام مېنى چۈشەندى ، ئۇ مېنى چۈشىنەتتى .

مەن سەھەردىلا قىشىڭىزغا كىردىم . سۇزۇك ۋە سۇزۇك كۆزلىرىڭىزدىن چاچرىغان ئىشق چېقىندىلىرى يۈرىكىمنى بىھوش قىلدى

ــ سىز دان يېگەچ تۇرۇڭ ، ــ مەن چاقچاق قىلىپ جىلمايدىم ، سىز كۈلدىڭىز .

ــ سىز . . . سىزچۇ ؟ ــ سىز دۇدۇقلىدىڭىز .

ــ مەن جۇۋازغا بېرىپ ياغ تارتىپ كېلەي ، ــ مەن سىزگە

قارىمايلا پىيالىگە چاي قۇيدۇم، ئاندىن نان ئۇشاتتىم.

— شاخ مىدىرلايدۇ - يا، ئايزۆھرە؟

سىز بىردىنلا شۇنداق دەپ قالدىڭىز. مەن پەنجىرىگە قارىدىم. پەنجىرىدىن كىرىپ قالغان ھىلىقى يۇمران ئۆرۈك نوتىسى قاتتىق مىدىرلاپ تۇراتتى. سىز رازۋېدكىچىغا خاس سەزگۈرلۈكىڭىز، ئېھتىياتچانلىقىڭىز بىلەن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالغان ئىدىڭىز.

— شاخ مىدىرلىسا نېمە بولۇپتۇ؟ سىز شاخ مىدىرلىغاننى كۆرمىگەنما چوڭ بولۇپ؟ — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا، ئاندىن چاقچاق قىلدىم، — باچكا قونغانمىدۇ - يا؟

مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە چۆكۈپ كۈلدۈم. سىز "ۋىلىلدە" قىزىرىپ، نەرگىسكە ئوخشاش جىلمايدىڭىز. مەن قىپقىزىل رەڭ ئالغان مەڭزىڭىزدە پەيدا بولغان زىنىقىڭىزغا دومىلاپ چۈشتۈم. سىز ماڭا ئاشىقانە تەبەسسۇم سوۋغا قىلىۋېدىڭىز، كۆزىڭىزدىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، گىرىمسەن ئۆينى يورۇتۇۋەتتى، ھەتتا قەلبىمنىمۇ ئوتلۇق نىگاھلىرىڭىز كۆزۈمنى چېقىپ قاماشتۇرۇۋەتتى. سېھىرلىك تەبەسسۇمىڭىز كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆتۈپ، دەسلەپ يۈرىكىمنى قىچىقلاپ كۈلدۈردى. سۆيۈندۈردى، زوق، شېرىن تۇيغۇ يوللىدى. ئاندىن ۋىژىلداپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بۇ كۆيۈش تولىمۇ تاتلىق، لەززەتلىك كۆيۈش ئىدى.

"قانداق تاتلىق، مەپتۇنكار، جىلۋىدار، خاسىيەتلىك تەبەسسۇم بۇ!"؛

"ھەقىقىي ئاشىقلارنىڭ غۇبارسىز يۈرىكىدىن پارتلاپ

چىــقــىــدىغان مۇھەببەتلىك تەبەسسۇملىرى مۇشۇنداق ھاياتىي كۈچكە ئىگە ، قۇدرەتلىك بولامدىكىن ـ يا ؟ . . .“ .

بىلمەيتتىم

— ئــۆگــزىدە بىرنەرسە ماڭغاندەك قىلىدۇ ئەينا ، قاراپ باقامسىزكى .

سىز بۇ سۆزىڭىز ئارقىلىق مېنى شېرىن ھېسلار قايىنىمىدىن سۇزۇپ چىــقتىڭىز . راستتىنلا ئۆگزىدە بىرنەرسە ماڭغاندەك قىلاتتى .

— قــورقمىڭا ، ھاجىمنىڭ ئىتى ئۇ ، — مەن ئىشىككە قاراپ ماڭدىم . لېكىن سىز :

— پاتراق كېلىڭ جۇما ، — دېگەن ئۆتۈنۈشىڭىز بىلەن مېنى توختىتىپ قويدىڭىز ، مەن سىزگە قارىدىم .

— نېمىشقا ؟

— گېپىم بادى ئازراق .

— نېمە گەپتى ئۇ ؟

— ســىــزنــى . . . ســىــزنــى . . . يەنىلا سۆيۈمەن ! . . . مەڭگۈ ! . . .

ســـىــز ماڭا يېڭىۋاشتىن سۆيگۈ ئىزھار قىلدىڭىز . شۇڭا چېكىلىرىڭىزدىن تەر تەپچىپ چىقتى .

”ئاھ ، سۆيگۈ ئىزھار قىلماق نېمىدېگەن قىيىن ـ ھە ! ؟“

— رەھــمەت ! . . . مەنمۇ ! . . . . ، — يۈرىكىم ئوت بولۇپ يــاندى ، ئــېــچىشتى . لېكىن قەلبىمدىكى تەشۋىشلەر خۇددى گۈلخان ئۈستىگە چۈشكەن قاردەك ”شۈررىدە“ ئېرىپ ، يۈرىكىم ، ئۇگە ـ ئۆگىلىرىم مۇھەببەتنىڭ شېرىن ھېسلىرى بىلەن تولدى ؛

يۈرىكىم، ئۆگە - ئۆگىلىرىم ھاياتىي كۈچ بىلەن تولدى؛ يۈرىكىم، ئۆگە - ئۆگىلىرىم چەكسىز غۇرۇر، ئىپتىخار بىلەن تولدى. ئۆزۈمنى باغرىڭىزغا ئاتقۇم كەلدى، خۇددى قىرغاقتىكى سۇنى كۆرگەن بېلىقتەك. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى، پۈتۈن دۇنيانى، نىكاھنىڭ غايىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، سېھرى، خاسىيىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، سېھرى، خاسىيىتى، ئەھمىيىتىنى تامامەن يوقاتقانىدى.

مەن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ سىزگە قايرىلىپ قارىدىم. سىز گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىڭىزدىن يەنە تەبەسسۇم، شەپقەتلىك كۆزلىرىڭىزدىن مېھىر، پىراق تارتۇق قىلدىڭىز. مېھرىڭىز قەلبىمگە سوۋۇشۇپ قالدى، خۇددى مەلھەمدەك. پىراقىڭىز يۈرىكىمنى گۈلخانغا ئىتتىردى. سىز قىمىرلاپ - قىمىرلاپ ماڭا ئىنتىلدىڭىز. كۆزۈم، لېۋىم، باغرىم، يۈرىكىم سىزنىڭ قەلبىڭىز بىلەن سۆۋاشقاندەك بولۇپ، تىرناقلىرىمنىڭ ئۇچىغىچىلىك لەززەت - ھۇزۇر ئېقىپ كەلدى، چەكسىز راھەتلەندىم! مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئىشىككە يۆلىنىپ قالغىلى تاسلا قالدىم!

مەن پاتمان - پاتمان بەختىيارلىق ھېسلىرىنى يۇدۇپ ئۆيدىن چىقتىم. ئاسمان خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدەكلا ئوپئوچۇق، ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ياپيېشىل يوپۇرماقلار سەتھىدە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلاتتى. قوناق ئېگىزلىرىدا ئوتلاپ، كۆككە تويۇشقان قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ساپان سۆرەۋاتقان ئۆكۈزلەرنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ مۆرەشلىرى، قىغ

توشۇۋاتقان ئىشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى . . . ئاجايىپ مۇڭلۇق ، يېقىملىق ، جەلپكار ئىدى ، خۇددى سىزنىڭ ئىزگۇ ، لىرىك كۈيلىرىڭىزدەك . بۇ ھاياتبەخش ئەتكۈچى كۈيلەر كۆز سەھىرىگە گۈزەل تۈس ، گۈزەل ھايات ئاتا قىلغانىدى .

شۇنداق ، ئالەم گۈزەل ، خۇددى قۇتلۇق ھېسلار بىلەن تولغان قەلبىمدەك .

— ھوي ، زۆھرە خېنىم .

توساتتىن شۇ ئاۋاز چىقىپ قالدى . مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم . ساۋۇتخان ئىشان ھاجىم دەرۋازىسى ئالدىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى . مەھەللىنىڭ چىغىر يولى ئەللىك ياشلارغا كىرگەن ، ئوتتۇرا بوي ، يۇپيۇمىلاق يۈزلىرى قىزىرىپلا تۇرىدىغان ، قاپقارا ساقاللىرى ئاپئاق ، يوغان سەللىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ئۆزىگە ئاجايىپ سۈلەت ، سۈر بېغىشلاپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىدىنلا ئۆتەتتى .

— سالام قىلىپ قويايمۇ دېمەيلى - يا ، مۇنداق ؟

— ئالدىراشچىلىقتا كۆرمەي قاپتىمەن ، ھاجىم .

— بوشراق ئالدىرايلى .

مەن گەپ قىلمىدىم ، مېڭىشقا تەمشەلدىم .

— ھويلىغا بىر كىرسىلە ، زۆھرە خېنىم ، گېپىم بادى ئازراق .

مەن ھەيران قالدىم . چۈنكى مەن بۇ گەپنى تېخى ھازىرلا سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ چىققانىدىم . مانا ئەمدى بۇ ”خۇداگۇي“ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتىمەن . ئوخشاش شەكىل ، ئوخشاش مەزمۇندىكى بۇ سۆزنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى

هازىر تۇپتىن ئوخشىمايتتى . بىرىنچىسى قەلبىمنى چەكسىز سۆيۈندۈرگەن ، ئىككىنچىسى يىرگەندۈرگەنىدى .

— نېمە گەپتى ئۇ ، ھاجىم ؟

— تولىمۇ زۆرۈر گەپتى . ئاۋۋال ھويلىغا بىر كىرسەڭلە ، — ھاجىم شايى يەكتىكىدىكى توپىلارنى قاققاچ مېڭىشقا تەمشەلدى .

مەن شۇ چاغدىلا ھاجىمنىڭ ئۇستۈپشىغا سەپسالدىم : ئۇنىڭ يەكتىكىنىڭ پەشلىرى ، يەڭ ، جەينەكلىرى ، تۆكلۈك مەيدە ۋە ئۆكۈزنىڭ بوينىدەك تۇرمەل بويۇنلىرى غىچلا توپا ئىدى . سەللىسىگە قويۇق تور چاپلىشىپ قالغان . تورغا بىر ۋاقىتسىز سارغىيىپ كەتكەن قۇرۇق يوپۇرماق ئېسىلىپ قالغانىدى . بۇلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم . ئاي ، يىل ئۆتۈپ كەتسە قولى ھېچبىر ئىشقا تەگمەيدىغان ھاجىمنىڭ ئۇستۈپشىغا بۇ توپا-تورلار قەيەردىن ، قانداق يۇقۇپ قالدىكىن ؟

— بولامىلا - يا ؟

”غۇژژىدە“ ئاچچىقىم كەلدى . لېكىن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ :

— گەپلىرى بولسا ، مۇشۇ يەردە دېسىلە ، ھاجىم . مەن ئالدىرايتتىم ، — دېدىم مۇلايىملىق بىلەن .

— نېمىگە ئالدىرايلا ؟ بۇ ، بۇ يەردە دەيدىغان گەپ ئەمەستى ، سىلىنىڭ . . .

— ئوھۇش ، ھاجىم ! بۇ يەردە دېگىلى بولمايدىغان گەپنى ئاڭلايدىغان ئادەم ئەمەس مەن ! — مەن قوپاللىق بىلەن شۇنداق دېدىم - دە ، مېڭىپ كەتتىم .

— بۇ ، ئۆيلىرىدە ساقلاۋاتقان ھېلىقى يىگىت توغرىسىدىكى گەپ جۇمۇسىلا

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىزىمدىلا توختاپ قالدىم ، خۇددى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەكلا . يۈرىكىم ”قارتتىدە“ قىلىپ دۈپۈلدەپ كەتتى .

— بۇ ئاشۇ يىگىتنىڭ جېنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش-تى ، — دېدى ھاجىم مېنىڭ ئىنكاسىمنى كۈتمەيلا ، — سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بادى . بولمىسىغۇ مۇشۇ يەردىلا دەۋېرەتتىم . قالغىنى . . . ئىختىيار ئۆزلىرىدە ، ئۆز شورلىرى ئۆزلىرىگە خېنىم . كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالسىلا مەيلى ئەمىسە .

— نېمە يىگىت ؟ نېمە يىگىت ئۇ ؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، تەمكىن ھالدا .

— خۇپسەنلىك قىلمىسىلا ، خېنىم . مەن ئۇنى ھازىرلا پەنجىرىدىن ، تۈڭلۈكتىن ماراپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم - يا . ئۇ : گېپىم بادى ئازراق ، دېدى - يا ، تېخى . يا راست ، يا يالغان دېسىلە قېنى ؟

مەن ”لاسىدە“ بوشىشىپ كەتتىم . تېنىۋېلىشقا ھېچبىر ئورۇن قالمىغانىدى .

— قانداق ، كىرەملى - يا ؟

ھاجىم ماڭا قىلچە ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمىدى . ئاخىر مەن ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن بىر خىل شۇملۇقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھويلىغا كىردىم . يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى ، تەشۋىشلىك ئىلكىدە پىلتىڭلايتتى .

— نېمە گەپلىرى بادى ، هاجىم ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ .

هاجىم بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە بىر قارىۋېتىپ ، گېپىنى ”پورتتىدە“ دېۋەتتى .

كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن مەن هەيران قالدىم ، چۆچۈدۈم ، يىرگەندىم ، غەزەپلەندىم ، تېپىرلىدىم ، يىلان چېقىۋالغاندەك چىرقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم . غەزەپ ـ ئەلەم ئىچىمگە سىغماي ، مېنى يېرىۋەتكىلى تەل بولدى .

— خۇدايا توۋا دېسىلە ، هاجىم ، توۋا دېسىلە . نومۇس قىلىسىلا مۇنداق ، مەسچىت ئىمامى تۇرۇپ . . . خۇدادىن قورقمامىلا سىلە ؟ ! — مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدىم . نومۇس ، ئەلەم ، خورلۇق ماڭا هەممىنى ئۇنۇتتۇرغانىدى .

— ها . . . ي . . . ي . . . ي . . . ئالدىرىمىسىلا بولارمىكى ، خېنىم . بۇنداق قىلسىلا ئۆيلىرىدىكى يىگىتنى چىرىكلەرگە چېقىپ قويىمەن جۇمۇسىلا ؟ ئۇ چاغدا هەممىلىرى بالاغا قېلىشىلا مەن دەپ قويىاي !

مەن يەنە ”شىپپىدە“ توختاپ قالدىم .

”مەن بالاغا قالسامۇ مەيلى ، ياقۇپ تۇتۇلۇپ قالسا . . .“

مەن ئىنتايىن قىيىن ئەهۋالدا قېلىۋاتاتتىم .

”هاجىم راستلا دەپ قويارمۇ ؟ . . .“

بۇنى بىرنەرسە دەپ بولمايتتى . دەپ قويماسلىقىدىن دەپ قويۇشى ئېهتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىدى . چۈنكى تارىختىن بېرى سوپى ـ ئىشانلاردىن خەلققە ۋاپا كېلىپ باققان ئەمەس .

”ناۋادا دەپ قويسا . . .“
بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى .
”قانداق قىلسام بولار؟ . . . قانداق قىلاي؟ . . .“ ؛
”ئاھ ، خۇدا ، ماڭا ئەقىل كۆرسەت ، ھاجىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ، ديانەت ، تەۋپىق ـ ھىدايەت ئاتا قىل ! . . .“ .

مەن بىھىش ، دوزاخنى ، ئۇلۇغ ئاللانى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامنى شىپى كەلتۇرۇپ يالۋۇردۇم ؛ ھاجىمنىڭ ”مۇبارەك“ پۇتىنى خۇددى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا ئوخشاشلا قۇچاقلاپ ، يۈزۈمنى سۈركەپ ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم . تاشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك ، بۆرىنىمۇ قويغا ئايلاندۇرۇۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە نالىلىق يالۋۇرۇشلىرىم ھاجىمغا تەسىر قىلمىدى ؛ پىغانلىق ، قانلىق كۆز ياشلىرىم ھاجىمنىڭ رەزىل يۈرىكىنى ئېرىتەلمىدى ؛ زىناخورلار تاشلىنىدىغان دوزاخنىڭ دەھشىتى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق تەسۋىرلىرىم ھاجىمنىڭ شۇم نىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى ؛ كامالدىن سۆزۈمنى ئېلىپ ھاجىمغا تېگىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىلىرىمۇ ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىگە تەسەللى بولالمىدى ؛ ھەتتا بۈگۈن كېچە ئۆيىگە كىرىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدە ـ ئۆتۈنۈشلىرىمۇ ھاجىمنىڭ ئىپلاسلىقىغا بەرھەم بېرەلمىدى . ئەگەر مۇشۇ ئاخىرقى شەرتىمگە ماقۇل دېگەن بولسا ، كەچ كىرگىچە بىر ئامال قىلىپ سىزنى ئېلىپ قېچىپ كەتمەكچى بولغانىدىم .

ئاخىر مەن ”ھاجىم چىرىكلەرگە دەپ قويۇپ بولغۇچە ، ياقۇپنى ئېلىپ قېچىپ كېتەي“ دەپمۇ ئويلىدىم . بىراق بۇ

مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى مەن سىزنى ئېلىپ بوسۇغا ئاتلاپ بولغۇچە ، ھاجىم دۈشمەن گازارمىسىغا بېرىپ بولاتتى . دەريا بويىغا بارا - بارمايلا قورشاۋدا قالاتتۇق .

”دەپ قويسا قويۇۋەرسۇن ، تۇتۇلۇپ قالسا ، بىر قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇپ چىققىلى بولار .“

مەن شۇنداق دەپمۇ ئويلاپ باقتىم . بىراق بۇ قارارغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم . شۇ ئەمەسمۇ ، سىزنى كىم قۇتقۇزىدۇ ؟ يىگىتلەرمۇ ؟ قاچان ، قانداق قۇتقۇزىدۇ ؟ قۇتقۇزالامدۇ ؟ قۇتقۇزۇپ بولغۇچە . . .

مەن پۈتلىرىمنى سۆرەپ پېشايۋان باسقۇچلىرىدىن يەڭدەپ - يەڭدەپ ئۆرلىدىم . ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ كەينىمگە قايرىلىپ قارىدىم . نىگاھلىرىم پەنجىرىدىن شۇڭغۇدى . سىز قازناقتا ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتىڭىز . سىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى ئازادە ، بەختىيار ھېس قىلدىم ! چۈنكى سىز ھايات قېلىش ئالدىدا تۇراتتىڭىز . بوسۇغىدىن پۈتۈمنى ئېلىۋېدىم ، ۋۇجۇدۇمغا سانسىزلىغان نەشتەر سانجىلىپ ، ئۆزۈمنى ئىنتايىن خار ھېس قىلدىم !

”ئاھ ، خۇدا ، سەن بارمۇ ؟ بار بولساڭ ھازىر نەدە ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلىرىڭ زادى نېمە ؟ مەندىن ، مېنى ياراتقانلىقىڭدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟ مېنى نېمە ئۈچۈن ياراتقان ؟ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش بەدىلىگە خورلۇق ئازابىنى تارتىش ئۈچۈنلىمۇ ؟ . . .“

ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلەتتى ، خۇددى سۇئاللىرىمدەك . ئۆكسۈشلىرىم جاھانغا شىددەت بىلەن تارايتتى . مەن كۆز يېشى ،

ئۆكسۈش ، ئازاب قوينىدا چەيلەنگەن يۈرىكىمنى يەنە چەيلەندۈرۈپ ، ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىش بەدىلىگە ئەقىل-پاراسەت ، ۋىجدان - غۇرۇر ۋە يۈكسەك سەنئەت بايلىقى بىلەن تولغان مۇھەببەتلىك بىر يۈرەكنى قوغداپ قېلىش قارارىغا كەلگەنىدىم . شۇڭا بۆرە ئاغزىغا ئىلاجىسىز ، ئەمما ياۋاشلىق بىلەن كىرىپ كېتىۋاتاتتىم .

"بۆرە چاڭگىلىدىكى قوزىچاقمۇ تېپىرلايدىغۇ ؟ . . ."

مەنمۇ بىردىنلا تېپىرلاش قارارىغا كەلدىم .

سارايىنىڭ ئىشىكى تاقالدى . ھاجىم بىر كۆرپىسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى . مەن تار كوچىدا تېخىغىچە ئۆرە تۇراتتىم . بىردىنلا كۆزۈم كات ساندۇقىنىڭ يېنىدا تۇرغان نوغۇچقا چۈشۈپ قالدى . سۈپىغا چىقىپ ، كات ساندۇقىنىڭ يېنىغا كەلدىم . ھاجىم يەنە بىر كۆرپىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋېدى ، مەن نوغۇچنى پەم بىلەن ئېلىپ ، ھاجىمنىڭ كاللىسىنى چەنلەپ ئۇردۇم . لېكىن نوغۇچ ھاجىمنىڭ بېشى ئۈستىدىكى ياغاچ ئاسقۇغا تېگىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ يېرىمى سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى . قولۇمدا قالغان يېرىمىنى مەن ئىشلىتەلمەيتتىم . چۈنكى قولۇم دولامغىچە قېقىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ھازىر ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيتتى .

"بۇنداق قىلغۇچە ، بوغۇشسامىمۇ بولاپتىكەن ! . . ."

مەن زوڭ ئولتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىم ؛ يۈزۈمنى ئالىقانلىرىم بىلەن ئېتىپ ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىم !

— ئاچچىقلىرىنى ئۇنداق يامان قىلمىسىلا ، خېنىم ، —

دېدى ھاجىم زەھەرخەندىلەرچە تەبەسسۇم بىلەن ، — مۇشۇنداق تەخسىراتىمغا ئۇچرايلا . . .

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنىڭ بىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى . چۈنكى مەن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم . خۇددى مۇنۇ سۇنۇق نوغۇچتەكلا .

ئاھ ! ! ! . . .

مەن ئۆيدىن چىقىپلا دەرياغا قاراپ يۈگۈردۈم . چىغىر يول بىلەن ئەمەس ، ئورۇلۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشقان كەنجى قوناقلىق بىلەن يۈگۈردۈم . . . پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم ئازاب - خورلۇقتىن سىرقىرايتتى .

" ئاھ ، خۇدا ، مېھرىبانلىقىڭ قېنى ؟"

مەن خۇداغا نالە قىلاتتىم . قوناقلارنىڭ پىچاقتەك بىسلىق قۇلاقلىرى يۈز - كۆزلىرىمنى تىلاتتى ، گويا خورلۇق يۈرىكىمنى تىلغاندەك .

" مەندەك ئاجىز ، ناتىۋان بەندەڭگە ئاتا قىلىدىغان شەپ- قەت - ئىنايىتىڭ قېنى ؟ مۇشۇمۇ ؟"

مەن پىغان بىلەن ئۆرتىنىپ يىغلايتتىم . قوناقلىقنى ، زەرەپشان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى پىغان قاپلىغانىدى .

" سەن بارمۇ - يوقمۇ ؟ ئويغاقمۇ - ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ؟ ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا ئەمسە قولىدىن تەسۋى ، ئاغزىدىن سۈرە چۈشمەيدىغان رەزىل بەندىلىرىڭنىڭ دىلىغا ھەقىقىي ئىمان نۇرى چاچمايسەن ؟ نېمىشقا مېنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىمنى كۆرمەيسەن ؟"

كۆزلىرىمدىن شاكىراپ ياشلار خۇددى قورام تاشلاردەك

گۆلدۈرلەپ دومىلىنىپ چۈشۈپ، قوناقلارنى يەنچىيتتى.

”سەن نېمىشقا ئادىل ئىش بېجىرمەيسەن؟ نېمىشقا مېنى تۆلەشكە تېگىشلىك بولمىغان بەدەلنى تۆلەشكە قىستايسەن؟“

مەن ھاسىرايتتىم، ھۆپۈلدەيتتىم. پېشانەمدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى. زەھەرسىمان ئەلەملىك ياشلىرىم ئاچچىق تەرلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئاچچىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

”سـەن ھەمـمـمـمـزنـىڭ خۇداسى ئىدىڭغۇ؟ نېمىشقا ھـەمـمىمىزگە ئوخشاش خۇدا بولمايسەن؟ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىڭ مـۇھـەمـەد ئەلەيھىسسالام: ”ۋەتەننى سۆيۈش ـــ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر“ دېگەنمۇ ـ دېمىگەنمۇ؟ ھە، ئۇنداق بولسا، ۋەتـەن ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرنى، ھۆرلۈك ـ تەڭلىك ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىۋاتقانلارنى نېمىشقا قانات ئاستىڭغا ئالمايسەن؟ ئەكسىچە، ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمدەك ھۆرلۈك كۈشەندىلىرىگە، ئـىـنـقـىـلاب ئـاسـىـيـلـىرىغا، ئەۋلىيا سىياقىغا كىرىۋالغان ئىمانسىزلارغا ھامىي بولىسەن؟“

مەن دەريا بويىغا كەلدىم...

قۇياش پارلاپ تۇراتتى...

قومۇشلار شىۋىرلايتتى...

قومۇشزارلىق دۆڭ مېنى دەرياغا ئۇزىتىپ تۇراتتى. دەريانىڭ باشلام تەرىپىدىكى تاغ ـ تۇرالاردا قاتتىق يامغۇر ياغقان بولسا كېرەك، سۇ خېلىلا ئۇلۇغ، لايقىپ ئېقىۋاتاتتى. گەرچە ئـەجدىـھـادەك تولغىنىپ تۇرمىسىمۇ، لېكىن دولقۇنلىنىپ ـ ئۆركەشلىنىپ ئېقىۋاتاتتى. خۇددى قەلبىمدىكى ئازابلىق غەزەپـ نـەپـرەتـتەك. بىر خىل قاڭسىق لاي ـ لاتقا ھىدى كۆڭۈلنى

ئىلەشتۇرەتتى ، گوياكى ساۋۇتخان ھاجىمنىڭ ھىدىدەك .

” ئاھ ، سۆيۈملۈك زەرەپشان ، بىر چاغلاردا بالامنى باغرىڭغا تاشلاش ئۈچۈن بويۇڭغا كېلىپ ، ساڭا ئىلتىجا قىلغانىدىم ، مانا ئەمدى ئۆزۈمنى تاشلاش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن . مەن خۇش بولۇپ كېتەي ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي ، مېنى باغرىڭغا ئال ، مېنى باغرىڭغا باس ، قىينالغان جېنىمنى ئارام تاپقۇز ! . . . “

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم ، ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم كۆزنى يۇمۇش پەرزدەك ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم .

” جېنىم ياقۇپ ، سىزنى سۆيىمەن ! . . . مەڭگۈ ! . . . بېھىش ـ دوزاختىمۇ ! . . . “

كۆزۈمنى ئاچتىم . نېمىشقا ، نېمە مەقسەتتە ئاچتىم ؟ بىلمەيتتىم .

قۇياش پارلاپ تۇراتتى . مەن كۆزۈمنى يەنە يۇمدۇم .

” مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ، چۈنكى سىز مېنى كەچۈرەلمەيسىز . خۇددى ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەبەدىي كەچۈرەلمىگەندەك . شۇڭا ، باياتىن دېگىنىڭىزدەك ، مېنى مەڭگۈ سۆيەلمەيسىز . . . ئەلۋىدا ! . . . “

مەن دەرياغا ئىنتىلدىم . سەكرىسەملا ئازابتىن . . . ھەممە ھەممىدىن بىر يولىلا قۇتۇلاتتىم ؛ سەكرىسەملا مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشەتتىم . چۈنكى ، ئويلاپ باقسام ، ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ــ مەڭگۈلۈك بەختكەن ! نېمىشقا كىشىلەر ئۆلۈمدىن قېچىشىدىكىن ؟ بۇ نۇقتىنى ــ بەختنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن .

مەن پۈتۈمنى قىرغاقتىن ئۈزەلمىدىم ، پەقەتلا ئۈزەلمىدىم ، خۇددى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك . بۇ بىر مۆجىزە ئىدى . مەن بۇ مۆجىزىدىن ھەيران قېلىپ ، كۆزۈمنى ئاچتىم . قۇياش پارلاپ تۇراتتى . كۆزۈمنى يەنە يۇمدۇم ؛ ”چىڭگىدە“ يۇمدۇم .

”مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشمەك نەقەدەر قىيىن ــ ھە !“

دەل شۇ چاغدا ، مەن دەل شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ، قەلبىمدىن سادا ـــ بۇلتۇر بوينۇمغا سىرتماق سالغان چاغدىكى سېھرىي كۈچكە ئىگە سادا يەنە كۆتۈرۈلدى :

”قىساس ئېلىشنىڭ پەيتى ئاخىر يېتىپ كەلدى ، قىساس ئال ! قىساس ئېلىپ ، ئاندىن مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىش ! چۈنكى ، ئۆلۈۋېلىش ئەمەس ، باتۇرانە ياشاپ قىساس ئېلىشنىڭ ئۆزى ـــ مەڭگۈلۈك بەخت !“ ؛

”قىساسىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئەجدادىغا يۈز كېلەلەمدۇ ؟“ ؛

”قىساس ئېلىش ئىستىكى يوق ئادەمدە ۋىجدان بولامدۇ ؟“ .

بۇ قەلب سادالىرىم ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا كۆزۈمنى ئاچتىم . قۇياش پارلاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ نۇرانە باغرىدا چەكسىز كەتكەن قۇملۇق يېيىلىپ ياتاتتى ، قانغا بويالغان قۇملۇق ! شۇ قۇملۇقتا چوتنى چىڭ قاماللاپ تۇرغان دادامنىڭ ، ئارا ، گۈرجەك ، پالتا ، چوماق . . . لىرىنى باغرىغا ”چىڭگىدە“ بېسىپ يېتىشقان چوپانلىقلارنىڭ قىپقىزىل قانلىرى ، ئۈمىدۋارانە كۆزلىرى مېنى ھاياتقا ، قىساس ئېلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى . قۇياشنىڭ شاھانە تەختىدە ئاكام ئولتۇراتتى ، ئۇ ماڭا قولىدىكى قارا مىلتىقنى ئىككى قوللاپ سۇنۇۋاتاتتى . قۇياش باغرىدا يەنە بىرى ماڭا تەبەسسۇم سۇنۇۋاتاتتى ، ئۇ سىز ئىدىڭىز ، ھەممىڭلار

مېنى ھاياتقا ، قىساس ئېلىشقا ، ئۇندەپ تۇراتتىڭلار .

بايىقى قەلب سادالىرىم قۇلاق تۇۋىمدە يەنە جاراڭلىدى . بۇ يىراقلاردىكى ئاقۋاش تاغلاردىن قايتقان ئەكس سادا ئىدى .

"شۇنداق !"

بۇ قەلب سادالىرىم يۈرىكىم تەرىپىدىن تەستىقلاندى ؛ بۇ قەلب سادالىرىم ۋىجدانىم تەرىپىدىن تەستىقلاندى . ئاخىر مەن ھايات قېلىش قارارىغا كەلدىم ؛ قىساس ئېلىپ ، ئەۋلادلىرىمنى پەخىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمدىن پەخىرلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولماقچى بولدۇم ؛ ئەۋلادلىرىنى پەخىرلەندۈرەلمىگەن ئادەمنىڭ ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش ھەقىقى - ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم !

مەن خىجالەت بىلەن دەرياغا ئۆزرە ئېيتىپ ، ئارقامغا ياندىم - دە ، قومۇشزارلىققا كىرىپ كەتتىم .

ئېيتىڭا ، ياقۇپ ، سىز مېنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقىلىپ كەتكەنلىكىمدىن ھەيران قالدىڭىزمۇ ؟

## 3

ھەئە ، ھەيران قالدىم ، بەكلا ھەيران قالدىم .

سىز جۇۋازغا كەتتىڭىز .

مەن پەنجىرىگە قاراپ ياتاتتىم . سىرتتىكى ئۆرۈك ، شاپتۇل . . . شاخلىرىغا زەرەپشان قۇشلىرى پات - پات قونۇپ ،

ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى . نەغمىچى بۇ قۇشلارنىڭ ناخشىلىرى ماڭا سىزنىڭ تاتلىق چاقچاقلىرىڭىزنى ، مەلھەمسىمان كۆلكىلىرىڭىزنى ئەسلىتەتتى ؛ قۇشلارنىڭ بۇ جۇشقۇن ناخشىلىرى ماڭا جەڭچىلەرنىڭ مۇڭ ۋە ئۇمىدۋارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇيدىغان «فرونت ناخشىسى» نى ئەسلىتەتتى . قايسىبىر شائىر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ، قايسىبىر يىگىت تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان «فرونت ناخشىسى» ناملىق بۇ شېئىرنى مەن ناخشىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ، پامىر ، قاراقۇرۇم ، زەرەپشان تاغ - ۋادىلىرىدا جاراڭلاتقانىدىم . شۇڭا مەن شۇ تاپتا بۇلبۇلدەك سايرايدىغان قەدىردان دۇتارىمنى ، فرونتنى ، فرونتتىكى ھۆررا سادالىرىنى شۇنداق سېغىنىپ كەتكەنىدىم .

" ھۆررا سادالىرى ئىچىدە ئاتاكىغا ئۆتۈش ، دۇتار چېلىپ غەلىبە سىمفونىيىلىرىنى زوق - شوق بىلەن ئورۇنداش — قانچىلىك كۆڭۈللۈك - ھە ! ؟"

مەن سىزنى سېغىنغانىدىم ؛ دۇتارىمنى سېغىنغانىدىم ؛ فرونتنى سېغىنغانىدىم ؛ «فرونت ناخشىسى» نى سېغىنغانىدىم :

بول ئۇمىدۋار ، روھلۇق ، غەمگە چۆكمە ، ئانا ،
ياۋغا دەردىڭ تەللىسىنى سۆكمە ، ئانا ،
خوش ، ئۇزات خوش ، مۇشكۇلگە تىز پۈكمە ، ئانا ،
" ئاھ ، بالام " دەپ كۆز يېشىڭنى تۆكمە ، ئانا .

ئوغلىڭىزنىڭ چىن غۇرۇرى - ۋىجدانى بار ،
خەلقى بەرگەن " باتۇر " دېگەن ئۇنۋانى بار ،

ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ئارمانى بار،
”ئاھ، بالام“ دەپ كۆز يېشىڭنى تۆكمە، ئانا.

سەۋر - تاقەت تۈشتى، خەنجەر جانغا يەتتى،
بەگ - چېرىكلەر مىنىپ بىزنى ئېشەك ئەتتى،
شۇڭا، ئوغلۇڭ فرونتقا — جەڭگە كەتتى،
”ئاھ، بالام“ دەپ كۆز يېشىڭنى تۆكمە، ئانا[1].

مەن ناخشىنى غىڭشىپ ئوقۇپ تۇگەتتىم - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، پىچىرلىدىم:
”ئايزۆھرە نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟...“
مەن سىزنى كۈتەتتىم...
سەپداشلىرىمنى كۈتەتتىم...
”نېمىشقا سەپداشلىرىم مېنى ئەكەتكىلى كەلمەيدىغاندۇ؟...“
بىردىنلا كۆزۈم پەنجىرىدىن كىرىپ قالغان ھېلىقى يۇمران نوتىغا چۈشۈپ قالدى. چېچەكنىڭ بىرى يوق تۇراتتى. ئۇ نەگە كەتتى؟ مەن ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالدىم. نېمە ئۈچۈن؟ بىلمەيتتىم.
دىڭگوسلىغىنىمچە تام تۈۋىگە باردىم. ئۇنى تاپتىم. ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. مەن گويا خاسىيەتلىك كېپىنەكنىڭ ئىنتايىن نازۇك، نەپىس قانىتىنى تۇتقاندەك، ئۇنى ناھايىتى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ شاخ مىدىرلىغاندا چۈشۈپ

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس.

كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم . چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ بولغانىدى . قەلبىمنى بىلىپ بولمايدىغان باشقىچە بىر خىل غەيرىي ھېسسىيات ، مىسكىن تۇيغۇ چۇلغىۋالدى . نېمە ئۈچۈن ؟ بىلمەيتتىم .

مەن كېچىكىپ ئېچىلغان بۇ غۇبارسىز ، بەختسىز چېچەكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاردىم ، بەرگلىرى سولىشىپلا كەتكەنىدى . بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم "پىژژىدە" قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ بىلمەيتتىم .

"ئۇ نېمە ئۈچۈن باھاردا ئېچىلماي ، كۈزدە ئېچىلىپ قالدى ؟ نېمىشقا ئېچىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ، كېچىكىپ كۈزدە ئېچىلدى ؟ كېچىكىپ ئېچىلغان چېچەكنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولامدۇ - يا ؟ كېچىكىپ ئېچىلغاندىكىن ، كېچىكىپ توزۇشى كېرەك ئىدىغۇ ؟"

شۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۆزۈمچە يىغلىغۇم كەپكەتتى . نېمىشقا يىغلىغۇم كېلىدۇ ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ بىلمەيتتىم .

مەن سىزنى كۈتەتتىم . . .

قاش قارايغىچە كۈتتۈم . . .

ئەلياتقۇغىچە كۈتتۈم . . .

قېرىشقاندەك ، سىزنى ئىزدەپ كەتكەن زىۋىدىخاناچامۇ قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى . مەن تىت - تىتلىق ، ئىزتىراپ ئىلكىدە تېپىرلايتتىم .

"ئايزۆھرە نەگە كەتكەندۇ ؟ . . . نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ؟ . . . چېرىكلەر تۇتۇپ كەتكەنمىدۇ - يا ؟ . . .

سەپداشلىرىمچۇ؟ ئۇلار نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ . . .“

ئىچىمنى بىرنەرسە غاجايتتى، خۇددى قۇرتتەك . قەلبىمنى نېمىدۇر بىرنەرسە ئۆرتەيتتى، پۇچۇلايتتى، گوياكى قوقاستەك . ئۇ نېمىدۇ؟

بىلمەيتتىم .

جىمجىت كېچە، ھەممە نەرسە ئۇيقۇغا كەتكەن، ھېلىقى يۇمران نوتىدىكى تەنھا چېچەكمۇ ئۇيقۇغا كەتتىمىكىن؟ ياكى ئۇمۇ . . . ئۇ ماڭا خۇددى ئوخشاشلا ئويغاقتەك تۇيۇلاتتى .

مەن غازىڭنىڭ غاقىلدىشىنى، قوشام دەرۋازاڭنىڭ غىچىرلىشىنى، بىر جۇپ توخۇڭنىڭ قاقىلدىشىنى نەقەدەر زارىقىپ كۈتەتتىم ـ ھە؟

بىر چاغدا غازىڭ غاقىلدىدى . ئىشىك ”غا . . . ر . . . ت“ قىلىپ ئېچىلدى . مەن تەشۋىش، ئىزتىراپ، شادلىق ۋە يەنە قانداقتۇر مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە ئىشىككە تەلمۈرۈپ باقتىم . ئاھ! . . . قانداق قىلاي؟ چۈنكى ئۆيگە سىز ئەمەس، زىۋىدىخاناچام كىرىپ كەلگەن، يولۋاس قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغانىدى .

”بىچارە ئايال! . . .“

زىۋىدىخاناچامغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى . ئۇ ئەزايىدىن توپا، ۋۇجۇدىدىن ھارغىنلىق، پەرىشانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

— يوقما؟ . . . ھېچكىم كۆرمەپتىما؟ — دەپ سورىدىم مەن تەقەززالىق ئىلكىدە .

— يوق! . . . ، — زىۋىدىخاناچام چوڭقۇر ئەلەم، ئۈمىدسىزلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، مىشىلداپ يىغلىۋەتتى .

ئۇنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى جىنچىرىغىنىڭ يورۇقىدا يالتىراپ تۇراتتى ، خۇددى مەرۋايىتتەك .

يۈرىكىم ”پىژژىدە“ قىلىپ ، ئەنسىز سوقۇپ كەتتى . ئۇنىڭ مەرۋايىتسىمان ياشلىرىنى كۆرۈپ ، مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلدى ، ياشلىرىم مەڭزىمدە دومىلاندى ، لېۋىمنى ئەلەم بىلەن چىشلىدىم . . .

— ھەممە . . . ھەممە گۇناھ مەندە . . . كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىن چىق . . قىلى ئۇنىمىغان بولسام . . . ، — مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ گېپىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم ، خۇددى بوغۇزۇمغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك .

—ياق ، —دېدى زىۋىدىخاناچام مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ، —ھەممە گۇناھ كامالدا . . . ئاخشام ئۇنى خاپا قىلمىغان بولسا . . .

”خاپا قىلغان؟ نېمىشقا ، نېمە دەپ خاپا قىلغان بولغىيتتى؟ . . . ئايزۆھرەمۇ ھېچ خاپا بولغاندەك تۇرمايتتىغۇ؟ . . .“ ؛

”ياق ، ياق ! ئايزۆھرە ھەرقانچە خاپا بولسىمۇ ، مېنى بۇ ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ كەتمەيتتى . چوقۇم بىر ئىش بولدى ، چوقۇم ! . . .“ .

يۈرىكىم بىر خىل ئەنسىزلىكنى سېزىپ تۇراتتى ؛ تۇيغۇلىرىم بىر خىل شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىشكە ئۇرۇناتتى .

زىۋىدىخاناچام يولۋاسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كېتىشىگىلا ، مەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم . ئۇ داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەندە ، مەن ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىپ ،

ياشلىرىمنى سۈرتۈپ بولغانىدىم . قورسىقىم راسا ئاچقانىدى . لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ كېلىمدىن بىر توغرامدىن ئارتۇق نەرسە ئۆتكۈزەلمىدىم .

مەن يەنىلا سىزنى كۈتەتتىم . . .

سەپداشلىرىمنى كۈتەتتىم . . .

"ئۇلار نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ؟ . . ."

مەن ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتىم . . .

بىر چاغدا ئىت قاۋىغاندەك قىلىپ قالدى . بۇنىڭ ئوخۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم . چۈنكى مېنى خامۇشلۇقتىكى ئازابلىق تەشۋىشنىڭ سۆيۈملۈك ئۇيقۇسى تاغدەك بېسىپ تۇراتتى .

"ئىت قاۋىسا قاۋاۋەرمەمدۇ ، ئىت دېگەن ئاچ قالسىمۇ ، بەك تويۇپ كەتسىمۇ ، زېرىكىپ قالسىمۇ قاۋاۋېرىدىغان نېمە . . ."

قەدىرلىك ئۇيقۇم داۋام قىلاتتى . . . خامۇشلۇقتا ھېچنېمىنى تۇيمايلا قاپتىمەن . ھېلىقى بىر جۈپ غازنىڭ نېمىشقا غاقىلدىمىدىكىن ؟

— چىقە بۇياققا !

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم .

— بولمىسا گرانات تاشلاپ ، ئۇچەي - قارنىڭنى كۆككە سورۇۋېتىمىز !

مەن تېڭىرقاپ قالدىم .

— بولە چاپسان !

— . . .

مەن چۆچۈش ، ھەيرانلىق ، تېڭىرقاش ، ئالدىراش ۋە

ھودۇقۇش ئىچىدە كۆرپىنىڭ ئاستىدىكى تاپانچىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم . لېكىن كېچىككەندىمەن . كېچىككەندىمۇ ، ئېتىشنىڭ پۇتۇنلەي پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، تاپانچىنى جايىغا قويۇپ قويدۇم . چۈنكى مىلتىق ئىستوۋۇللىرى پەنجىرىدىن ، تۈڭلۈكتىن ماڭا سوزۇلۇپ تۇراتتى ، خۇددى يالماۋۇزنىڭ بارماقلىرىدەك . . .

مەن ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى بىر جۇۋازخانىدا كۆردۈم . سول مەڭزىم ، ئىڭەكلىرىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىپ ئاغرىيتتى . كۆڭلەك ، ئىشتانلىرىم سىمقامچا ئىزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قانلارغا چاپلىشىپ ، قېتىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ھەربىر مىدىرلىسام ، بۇ جاراھەتلەر يېڭىلاپ ئېچىشىپ ، جېنىمنى ئىككىدەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىتمام ئۆرلەپ ، بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى . كۆزۈم ئۇيقۇغا ئالدىرايتتى ، ئەمما ئۇخلىسام تۇزۇك ئۇخلا - ئۇخلىمايلا جۆيلۈپ ، ۋارقىراپ ، كىملەرنىدۇر تىللاپ ، كىملەرنىدۇر يەتمىش پۇشتىغىچە قارغاپ ئويغىنىپ كېتەتتىم . . . تۈننىڭ قەيەرگە بارغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم . كېچە ئوخشاشلا جىمجىت ، بۇ جىمجىتلىق مېنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى ، يۆتىلىشلىرى ، ئەسنەش ، پۇشۇلداش ، خورەكلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ تۇراتتى . چېرىكلەر ماڭا ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويغان ، تاڭ ئاتسىلا ، ئىبرەت ئالغۇزۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بوۋاقلار ، باللار ، ياشلار ، قېرى - چاللار ۋە تولغىنىۋاتقان قانلىق ئەزىز ، مۇقەددەس ئانا زېمىن بىلەن ۋىدالىشىپ ، ھايات بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىمەن .

مېنى شۇ تاپتا ئازابلاۋاتقىنى ، بەدەنلىرىمدىكى قانلىق جاراھەتلەر ئەمەس ، ئېچىندۇرۇۋاتقىنى ، ھەسرەتلەندۇرۇۋاتقىنى ، ئۆكۈندۇرۇۋاتقىنى ، ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتقىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئەمەس ، بەلكى نامەلۇم بىر مۇناپىقنىڭ ئىپلاسلىقى ، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ، جادۇ كۆزلىرىدىن مېھرلىك ، سېھىرلىك ، ئەمما سىرلىق تەبەسسۇملەر تۆكۈپ ، كۆڭۈلنى ئوۋلاپ ئاپىرىپ ھالاكەت تۇزىقىغا دەسسەتمىدىغان پەرى سۈپەت ئاشىق ئالۋاستىنىڭ ئاشىقانە ئاسىيلىقى ئىدى . ئۇ زادى كىم؟

بۇ سوئالغا تۇيغۇلىرىم جاۋاب بېرەتتى :

”ئۇ — ئايزۆھرە !“

شۇنداق ، جېنىم ، ئومىقىم ، ئۇ سەن ئىدىڭ ! لېكىن ، بۇ ھۆكۈمگە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . ئۆزۈمنى بۇ ھۆكۈمگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن قايتا - قايتا ئويلايتتىم :

”دۈشمەنلەر مېنى قانداق سېزىپ قالغاندۇ؟ ناخشامنى ھاجىم ئاڭلاپ قالغانمىدۇ - يا؟ شۇنچە پەس ئېيتقان ئىدىمغۇ؟ ياق ! . . .“ ؛

”ئايزۆھرە دەپ قويغانمىدۇ - يا؟ ياق ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ! مەن ئۇنىڭ ئاشىقى — جېنى ، ھاياتى ، بەخت - تەلىيى تۇرسام . . .“ ؛

”كامال چېقىپ قويغان بولمىسۇن يەنە؟ . . . ياق ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ! مەن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ھايات ئاتا قىلغان تۇرسام . . .“ .

شۇنداق ، مەن كامالدىن گۇمانلانمايتتىم . ئەگەر سىز سىرلىق ھالدا يوقىلىپ كەتمىگەن بولسىڭىز ، بەلكىم ، كامالدىن

گۇمانلىنىشىممۇ مۇمكىن ئىدى . شۇڭا مەن پەقەت سىزدىنلا گۇمانلىناتتىم . بۇ گۇمانىمغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشۈم ئۈچۈن سىزنى ، سىرلىق تەبەسسۇملىرىڭىزنى ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ، قايرىلىپ قاراپ قىلغان ئاخىرقى تەبەسسۇملىرىڭىزنى قارغايتتىم :

” خەپ ، ئايزۆھرە ، سەن ماڭا ئاشىق بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ماڭا ، مۇھەببىتىڭگە ئاسىيلىق قىلىپ ، مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنسەن ؟ بۇ نامرات ئائىلىدىن ، نامراتچىلىقتىن ، يوقسۇزچىلىقتىن ، جاق تويۇپ ، بىرەر ئۇزۇكلۇك ، بىرەر ھالقىلىق ئالتۇننى دەپ شۇنداق قىلغانسەن ، تايىنلىق ! بولمىسا ئۆيگە قايتىپ كەلمەسمىدىڭ ؟ ساڭا ئالتۇن - كۈمۈش مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغكەن - دە ؟ خەپ ! . . . خەپ ! . . . “

خىياللىرىم پاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىغان ئوق ئاۋازلىرى ئاستىدا پايخان بولدى . بىزنىڭكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى . . .

مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم .

يىگىتلەر مېنى ئالغىلى كەلسە ، مەن يېرىم سائەت ئىلگىرىلا تۇتۇپ كېتىلگەن ئىكەنمەن .

بۇ ، قولغا ئېلىنغان كۇنۇمنىڭ ئەتىسى كېچىدىكى ئىشلار ئىدى . مەن شۇ كېچە يەنە سېنى قارغاپ ، ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىپلا چىقتىم :

” خەپ ، ئايزۆھرە ، ئەمدى سېنى قەيەردىن بولمىسۇن تېپىپ ، ئۆز قولۇم بىلەن جەھەننەمگە ئۇزاتمايدىغان بولسام ! . . . “

ئېيتىڭا ، زۆھرەم ، مەن مۇشۇلارنى پىچىرلاۋاتقاندا ، سىز قەيەردە ، نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭىز ؟

# 4

مەنمۇ ؟

مەن بۇ چاغدا سىم قامچىنىڭ تەمىنى راسا تېتىپ ، ئۆلۈمنى كۆتۈپ ياتاتتىم . قىزىق ئىش ، مېنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىم تېخى يىگىتلەرگە قوشۇلماي تۇرۇپلا شۇنچە تېز باشلىنىپ كەتكەندى .

بۇلۇتسىز ئاسماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان زەر قۇياش بار كۈچى بىلەن ئىللىق ھارارەت چېچىۋاتقاندا ، مەن قىزازغا[1] قاراپ بىر چاتقاللىقتا كېتىۋاتاتتىم . مەن نېمىشقا ئارىتاشقا قاراپ ماڭماي ، تېخىمۇ يىراق بولغان ، دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان قىزازغا قاراپ ماڭدىم؟ بىلەمسىز بۇنى ؟ ياق ، بىلمەيسىز ، چۈنكى مېنىڭ سىز تۇرۇشلۇق قىسىمدا تۇرغۇم يوق ئىدى ؛ سىزنىڭ ئاشىقانە كۆزلىرىڭىزگە قاراشقا يۈزۈم يوق ئىدى . بارسام قارىماي تۇرالمايتتىم . ئىككى قېتىملىق جىسمانىي بۇلغىنىش روھىمغا تەھدىت سېلىپ ، سىزنى كۆرۈشكە ، سۆيۈشكە شۇنچىلىك تەشنا قىلىپ قويغانىدى ؛ بۇ روھىي تەھدىت سىزنى كۆرۈشتىن سىزنى سۆيۈشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان قىلىپ قويغانىدى . شۇڭا مەن سىزنى بىر ئۆمۈر غايىبانە سۆيۈپ قېلىش قارارىغا كېلىپ ، قىزازغا قاراپ ماڭغانىدىم .

ئىلدام كېتىۋاتسام ، توساتتىنلا ، ”پاك - پۇك“ قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى . تۆت ئەتراپقا ئالاق - جالاق قاراپ

---

① قىزاز — توغرا ئاتىلىشى قىزئاز .

قالغاندىن كېيىن ، بىر دۆڭگە يامىشىپ چىقتىم ـ دە ، قويۇق شاخلاپ كەتكەن بىر توپ ئازغاننى دالدا قىلىپ ، شاخلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدىم . ئۈچ ـ تۆت يۈز قەدەم نېرىدا — كوڭگو تەرەپتىن بىرى يىقىلىپ ـ قوپۇپ مەن تەرەپكە — چاتقاللىقنى كۆزلەپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ يەڭدەپ ـ يەڭدەپ كېلىپ بىر توغراق تۈۋىگە يىقىلدى .

”بۇ كىمدۇ ؟ چېرىكمىدۇ ياكى يىگىتمىدۇ ؟ . . . يىگىت ئوخشايدۇ جۇما . چېرىكنىڭ ئىلكىدىكى يەردە چېرىك بۇنداق يىقىلىپ ـ قوپۇپ ، پايپاسلاپ يۈرمەس . توختا ، بىر بېرىپ باقاي قېشىغا ، كىم زادى بۇ . . .“

مەن شۇنداق ئويلاپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۇم . ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىمدا ، ئۇ توغراق تۈۋىنى جانسىز بارماقلىرىدا كولاۋاتاتتى .

— سىز . . . سىز كىم ؟

ئۇ ماڭا چۆچۈپ قارىدى . بىر قاراپلا ئۇنىڭ تاجىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم . ئۇ قىرىق ياشلاردا باردەك قىلاتتى . قىرلىق بۇرنىدا تەر دانچىلىرى يالتىرايتتى . كەڭ ، دۆڭ قاپاقلىرى ئاستىدىكى چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ ، ساقال ـ بۇرۇت باسقان قارامتۇق چېھرى قانسىراپ ، ئاقىرىپ كەتكەنىدى . ئوڭ كۆكسى ، ئوڭ يوتىسى قانغا بويالغان ، جاراھىتى تولىمۇ ئېغىردەك قىلاتتى . ئۇنىڭ شۇ نۇرسىز كۆزلىرى ماڭا ئۈمىدسىز ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى .

— سىز يىگىتما ؟ — دەپ سورىدىم مەن ، خۇددى سىزدىن سورىغاندەك .

— ھەئە . . . مەن . . . مەن . . . ، — ئۇ ئارقىسىغا جىددىي قارىۋەتكەندىن كېيىن ، كۆمۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ماڭا تەڭلىدى ، — ئاللا سىزدىن . . . خۇش بولۇپ قالسۇن ، بۇنى . . . بۇنى يىگىتلەرگە . . . بېرىپ قويۇڭ .

مەن خەتنى قولۇمغا ئالدىم . خەت قانغا بويۇلۇپ كەتكەندى ، خۇددى ئۇنىڭ كۆكسىدىكى قوللىرىغا ئوخشاش ، ئۇ توغراقتا يۆلەندى . پۈتۈن تۇرقىدىن ئۆتۈنۈش تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ مەندىن بۇ خەتنى چوقۇم يىگىتلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋاتاتتى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەنمۇ يىگىتلەرنىڭ قېشىغا ماڭغان ، — دېدىم مەن ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا .

— ياخ . . .ياخشى ! — دېدى ئۇ چوڭقۇر خاتىرجەملىك ئىلكىدە . ئۇنىڭ نۇرسىزلىنىۋاتقان كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى .

— مېڭىڭ ، بىللە قاچىلى ، — دېدىم مەن . بىراق بۇنداق دېگىنىم بىلەن ئۇنى يۆدەلمەيتتىم . ھەتتا ئۇنى قولتۇقلاپ مېڭىشقىمۇ يارىماسلىقىم مۇمكىن ئىدى . ئەتىگەنكى چالا - بۇلا قىلغان ناشتا بىلەنلا بولغاچقا ، مەنمۇ ئاران - دەسسەپ كېتىۋاتاتتىم .

— ياق . . . ياق . . . تېز . . .

دەل شۇ چاغدا "ئەينا !" دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى . چاچراپلا تۇردۇم ، يېقىنلا يەردە ئون نەچچە چېرىك پالاقشىپ كېلىۋاتاتتى .

— تېز . . . تېز قېچىڭ ! . . . ، — ئۇنىڭ قارىقى تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى ، چېھرىدە يەنىلا خاتىرجەملىك ، ئىشەنچ جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويغۇم يوق ئىدى . بىراق ، نېمە ئامال ؟ خەتنى قوينۇمغا تىقىپ "پارتىيىدە" قاچتىم ، خۇددى توشقاندەك .

— توختا !

— توختىمىساڭ ئاتىمەن !

— . . .

چېرىكلەر ۋارقىراشتى . مەن توختىماي قېچىۋەردىم . قۇلاق تۈۋىمدىن بىرقانچە پاي ئوق "ۋىژ - ۋىژ" قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۆزۈمنى چاتقاللىقتا ئارانلا ئالالىدىم - دە ، بار كۈچۈمنى يىغىپ قاچتىم . ئەزايىمدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى . كۆڭلەكلىرىم ھۆل بولۇپ ، ئېغىزمانلىرىمغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى . پېشانەمدىن ئېقىپ چۈشكەن تەرلەر كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى . تەرلىرىمنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرمەيتتىم . مەن ھېلى ئۇيان - ھېلى بۇيان قاچاتتىم ، شۇنداق قېچىپ ، دۈشمەنلەرنى ئېزىقتۇرماقچى بولاتتىم . لېكىن قاچقانسېرى يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قېلىپ ، پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى قېچىپ كېتىۋاتاتتى . ئاخىر بولالماي يىقىلىپ چۈشتۇم ، قوپۇشقا تىرىشتىم ، ئەمما قوپالمىدىم . بېشىم قايغاندەك قىلاتتى . قۇتۇلۇپ كېتىشىمدىن ئۈمىد ئۈزدۈم . چۈنكى دۈشمەنلەر مېنى بۇنداق ئاسانلىقچە قاچۇرۇپ قويماسلىقى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا خەتنى ، سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە

ئېيتقاندا ، ئاخباراتنى ئۆششاق ـ ئۆششاق قاتلاپ ، بىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە چانمىغۇدەك قىلىپ كۆمۈپ قويدۇم . كېيىن (هايات قالسام ) تاپالماي قالماسلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇپ ساڭگىلىتىپ قويدۇم . گەرچە مەن تېخى هەربىي بولمىساممۇ ، لېكىن ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشتىكى ئەهمىيىتىنى بىلەتتىم . شۇڭا يەنە بار كۈچۈمنى يىغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، ئاخباراتنىڭ قېشىدىن تېزراق يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈن بەدەر قاچتىم . قاچا ـ قاچا ئاخىر كەڭرى كەتكەن بىر شىۋەرلىككە چىقىپ قالدىم . شىۋەرلىكتە قوي ـ كاللار بەخىرامان ئوتلىشىپ يۈرەتتى . بىردىنلا ئۆزۈمنى شۇ هايۋانلارغا سېلىشتۇرۇپ قالدىم . هايۋانچىلىك ئەركىن بولالمىسام ـ هە ؟ مېنىڭمۇ (بىزنىڭمۇ ) شۇ هايۋانلاردەك تىنچ ، خاتىرجەم ياشايدىغان ، ئەركىن ـ ئازادە يايلايدىغان چاغلىرىم بولارمۇ ؟

مەن ئەنە شۇنداق هۆر چاغلارنى ، ئەنە شۇنداق قۇۋناق ، هۆر هاياتنى كۆزلەپ قېچىۋاتاتتىم . لېكىن شىۋەرلىكتىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزۈم ئىلىنماشمىدى . شۇڭا سول تەرىپىمدە مېنى كۈتۈپ تۇرۇشقان سازلىقتا قاراپ يۈگۈردۈم .

بەزىدە تىزىمغىچە ، بەزىدە بېلىمغىچە سېسىق سۇ كېچىپ مىڭ تەستە قويۇق ، ئېگىز ئۆسكەن قومۇش ، يېكەنزارلىقتا كىرىۋالدىم . شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر قۇرۇق جايغا بېرىپ ئۆزۈمنى ئوڭدىسىغا تاشلىدىم . قۇياش مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇراتتى . بۇلۇتسىز كۆكتە بىر تاغ بۈركۈتى لەرزان ، مەغرۇر ئۇچۇپ ، ئۈستۈمنى ئەگىپ يۈرەتتى . كۈچلۈك هاسىراشلىرىم پاشىلارنىڭ غىڭىلداشلىرى ، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ

”غاق- غاق“ لىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، قومۇشزارلىقنى ئازادە بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى .

”شۇنداق بولغاي ئىلاھىم !“

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى . لېكىن بۇ ئازادىلىكىم ، خاتىرجەملىكىم ئۇزاققا بارمىدى . چۈنكى مەن قورشاۋدا قېلىپ تۇتۇلۇپ قالغانىدىم .

مەن ھەممىگە تەييارلىنىپ تىك تۇردۇم .

”دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن ، كۆمۈكلۈك قالغىنى ياخشى ! . . .“

خىياللىرىم ھاقارەتلەردىن ئۈركۈپ كەتتى .

— نەگە قاچىسەن ھوي جالاپ ! ؟

— ئەمدى قاچە قېنى ! ؟

— ھۆي تاغ ئوغرىلىرىنىڭ يالاقچىسى ، ھاردۇرۇپ ئاران جېنىمىزنى قويدۇڭ - يا ! ؟

— . . .

بۇنداق ھاقارەتلەر جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ ، چىداپ ”جىممىدە“ تۇرۇۋالدىم . چىدىمىسام ، ”جىممىدە“ تۇرۇۋېلىپ بىرەر ئەقىل تاپمىسام بولمايتتى .

مەن ئون نەچچە چېرىكنىڭ ئارىسىدا قالغانىدىم .

— ئۇ ساڭا نېمە بەردى ؟ — دەپ سورىدى ئېگىز ، شوينا بەل ، ئوغرى چىشلىرى كالپۇكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ، قاراماتاق بىرى .

”دۈككىدە“ بىر خىيال كاللامغا كىرىپ قالدى :

”ئۇلار ساڭا نېمە بەردى ، دەپ سورىغانغا قارىغاندا ، ئۇلارمۇ

ئاخبارات ھەققىدە ئېنىق بىرنەرسە بىلمەيدىكەن ـ دە؟»

— كىم؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدىم مەن شۇڭا تېنىمۇالماقچى بولۇپ.

— ھېلىقى تاجىك.

— ماڭا ھېچنېمە بەرمىدى ئۇ، نېمە بېرەتتى؟

— ئاختۇرۇڭلار!

ئۇلار مېنى ئاختۇرۇشتى. ئاختۇرمىغان يانچۇق، ئەستەر تاش، ئايىغىمنىڭ پېتەك ـ چەملىرى، چاچلىرىمنىڭ ئارىسى قالمىدى.

”ھەر نېمە بولسا ئەقلىم ئىشقا بۇيرۇپ كۆمۈپ قويۇپتىكەنمەن“

— ئاخبارات قېنى؟

— نېمە؟ ئاخبارات؟ — مەن ھەيران قالغان، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋالدىم.

— ھە، ئاخبارات!

— قانداق نېمە ئۇ ئاخبارات دېگەن؟ — مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تامامەن تۇتۇۋالغانىدىم، — يەيدىغان نېمىمۇ ئۇ؟ يا . . .

— ھە، يەيدىغان نېمە ئۇ مۇشۇنداق! — ئۇ شوينا بەل شۇنداق دەپلا تۆت تەستەك ئۇرۇۋەتتى. كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ، يۈزۈم كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتتى. تۇكۇرۇكۇمنى يۇتتۇم، ئۇنىڭ تەمىدىن چىشىمنىڭ قانىغانلىقىنى سېزىپ، يەرگە تۈكۈردۈم. قىپقىزىل قان چۈشتى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماي، راستىنى ئېيتە، ئاخبارات

قېنى؟ ئۇنى نەگە كۆمدۈڭ؟

"ئىم، كۆمۈپ قويغانلىقىمنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟... كۆمۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ سوراپ باققانمىدۇ - يا؟"

— ئۇ ئاخبارات - پاخپارات بەرمىدى.

— گېپىڭ چوڭ - يا، سىڭىڭ؟ ئەمىسە، نېمە بەردى؟

— ھېچنېمە.

— پوق يەمتىڭ ئەمىسە ئۇنىڭ قېشىدا؟

— كېتىۋاتسام ياتىدىكەن، نېمە ئادەمكى، دەپ بېرىپ قاپتىمەن مۇنداق.

— نەگە كېتىۋاتقان؟

— قىزازغا، ئاچامنىڭ ئۆيىگە.

— تاغ ئوغرىلىرىنىڭ يالىقىنى يالىغىلى ماڭغان دېگىنە مۇنداق!

— ...

مەن ئەلىمىنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

— تولا گەپ يورغىلاتماي، ئاخباراتنى تاپ، ئۇنى نەگە كۆمدۈڭ؟

— مەن ئاخبارات كۆرمىدىم ھېچيەردە.

— ھۇ ئاناڭنى... خۇنپەر! — شوينا بەل كۆكۈيۈن چاققان ئىشەكتەك چىچاڭشىپ كەتتى - دە، ماڭلاي چېچىمدىن قاماللاپ تۇتتى. كۆزۈم كۆككە تىكىلىپ قالدى.

تاغ بۈركۈتى مەغرۇر ئۇچۇپ يۈرەتتى.

"‹كۈررىدە› ئۇچۇپ كەتسەم"

شۇنداق بالىلارچە خىيال سۈرۈپ قالدىم .

خەنجەرنىڭ ئۇچى مەڭزىمگە تىرەلدى . ئۇ مەڭزىمنى تىلماق بولۇۋاتاتتى . دەل شۇ چاغدا بىر چېرىك كېلىپ ، ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى . ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، چېچىمنى قويۇپ بېرىپ بۇيرۇق قىلدى :

— ئېلىپ مېڭىڭلار !

ئۇلار مېنى يالاپ كوڭگودىكى گازارمىسىغا ئېلىپ كېلىشتى . سوراق يەنە باشلاندى . قولۇم ئىككى تەرەپكە كېرىلدۇرۇلۇپ تورۇسقا ئېسىلغان ، پۇتۇم يەرگە تېگەر ـ تەگمەس گىلدىڭلاپ تۇراتتى . سۇپىسىز ئۆينى ئىس قاپلىغانىدى . ئوچاقتا ئوت چاراسلاپ كۆيەتتى . بىر چېرىك لاخشىگىرنى چوغقا پاتۇرۇپ قىزدۇرۇۋاتاتتى . يەنە ئىككى چېرىك بۇيرۇق كۈتۈپ تىك تۇرۇشاتتى . قوللىرىدىكى سىم قامچىلار تولغىنىپ تۇراتتى ، خۇددى چار يىلاندەك . سوراقچى بولسا كېرەك ، كالپۇكلىرى كۆلىدەك يوغان ، ئاغزى قۇلاق تۈۋىگە بارغىلى تاس قالغان ، كۆزلىرى بېلىقنىڭ كۆزىدەك پولتىيىپ چىققان بىرى ماڭا ۋەھشىيانە تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى . دېمەك ، مەن دەھشەتلىك سوراقنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتىم ؛ سوراقنىلا ئەمەس ، بەلكى مۇشەققەتلىك بىر سىناقنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتىم .

شۇنداق ، بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق سىناق ئىدى . مەن بۇ سىناقتىن ئېپلاسلىقىم بىلەن ئەمەس ، پىداكارلىق خىسلىتىم بىلەن ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدىم !

”كېرەملىك ئىگەم ، ماڭا قەيسەرلىك ، چىدامىلىق ئاتا

قىل ! . . .“

مەن سوراق ـ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە بايىقىدەكلا جاۋاب بېرىۋەردىم . رەللە بولغان سوراقچى :

— ئۇرۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

باش ـ كۆز ، ئۇستىۋاشلىرىمغا سىم قامچىلار تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى . مەن تولغاندىم ، يۇلقۇندۇم ، پىلتىڭلىدىم ، لېۋىمنى چىڭ چىشلىدىم . بەدەنلىرىمدىن ، باش ـ كۆزۈمدىن ، لېۋىمدىن قان سىرغىپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم ، كېيىن ھوشۇمدىن كەتتىم . . .

ھوشۇمغا كەلگەندە ، مەن يەنىلا ئېسىقلىق ھالەتتە تۇراتتىم . ئەزايىم ئېچىشىپ ئاغرىيتتى . ئۇلار مېنى ھوشۇمغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن سۇ چاچقان بولسا كېرەك ، كىيىملىرىم ، باش- كۆزلىرىمدىن چىپىلداپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى .

— ئېيتە ، ئاخبارات قېنى ! ؟

سوراق يەنە باشلاندى ، مەن جاۋاب بەرمىدىم . كۆزۈمنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ”جىممىدە“ تۇرىۋەردىم . چوغدەك قىزىتىلغان لاخشىگىر كۆكسۈمگە يېقىلدى . ئاخىر دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتىم . ئاغرىق سۆڭەك-سۆڭەكلىرىمگە ، بېغىش-بېغىشلىرىمغا ، يۈرەك-يۈرەكلىرىمگە ئۆتۈپ كەتكەندى . مەن تېپىرلاپ-تېپىرلاپ ، پىلتىڭلاپ-پىلتىڭلاپ توختاپ قالغانلىقىمنى ئۇقتۇم ،كاۋاپ ھىدىمۇ ئاستا-ئاستا تەسىر كۆچىنى يوقاتتى . . .

ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى بىر ئەسكى سامانلىقتا كۆردۈم . كىچىككىنە تۆڭلۈكتىن ئاي شولىسى چۇشۇپ تۇراتتى . باش ـ

كۆزۈم ، ئەت ـ يېنىم شۇنداق ئېچىشىپ ئاغرىپ تۇراتتى . بولۇپمۇ كۆكسۈمنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ بولمايتتى ، خۇددى لاخشىگىر كۆكسۈمگە ئەمەس ، يۈرىكىمگە يېقىلغاندەك . شۇڭا يەنە هوشۇمدىن كېتىشنى ، ئۇزاق ـ ئۇزاق هوشسىز يېتىپ كېتىشىمنى تىلەيتتىم ؛ سىزگە نىجاتلىق تىلەيتتىم :

"ئۇلۇغ تەڭرىم ، ياقۇپنى ئۆز پاناهىڭدا ساقلا ! . . ."

سوغۇق ، ئاغرىق ، ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق جېنىمغا ئىكەك سېلىپ قىينايتتى . قىينىلىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلاتتىم :

"شەپقەتلىك ئىگەم ، ياقۇپنى يىگىتلەرنىڭ قولىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرغىن ! . . ." ؛

"بىلىپ-بىلمەي قىلغان گۇناهلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ! . . ." ؛

"ياقۇپنىڭمۇ بىلىپ-بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناهلىرى بولسا ، ئەپۇ قىلغايسەن ،بارلىق ياخشى ئەمەل-ساۋابلىرىمنى ياقۇپقا ئاتىدىم ! . . ."

چۈنكى ئەتە مېنى دۈشمەنلەر ئېتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى .

تۈننىڭ قەيەرگە بارغانلىقىنى بىلمەيتتىم . بىر چاغدا ئىشىك تۈۋىدە ئۇپۇر ـ توپۇر ، پالاق ـ پۇلۇق ، خار ـ خۇر ، ئىنجىق-مىنجىقلار بولۇپ كەتتى . كىملەردۇر بوغۇشقاندەك قىلاتتى . تېپىرلاش ، خارقىراشلار ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . لېكىن بۇ تاۋۇشلار قانداق تېز باشلانغان بولسا ، يەنە شۇنداق تېز ئاخىرلىشىپ ، كېچە يەنە شۇنداق جىمجىتلىشىپ كەتكەنىدى . بۇ جىمجىتلىقمۇ ئۇزاق هۆكۈم سۈرمىدى . چۈنكى ئىشىك بوش غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، سامانلىققا بىر چېرىك كىرىپ كەلگەنىدى .

مەن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم . ئۇ ، مېنى شوينا بەل ئۈزۈپ ، چېچىمنى قامالاپ ، مەڭزىمگە پىچاق تىرەۋاتقاندا ، ئۇنىڭ

قولىقىغا پىچىرلاپ ، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرغان ، قىرىق - قىرىق بەش ياشلاردىكى ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ئۇ ئىشىك تۈۋىدە سۇنايلىنىپ ياتقان چېرىكنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرەپ سامانلىققا ئېلىپ كىردى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ، تىرەجەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . كۈچ - قۇۋۋىتىمنىڭ تامامەن نابۇت بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ، بەلكىم ، بۇ ھايات تەشنالىقى ئاتا قىلغان غايىۋى كۈچتۇ ؛ بەلكىم ، ھايات تەشنالىقى روھىمنى ئۇرغۇتقاندۇ .

مەن شۇنداق ھاياجانغا چۆمدۈم ، مەنمۇ سىزنى قۇتقۇزۇۋالغاندا ، سىزمۇ مەندەك ھاياجانغا چۆمگەنمىدىڭىز ؟

— رەھ . . . رەھمەت سىزگە ! — چەكسىز ھاياجان ، سۆيۈنۈش بىلەن شۇنداق دېدىم .

— بۇ مېنىڭ بۇرچۇم ! — دېدى ئۇ ۋە ھېلىقى ئۆلۈك چېرىكنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ ، — بۇنى ئېلىڭ ، — دەپ قولۇمغا تۇتقۇزدى . مەن مىلتىقنى ”چىڭگىدە“ تۇتتۇم . بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم قورال تۇتۇشۇم ئىدى . تومۇر - تومۇرلىرىمدا بىر خىل ئىچكى ھاياجان ، ئۈمىدۋارلىق ، روھىي ئىسيان كۈۋەجىدى ! ئۆز - ئۆزۈمدىن — قورال تۇتۇپ ، جەڭچى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلەندىم !

* * *

— تېز بولۇڭ .

ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭدى . بىز گازارمىدىن

ناھايىتى ئوغۇشلۇق ، ناھايىتى تېز يىراقلاپ كېتىشتۇق . جاھان سۈتتەك يورۇق ، تولۇن ئاي يۈرىكىمدەكلا كۆلۈمسىرەپ ، بىز قايانغا ماڭساق ، شۇ يەرگە مېڭىپ يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

ئۇ مېنى قولتۇقلىۋالغانىدى . مەن ئۇ بەرگەن ئارپا نېنىنى يېــگەچ تېز - تېز مېڭىشقا تىرىشاتتىم . قەلبىمدە ھۆرمەت ، تەشەككۈر ئۆركەشلەيتتى . بىز "جىممىدە" كېتىپ باراتتۇق . قىزازغا قايرىلىدىغان ئاچالغا كەلگەندە "شىپپىدە" توختاپ قالدىم .

— ن - -ىمە بولدى ؟ ھېرىپ قالدىڭىزما ؟ كېلىڭ ، مەن يۆدۈۋالاي ، — شەپقەتچىم ئالدىمغا كېلىپ يۈكۈندى .

— ياق ، ھېرىپ قالمىدىم ، — دېدىم مەن ، — بىراق ئاخباراتنى ئېلىۋالساق بولاتتى .

— ئۇ سىزگە بېرىپتىكەن - دە ، راست ؟ مەن تېخى سىزگە بەرمىگەن ئوخشايدۇ ، دەپتىمەن ، ئەجەب قەيسەركەنسىز . رەھمەت سىــزگــە ، خــەلق نامىدىن ، دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۇلۇغ ۋە تىنىمىز نامىدىن سىزگە كۆپ رەھمەت ! ئاللا بۇ ھىممىتىڭىز ئۈچۈن ، بۇ تارتقان جەبرىڭىز ئۈچۈن نەچچە مىڭ ھەسسە ساۋاب ، راھەت بېرىدۇ ! — ئۇ ھاياجان ۋە پەخىرمەنلىك ھېسسىيات بىلەن شۇنداق دېدى . — خۇداغا شۈكرى ! . . . ئۇنى مىڭ تەستە قولغا چۈشۈرۈپتىم ، ھەرنېمە بولسا . . .

بىز چاتقاللىققا قاراپ ماڭدۇق .

— ئاخباراتنى ئۇنىڭغا سىز بەرگەنما ؟

— ياق ، مەن ئۇ تاجىك يىگىتنى تونۇمايمەن . مەن پەقەت ئــىــگــىلىگەن ئاخباراتنى بەلگىلەنگەن جايدىكى پور تېرەكنىڭ

كاۋىكىغا تىقىپ قويۇشنىلا بىلىمەن . ئۇنىڭ كىمنىڭ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . بىلىشكىمۇ يول قويۇلمايدۇ . بۇ دېگەن قائىدە ، ھەربىي ئۇستاپ .

— "پەرىشتە" دېگەن سىزكەنسىز - ھە ؟

— "پەرىشتە" — شەپقەتچىم ھەيران قالغاندەك قىلدى ، — بۇنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ ئۇ دېدىمۇ - يا ؟

— ياق ئاخباراتنىڭ ئاخىرىغا شۇنداق يېزىقلىقتەك تۇراتتى .

— ھە . . . ھەئە ، مەن ، — ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قېلىپ ،

— بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ جۇمۇ ؟ بۇ دېگەن ھەربىي ئۇستاپ ،

— ئۇ جىددىي شىۋىرلاپ ، مېنى ئالدىراتتى ، — تېز ، تېزراق بولايلى .

مەن ئۇنى ھېلىقى يولغۇن تۈۋىگە باشلاپ كەلدىم . چاتقاللىق شۇنداق جىمجىت ، گويا ئادەمگە تىلسىم دۇنيادەك سىرلىق تۇيغۇ بېرەتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، يېنىمدا شەپقەتچىم بولمىغان بولسا ، قورقۇپ جېنىم چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . مەن ئاخباراتنى ئېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . تۇردۇم - يۇ ، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىم چەكچىيىپ ، سەزگۈلىرىم قاراسلاپ كەتتى . چۈنكى شەپقەتچىم ماڭا ئىپلاسلارچە ھىجىيىپ تاپانچا تەڭلەپ تۇراتتى .

— سىز . . . ؟

— شۇنداق ، بۇ مەن ، — ئۇ چىرايىغا بىردىنلا سۇرلۇك تۈس بەردى ، — قولۇڭنى كۆتەر !

مەن شۇندىلا ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم . شۇنداق ، مەن ئالدانغانىدىم . مەن يەردە غېرىبسىنىپ ياتقان مىلتىقىمغا قاراپ

ھەسرەت بىلەن بوشىشىپلا كەتتىم . ئەمدى ئۇنى ئىلىشقا ئۇلگۈرەلمەيتتىم ، بەلكىم ، مەڭگۈ ئۇلگۈرەلمەسمەن .

”ئاھ ، خۇدا ، مېنىڭ تەلىيىم نېمانچە كاج ؟ تەقدىرىم نېمىدېگەن قۇۋ ، نېمىدېگەن كاززاپ - ھە ؟ ! . . .“

ئۇ قولۇمدىكى ئاخباراتنى ئىلىۋالدى .

”نېمىشقا ، نېمىشقا مەڭدەپ تۇرغۇچە ئۇنى ئاغزىمغا ‹موككىدە› سېلىپ يۇتۇۋەتمىگەندىمەن ؟ ئىسىت ! . . .“

— ماڭە !

مەن كەينىمگە ئۆرۈلدۈم . ئۇ مىلتىقىمغا دوڭغايدى . دەل شۇ چاغدا بىر مۆجىزە ، ئاجايىپلا بىر مۆجىزە يۈز بەردى . بىرنەرسە ”ۋاقىدە“ قىلىپ قالدى ، يەنە بىرنەرسە ئىنجىقلاپ يەرگە ”گۈپپىدە“ يىقىلدى . بۇرۇلۇپلا ھەيران قالدىم . چۈنكى ”شەپقەتچىم“ يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى ، قارا كىمخاب پەلتو كىيگەن ، يۈزىنى قاپقارا چايشاپ بىلەن ئورىۋالغان بىرى كالتەك تۇتۇپ تۇراتتى .

مەن بۇ كارامەتلەردىن گاڭگىراپلا قىلىۋاتاتتىم .

”بۇ نېمە ئىش ؟ بۇ ئوڭۇممۇ يا چۈشۈممۇ ؟ ئۇ ئادەممۇ يا پەرىشتىمۇ ؟“

شۈنداق ، ئۇ پەرىشتە !

— سېنىڭ ساتقىنلىقىڭدىن ، ئۇ قۇربان بولدى ! . . . ، —

”پەرىشتە“ ئۇنىڭ كانىيىغا ”چىڭگىدە“ دەسسەپ چەيلىدى ، مەنمۇ مىلتىقىمنى ئىلىپ پايىنىكى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرمۇنچىنى ئۇردۇم .

ئۇ ئاخىر ئۆلدى !

— مۇناپىق دۈشمەندىنمۇ يامان ، — دېدى ”پەرىشتە“ مۇناپىقنىڭ قولىدىن ئاخباراتنى ئېلىپ ، — دۈشمەننى يوقىتىشتىنمۇ بەكرەك مۇناپىقنى يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ! — ئۇ ئاخباراتنى ماڭا تەڭلىدى .

— ھەئە . . . راست . . . راست شۇنداقكەن ! — دېدىم مەن ئاخباراتنى ئېلىۋېتىپ ، شۇ تاپتا سۆيۈنۈش ، شاد - ھاياجان ئۇستۇمدىن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى ، خۇددى باھار كەلكۈنلىرىدەك .

”ھە ؟ ‹پەرىشتە › نىڭ ئاۋازى ئەجەب تونۇش - يا ، ماڭا ؟ بۇ زادى كىمدۇ ؟ . . .“

بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدىم .

— سىز . . . سىز كىم ؟

— مەنمۇ ؟— دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ ،— مەن”پەرىشتە“ .

مەنمۇ ئۇنىڭ نۇرانە كۆزلىرىگە مىختەك قادالدىم . شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ ، بۇ شەپقەتكار كۆزنى زادىلا تونۇيالمىدىم .

”ئەينا ، شۇنچە تونۇش ئاۋاز ، كىمدۇ بۇ زادى ؟ . . .“

— ”پەرىشتە“ ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم ، سىز . . . سىز كىم زادى ؟

— تونۇيالمىدىڭىز ؟

— ھەئە ، — دېدىم مەن ئۇنى تونۇشقا تىرىشىپ كۆرۈشنىڭ ئورنىغا ، تەقەززالىق ئىلكىدە ، — يۈزىڭىزنى بىر ئېچىڭا ؟

”پەرىشتە“ يۈزىنى ئاچتى . سەزگۈلىرىم يەنە قاراسلاپ كەتتى ، تومۇر - تومۇرلىرىمدا چەكسىز ھاياجان كۆۋەجىدى !

— ئازادەم ! . . . ، — ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم . بىز شۇنچە

چىلىك ، شۈنچە سەمىمىي باغىرلاشتۇق . ياشلىرىمىز قوشۇلۇپ كەتتى .

شۇنداق ، ئۇ ھېلىقى رەزىل كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتكەن ئازادەم ئىدى !

— ئازادەم ، قانداق بولۇپ . . .

— سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىقكەنسەن ، — دېدى ئۇ ، مەنمۇ سەندەك قېچىپ كەتسەم بولۇپتىكەن . ماڭا باسقۇنچىلىق قىلغان ھېلىقى ئەبلەخ مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالدى . . .

ئۇ ناھايىتىمۇ قىسقىچە دەرد تۆكتى .

— خوش ، ئاداش ، ئاللا سېنى ئامان قىلسۇن ! — ”پەرىشتە“ مېنى باغرىغا چىڭ باستى . ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپلا كەتكۈم كەلدى .

—ماڭ ،بىز بىللە كېتەيلى ،—دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ .

— مېنىڭمۇ ھازىرلا كەتكۈم بار ، بىراق مېنىڭ تېخى ۋەزىپەم تۈگىمىدى . . . پولكوۋنىك قادىرقۇلغا سالام دەپ قوي .

”پەرىشتە“ يۈزىنى قارا چايشاپ بىلەن يۆگىدى . مەن ھېلىقى ئەبلەخنىڭ تاپانچىسىنى قوينۇمغا سالدىم ، مىلتىقىمنى دولامغا ئاستىم .

— خوش ، ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! ۋەزىپەڭ تۈگىسىلا قايتىپ كەل ، ”پەرىشتە“م !

ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى . بىز ناھايىتى مۇشەققەتتە خوشلاشتۇق .

”لەنىتى زۇلۇم ! . . . زۇلۇم ئاخىر بىر كۈنى تۈگەيدۇ . . . ھۆرلۈك بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ . . . شۇ چاغدا ھەممىمىز

قوچاقلىشارمىز ! . . .“

ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەن پولك شتابىغا باردىم . پولك كوماندىرى قادىرقۇل مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى .

مەن ئاخباراتنى ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇردۇم . ئاندىن ”شاپلىق تۇز پاجىئەسى“ نى ئاكامنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى . . . سۆزلەپ بەردىم . ئۇنىڭ بۇلاردىن خەۋىرى بار ئىكەن . مېنىڭ روسۇل ھاجىمنىڭ قىزى ، يولۋاسنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ، مەندىن ، ئائىلىمىزدىن ، ئائىلىمىزنىڭ ئىسيانكار ، ئەركپەرۋەر روھىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ، ماڭا ئۆزىنىڭ دىكتار ئاپتوماتىنى تەقدىم قىلدى . جەڭچىلەرگە قارا مىلتىقمۇ يېتىشمەيۋاتقان بۇنداق قىيىن شارائىتتا دىكتار ئاپتوماتقا ئېرىشىشىم مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپات ئىدى ھەم مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مۇكاپاتتىنمۇ تەمەيىم يوق ئىدى .

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ فرونت قايناملىرىغا قوشۇلۇپ كەتتىم . زاڭگۇ ، كوگگو ، قوشراپ ، تاشنا قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەردە ئاجايىپ زور قەھرىمانلىقلارنى كۆرستىپ ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەھرىمانلىق خىسلەتلىرىنى نامايان قىلدىم .

سىزچۇ ؟ سىز قەيەردە ، قانداق جەڭلەردە بولدىڭىز ؟

## 5

مەنمۇ ؟

پۇتۇم ساقايغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال چامسال جېڭىگە ،

ئاندىن يۇرتىمىز چوپاننى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتىم . چوپاندىكى جەڭ مەن ئۈچۈن ، ياق بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك جەڭ بولدى .

بىز ئەلياتقۇ بىلەن قاراشوغا يېتىپ كەلدۇق . لەشكەر بىلەن ئابدۇراھمان روتىنى باشلاپ ئىلىنىشقا قاراپ مېڭىپ كەتتى . مەن بىر ئىزۋۇدنى باشلاپ چۆلگە چىقتىم . يىگىتلىرىمنى خېلىلا ئارقىدا قالدۇرۇپ ، مەن بىر يىگىت بىلەن داۋان ئۈستىدىكى پوستقا يېقىنلاپ كەلدىم . ئاسمان شۇقەدەر ئوچۇق ، يۇلتۇزلارمۇ شۇ قەدەر جىق ، شۇ قەدەر جۇلالىق بولۇپ ، ئەتراپ ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى . تاپىنىمىز ئاستىدىكى قار غاچىلداپ ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى . چۆل سوغۇقى ، چۆل شامىلى يۈزىمىزنى ھەرىدەك چاقاتتى .

— توختا !

بىز توختىدۇق ، بۇ قاراۋۇللارنىڭ بۇيرۇقى ئىدى .

— مەن ، ياقۇپ دۇتار .

پىچىرلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى :

— ياقۇپ دۇتاركەن ، قانداق قىلىمىز ؟

— ماۋۇ بېرىپ كەلسۇن .

ئالدىمىزغا بىر چېرىك يېتىپ كەلدى . بىراق ئۇ چېرىك بولماستىن تۇتقۇن قىلىنغان دېھقان ئىكەن . مەن ئۇنىڭغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قاراباسمىدا يوشۇرۇنۇپ جان باققانلىقىمنى ، ھازىر شۇ يەردىن كېلىۋاتقانلىقىمنى . . . ئېيتتىم . مۇشۇنداق دېمىسەم ، ئۇلار گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .

دېھقان گېپىمنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى . ئۇلار نېمىلەرنىدۇر

گۈدۈڭلاشتى . ئاندىن بىرى :

— ياقۇپ ، كېلىڭلار ، — دەپ توۋلىدى .

بىز قاراۋۇللارنىڭ قېشىغا كەلدۇق . قاراۋۇلنىڭ بىرى يېقىندىن كەلگەن بولسا كېرەك ، تونۇيالمىدىم . يەنە بىرى سۇلايمان ئىدى . بىز گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق . سۇلايمان گۈلخاننى چوقچىلاپ ، چېلىمغا تاماكا ئۇۋىلاپ سېلىپ ماڭا تەڭلىدى .

— رەھمەت ، — مەن چىرايلىققىنە رەت قىلدىم .

— تېخىغىچە ئۆگىنەلمەپسىز ، ھە ؟ — ئۇ ھەمراھىمغا تەڭلىدى . ئۇ چېلىمنى ئېلىپ ئىككى - ئۈچنى شورىۋەتكەندىن كېيىن ، ماڭا "باشلايمىزمۇ ؟" دېگەن مەنىدە قارىدى . مەن كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق بۇيرۇق بەردىم - دە ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تاپانچامنى چىقىرىپ سۇلايمانغا تەڭلىدىم . يەنە بىر قاراۋۇلنىڭ بېشىغىمۇ تاپانچا تىرىلىپ بولغانىدى .

— قولۇڭنى كۆتۈر ، دوستۇم ! — دېدىم مەن جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن .

— ئاكا . . . بۇ . . .

سۇلايمان ھەيران قالغانىدى . ئۇ بىر ماڭا ، بىر ھەمراھىمغا قارايتتى . ھەمراھى ئاللىبۇرۇن قولىنى كۆتۈرۈپ ، تىترەككە چۈشۈپ بولغانىدى .

— قولۇڭنى كۆتۈر ، دېدىم مەن ، نېمە قاراپ تۇرىسەن ؟ ئۆلگۈڭ بارمۇ - يا ! مەن ساڭا چاقچاق قىلمىدىم جۇما !

— ياق . . . ياق . . . ، — سۇلايمان قولىنى كۆتۈر-دى ، — ئاكا ، سىز يىگىتما ؟

— ئ ـ ـەلۋەتتە ! — مەن پەخىرلىك ھېسسىياتتا جاۋاب بەردىم ، — بولدى ، قولۇڭنى چۈشۈر ، زۇلۇم چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەخت ، ھۆرلۈكى ئۈچۈن ، بۇگۈن بىر ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ ، بىزگە ياردەملەش ، بولامدۇ ؟ — مېنىڭ ئۈمىدلىك كۆزۈم ئۇنىڭغا تىكىلگەندى . بىز راستتىنلا ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدۇق . ئەگەر ئۇ بىزگە ماسلاشسىلا ، ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولاتتى .

— مۇنداق ئىشتى ، دېسىڭىز بولمامتى ، ئاكا . قورقۇتۇپ جېنىمنى چىقاردىڭىز ، نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن سىلەرگە ؟

— ئاۋۋال ۋەدە بەر .

— قۇرئاننى چىقىرىڭلار ، قەسەم قىلىپ بېرەي ، — ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى راستتىنلا ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتىپ كەلگۈسى بارمۇ - قانداق ، ھاياجىنىنى باسالماي ، كۆز يېشى قىلىۋەتتى . مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم . چۈنكى مەن ئۇنى خېلى چۈشىنەتتىم . گازارمىغا قامىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ ماڭا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلغان ، قورسىقىمدىن خەۋەر ئالغانىدى .

ھەمراھىم چۆل سېغىزخېنىنى دوراپ سايرىۋېدى ، يىگىتلىرىم يېتىپ كېلىشتى .

سۇلايمان بىلەن ھېلىقى چېرىك مىلتىقلىرىنى مۇرىسىگە ئاستى . ئۇلارغا ھېلىقى دېھقان بىلەن كامالنى قوشتۇم ۋە جېكىلىدىم :

— ئەگەر قايسىبىرى چاندۇرۇپ قويۇشسا ، ئاۋۋال شۇنى ئېتىۋەت .

ئۇلار كېتىشتى ، بىز ئۇلارغا قارا كۆرۈنۈش ئەگىشىپ ماڭدۇق . ئۇلار ئۈچ قاراۋۇلخانىدىكى ئىشلارنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلدى . قاراۋۇللار قىمىرلاي دەپ بولغۇچە بىر كىلىپ ئەسىرگە ئېلىپ بولاتتۇق .

تۆتىنچى ، بەشىنچى قاراۋۇلخانا چوپان داۋىنىنىڭ بېشىدىلا بولۇپ ، سۇلايمانىنىڭ دېيىشىچە ، ھەربىرىدە بىر بەندىن مۇنتىزىم ئەسكەر بار ئىكەن . ئۈچ قاراۋۇلخانىدىن يىغىلغان بۇ بەش نەپەر چېرىك ساتقىنلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشالمايتتى . چۈنكى بىز ئۇلارغا بىر روتا ئەسكىرىي كۈچىمىزنىڭ بىزنىڭ بەلگە ئوقىمىزنى كۈتۈپ ، گازارما ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ يېتىۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر ھايات قالاي دېسە ، بىز دېگەندەك قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ قويغاندۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە كامال بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈپ ، كەينىدىن قورال تەڭلەپ تۇراتتۇق . ئۇلار شۇڭا پوست ئالمىشىپ كەلگەن بولۇۋېلىپ ئىككى قاراۋۇلخانىدىكى چېرىكلەرنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئەسىر ئېلىشىمىزغا ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەردى . چېرىكلەر ھەققانىيەتكە قايتىپ كەتكەن ئۆزىنىڭ بۇ بەش نەپەر جەڭچىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقاندا ، مەن غەرب ئاسمىنىغا قارىتىپ بەلگە ئوقى ئاتتىم . جىمجىت كېچە ياپيېشىل نۇر بېغىشلىغان زىنىنەت بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندى .

ئۇرۇش باشلاندى ، ئوق ئاۋازلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى . گرانات ۋە مىناميوت ئوقلىرىنىڭ پارتلاشلىرى ئەسىرلەردىن بېرى غېرىبانە ئۈيقۇدا ياتقان چوپان تاغلىرىنى تىترىتىپ ئويغاتتى . بىردەملىك ئالاقزادىلىكتىن كېيىن ئۆزىنى

ئـوڭـشـــۋالغان دۈشمەن جاھىللىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى . توساتتىن دۈشمەن تەرەپتىن ئىككى پىلىموت بىزنىڭ توچكىمىزغا شىددەت بىلەن ئوت ئېچىشقا باشلىدى . بىز بارلىق كۈچىمىزنى دۈشمەن پىلىموتچىلىرىغا قاراتتۇق . لېكىن ئىككى پـىـلـىـمـوت بەش قـولـدەك قـويۇق ئۆستۈرۈلگەن سۆۋادان تـېرەكلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان پوتەيدىن ئوت ئېچىۋاتقاچقا ، بىزنىڭ ئوقلىرىمىز تېرەكلەرگە تېگىۋېرىپ ، زەربىمىزنىڭ ھېچبىر ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى .

— كوماندىر ، پوتەينى پارتلىتىۋېتىشقا مەن باراي !

بۇ ، سۆلايماننىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇنىڭغا بۇيرۇق بەردىم . بۇ ، ئۇ ئەسىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا خەتەرلىك ۋەزىپىگە بۇيرۇشۇم ئەمەس ئىدى . چۈنكى ئۇ بۇ جاينىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى مەندىنمۇ ئـوبدان بىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى قوغداشقا ئۆزۈمنىڭ يىگىتلىرىدىن ئىككىنى قوشقانىدىم . ئىككىسى يېنىك پىلىموتنى سۆرەپ ، يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇزاققا قالمايلا پىلىموتنىڭ بـىـرـىـنـىـڭ زۇۋانـى تـۇتـۇلـدى . لېكىن يەنە بىرى تېخىمۇ غالجىرلاشقانىدى .

بىز دۈشمەننىڭ سانىنى خاتا مۆلچەرلىگەن ئىكەنمىز . شۇڭا ئۇرۇش تاڭ يورۇغىچە سوزۇلۇپ كەتتى . . . ئۇپۇق چوغدەك تاۋلىنىپ ، يەنە ئۈچ نەپەر جەڭچى قۇربان بولغاندىلا ، ئاندىن يەنە بىـــر پىلىموتنىڭمۇ زۇۋانى تۇتۇلدى . دەل شۇ چاغدا قارشى تـەرەپتىن — لەشكەر ، ئابدۇراھمانلار تەرەپتىن ھۇررا ساداسى كۆتۈرۈلدى .

— ھـۇررا ! . . . ، — مـەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈنلۈك

ۋارقىرىدىم . بىز مەردانىلىك بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈشتۇق ، گويا يولۋاستەك ، "ھۇررا" سادالىرى چوپان ئاسمىنىدا ياڭرىدى . ئېتىشىش ۋە قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىدى .

بىر چاغدا كۆزۈم كامالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چېرىك مىنىۋېلىپ ، گېلىنى بوغۇۋاتاتتى . بىردىنلا كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم . بىراق مېنى "چىڭگىدە" قوچاقلاپ تۇرغان ۋىجدان گىرەسىنى بوشىتىپ ، مەندىن يىراقلاپ كېتىشكە تەمشىلىپ قالغانىدى . مەن ۋىجداندىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتىم . سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن "شەرق ھەقىقىتى" ژۇرنىلىدىن ئوقۇغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىر يۈرىكىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى :

ۋىجدان سېنى قوچاقلىمىسا ،
سەن ۋىجداننى قوچاقلىۋال چىڭ.

مەنمۇ ۋىجداننى "چىڭگىدە" قوچاقلىۋالماقچى بولدۇم . ئۇ كېتىپ قالسا ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنسانىي خىسلەت ، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلاردىن مەھرۇم قالاتتىم ، ئاشىقلىقىممۇ نۆلگە تەڭ بولاتتى .

شۇنىڭ بىلەن مەن ۋىجداننى چىڭ قوچاقلىۋالدىم !

"بەتىنىيەتلىكىمنى كەچۈرگىن ، خۇدا ، شەيتىنىمنى بوغۇزلاپ ، ئازاد بولۇشۇمغا مەدەت بەر !"

تەپكىنى باستىم . چېرىك كامالنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشتى . مەن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ كامالنى يۆلىدىم . جېنى

ھەلقۇمىغىلا كېلىپ قالغانىدى .

— قانداقراق ؟

— رەھمەت . . . رەھمەت سىزگە !

دۇشمەن ئاخىر بۆرىگە يولۇققان قوي پادىلىرىدەك ئۈركۈپ ، پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . دەل شۇنداق پەيتتە بىر ئوفىتسېر ئات چاپتۇرۇپ ئالدىمدىنلا ئۆتۈپ كەتتى ، خۇددى قۇيۇندەك . مەنمۇ ئۇنىڭغا چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزدۈم . ئۇ ئاتتىن يەرگە ”پـالاقــقــــده“ چۈشتى ، گوياكى ئۆگزىدىن تاشلانغان ئەسكى چاپاندەك . ئېتى كىشنىگەن پېتى كۆزدىن غايىب بولدى . كۆز ئالدىمدا بۇ قېتىمقى جەڭگە قوماندانلىق قىلغان گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى ؛ ئىككى قولى سانسىز بىگۇناھ خەلقنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان تىنچلىق كۆشەندىسى ئىت تاپىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى .

— مانا كۆردۈڭمۇ ؟ بىز جەڭگە كىرمەيمىز ، جەڭگە كىرىپ نـەرە تـارتمىغان بولساق ، تاغۇ - تاشلارنى مۇشۇنداق لەرزىگە سالىمىز ! ئەرشنى تىترىتىمىز ! — مەن بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئوچۇق قالغان رەھىمسىز كۆزلىرىگە قاراپ غەزەپ ، ئۆچمەنلىك بىلەن شۇنداق دېدىم .

تـاڭ ئاتتى ، نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى زۇلمەت ، زۇلۇم ئـىلكىدە قالغان بۇ تار جىلغىدا ئاخىر ھۆرلۈك تېڭى ئاتتى ! چـوپان قۇياشى قاقاقلاپ كۈلدى ! چوپان دەرياسى ئويناقشىپ ئېقىپ ، غەلىبە كۈيلىرىمىزنى زەرەپشان ۋادىسىغا ئېلىپ كەتتى ! چـوپـان تـاغـلىرى قەددىنى رۇسلاپ ، يىراقلارغا مەغرۇر نەزەر تاشلىدى ! چوپان قۇشلىرى شوخ ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ، زوق

بىلەن سايراشتى ، خۇددى مېنىڭ دۇتارىمدەك :

يېتىپ كەلدى يىگىتلەر ،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك .
قاچتى قورقۇپ گومىنداڭ ،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك .

دۇتارىمنىڭ پىغانلىق كۈيلىرىمۇ قىش شامالىرىغا ھاپاش بولاتتى :

داۋان بېشى بويالدى ،
سۇلايماننىڭ قېنىغا .
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ ،
ياش يىگىتنىڭ جېنىغا .

باتۇر يىگىت سۇلايمان ،
يولۋاس ئىكەن ، شىر ئىكەن .
زۇلۇم چەككەن پۇقرانىڭ ،
يىلتىزى ھەم بىر ئىكەن .

شۇنداق ، جېنىم ، سۇلايمان قۇربان بولغانىدى ، مەردلەرچە ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغانىدى ! ئۇنىڭ شەرەپلىك ھاياتى دۇتارىمدا مەڭگۈ كۈيلىنىدۇ !

لېكىن بىر ھەپتىدىن كېيىن ، بىزگە ئېغىر مۇسىبەت

باستۇرۇپ كەلدى . سۇلايمانلار قاراۋۇلخانىلاردىكى چىرىكلەرنى قـانداق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلغان بولسا ، قاغىلىققا قىچىپ كەتكەن چوپاننىڭ بىگى ××× ئۆزى بىۋاستە تەجرىبىلىك ، خىلـلانـغـان چـىـرىـكـلـەرنـى بـاشلاپ كىلىپ ، قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋىتىپ ، گەمىدە ئۇخلاپ قالغان ئالتە نەپەر يىگىتىمىزنى بوغۇزلىۋىتىپ ، يەنە قاغىلىققا قىچىپ كەتكەنىدى .

هــە راســت ، جــىــنــىــم ، ئەسىرلەردىن سۇرۇشتە قىلىپ كۆردۇم ، دادىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھىلىقى قۇلاقسىز مەلئۇن بـاشـقـا قىسىمغا يۆتكىلىپ كىتىپتۇ . ئۇنى سىز كۆرگەندەك قىلدىڭىزمۇ ؟

## 6

ھەئە ، كۆردۇم .

روتىمىز تۇمشۇق سارايدىكى دۈشمەننى يوقىتىش بۇيرۇقىنى تـاپـشـۇرۇپ ئالدى . بىز يىرىم كىچىلەردە دۈشمەن پوتىيىگە يىقىنلاپ كەلدۇق ــ تە ، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ، شىددەتلىك ئوق ئاچتۇق . گۇمبۇرلەشلەر تۇمانلىق ھاۋانى تىترىتىپ ، زىمىننى لەرزىگە سالاتتى . ئەتراپ خۇددى ئوت دىڭىزىدەك بىر يورۇپ ، بـىـر قـاراڭـغـۇلـىـشىپ تۇراتتى . دۈشمەن ئوفىتسىرلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاشلىرى ، كۇچەپ بوغۇلۇپ بـۇيـرۇق بىرىشلىرى ئوق ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كىلەتتى .

بىراق ، جەڭدە ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى . دۈشمەن پوتىيىدىن خۇددى پىچاقچىنىڭ قۇمچاقىدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرغان پىلىموت ئوقلىرى بىزنى مىدىر - سىدىر قىلدۇرمايۋاتاتتى . پوتەينى پارتلىتىپ ، پىلىموتلارنىڭ زۇۋانىنى بېسىقتۇرمىغىچە ئاتاكىغا ئۆتۈشكە ، ئاتاكىغا ئۆتمەي غەلىبە قىلىشقا بولمايتتى . لېكىن پوتەينى پارتلىتىشقا ماڭغانلىكى جەڭچى ئىسسىق قانلىرى بىلەن تۇمشۇقساراي قۇملۇقىنى ، تاغۇ - تاشلارنى زىننەتلەيتتى . جەڭ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ، ئاتاكىغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلىش ئەمەس ، بىرمۇنچە قۇربانلارنى بېرىپ ، مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى . شۇڭا مەن :

— يولداش كوماندىر ، پوتەينى مەن پارتلىتاي ! — دېدىم .

— ياق .

مەن ئۇنىڭ ”ياق“ دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم . چۈنكى مېنى — ئايال جەڭچىلەرنى بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىپىلەرگە بۇيرىمايتتى . شۇڭا مەن ”ياق“ بىلەن تەڭلا پوتەي تەرەپكە ئۆمىلەپ بولغانىدىم . بۇنى بىرى كوماندىرغا دوكلات قىلىۋېدى ، كوماندىر ئىلاجىسىز :

— ئەسمەت ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— مانا مەن ، كوماندىر .

— سەن ئايرۇھەرەنى مۇھاپىزەت قىل !

— خوپ !

مەن بۇ چاغدا خېلىلا ئىلگىرىلەپ كېتىپ بولغانىدىم . ئەسمەت دۈشمەن پىلىموتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن

ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئوق ئېتىپ قوياتتى . ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلگەن پىلىموت ئوقلىرى ئۇ دالدا قىلىپ تۇرغان قورام تاشقا تېگىپ ”ۋال ـ ۋۇل“ قىلىپ ئوت چاقنىتاتتى .

مېنىڭ ئەتراپىمدا مىناميوت ئوقلىرى ، گراناتلار پارتلاپ تۇراتتى . توپا ـ چاڭغا ، ئىس ـ تۈتەككە كۆمۈلۈپ قالاتتىم . ئوقلار قۇلاق تۈۋىمدىن ”ۋىژ ـ ۋىژ“ قىلىپ ئۇچاتتى ، يەرگە چاپلىشىپ قالاتتىم . شۇنداق بولسىمۇ مەن قويۇق توپا ـ چاڭ ، ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا خۇددى پېشقەدەم جەڭچىلەردەك ھەم تېز ، ھەم ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرىلەيتتىم . پېشانەمدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقىنىنىڭ قان ياكى تەرلىكىنى بىلمەيتتىم

ئاخىر مەن پوتەيگە يېتىپ كەلدىم ، يېتىپ كەلگەندىمۇ پوتەينىڭ دەل ئارقا تەرىپىگە بىخەتەر كېلىۋالغانىدىم . مەن بىر ئويماندا يېنىمدىن تۆت دانە گراناتنى ئېلىپ ياغلىقىم بىلەن مەھكەم چەگدىم . ئاندىن ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىۋالغاندىن كېيىن ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ، ئويماندىن كېيىكتەك سەكرەپلا چىقىپ پوتەي يېنىغا كېلىۋالدىم . دەل شۇ چاغدا پوتەي تەرەپكە ئىككى دۈشمەنىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇلار ماڭا دىققەت قىلىپ بولغۇچە ، مەن ئاپتوماتىمدىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ بولغانىدىم . پوتەي ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى . مەن گراناتلارنىڭ پىلتىسىنى كۈچ بىلەن تارتىپ ئۈزۈپ ، پوتەي ئىچىگە تاشلىدىم ـ دە ، ئۆزۈمنى بايىقى ئويمانغا تاشلىدىم . . .

غايەت زور پارتلاش تاغۇ ـ تاشلارنى تىترەتتى . ھۇررا سادالىرى تۇمانلىق ھاۋانى تىتما ـ كاتاڭ قىلىپ ، زېمىننى

لەرزىگە سالدى . دۈشمەنلەر پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . يىگىتلەر يېتىپ كەلدى .

بىز قالدۇق دۈشمەننى قوغلاپ ئېتىشىشقا باشلىدۇق .

توساتتىن دەريا تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان بىر دۈشمەن ئوفىتسېرىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، ئۇنى قوغلاشقا باشلىدىم . شـۇنـىـڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا توقايلىقلارنى ، قورام تـاشـلارنـى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئېتىشىش باشلىنىپ كەتتى . قېچىش ، قوغلاش ، ئېتىشىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى . شۇڭا بىز دەريا بويىدىكى ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالغانىدۇق . ئۇنىڭ ئـوقـى تـۈگـىگەن بولسا كېرەك ، ئوق ئېتىشنى توختىتىپ ، جېنىنىڭ بارىچە قېچىشقا باشلىدى . . . مەن ئاپتوماتىمدىن ئوق ئـۈزدۈم . ئۇ ئىزىغىلا يىقىلدى . يەنە قوپۇپ دىڭگوسلىغىنىچە قېچىشقا باشلىدى . ئوق ئۇنىڭ سول پۇتىغا تەگكەنىدى . مەن ئىككى تاقلاپلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم . ئۇ دەريا لېۋىگە كېلىپلا ”شىپپىدە“ توختاپ قالدى . چۈنكى يار تولىمۇ ئېگىز ، ئاستى دەريـا ئـىـدى . ئەگەر سەكرىسىلا كۆك مۇز ئۈستىگە ئېشەك توقۇمىدەك ”پالاققىدە“ چۈشەتتى ـ دە ، غىڭ قىلماي ئۆلەتتى . شۇڭا ئىككى قولىنى ”لىككىدە“ كۆتۈردى . مەن شۇ پۇرسەتتىن پـايدىـلـىـنـىـپ ، ئوقسىز دىسكىنى چىقىرىۋېتىپ ، لىق ئوق بېسىلغان دىسكىنى سالدىم ـ دە :

ـــ ئارقاڭغا بۇرۇل ! ـــ دەپ ۋارقىرىدىم .

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى . ئۇنى كۆرۈپ ۋۇجۇدۇم غەزەپ ـ نـەپـرەتـتـىـن ئـوت بـولـۇپ يـانـدى ؛ ئۇنى كۆرۈپ ئۇگە ـ ئۈگىلىرىمدىكى قىساس ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى ؛ ئۇنى كۆرۈپ

ئارزۇ گۈلۈم بەرق ئۇردى . چۈنكى كۆز ئالدىمدا قۇلاقسىز مەلئۇن — دادامنىڭ قاتىلى مەندىن نىجاتلىق تىلەپ ، لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇراتتى ؛ كۆز ئالدىمدا قىزلىق باھارىمنى دەپسەندە قىلىپ ، يۈرىكىمدە ئۆچمەس داغلار قالدۇرغان رەقىبىم مەندىن شەپقەت تىلەپ ، غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى ؛ كۆز ئالدىمدا ئەزرائىلنىڭ دەپتىرىگە چۈشمەي قالغان ، سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ دادىسى ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ ، يىغلاپ ، يۈكلىنىپ مەندىن ھاياتلىق تىلەۋاتاتتى .

بىراق ، ئۇ ئەزرائىلنى ئالدىيالىغىنى بىلەن ، مېنى ئالدىيالمايتتى ؛ ئەزرائىلنىڭ دەپتىرىگە چۈشمەي قالغىنى بىلەن ، مېنىڭ دەپتىرىمگە چۈشمەي قالمايتتى .

مەن چۈۋۈلغان ، قانغا بويالغان زۇلپىلىرىمنى قايرىپ قويۇپ :

— ئورنۇڭدىن تۇر ! — دەپ ۋارقىرىدىم .

ئۇ ئورنىدىن تۇردى .

— رە . . . رەھىم قىلىڭ . مەن . . . مەن . . . كىچىك . . . كىچىك . . . با . . . بالىلىرىم . . .

— دادامنىڭمۇ ، شاپىلىق تۈزدە شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمنىڭمۇ كىچىك بالىلىرى بار ئىدى ، ئەبلەخ ! سەنلەرمۇ ئۇلارغا رەھىم قىلغانمۇ ـ ھە ! ؟

— مەن . . . مەن . . .

— مېنى تونۇدۇڭما ؟

ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قارىدى . قارىدى ـ يۇ ، تىلى يالاۋۇرۇشتىن توختاپ قالدى . ئەزايى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن

ئوغلاقتەك تىترەپ ، ”لوككىدە“ ئولتۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇ مېنى تونۇپ قالغانىدى .

— قوپە ، ئورنۇڭدىن ! — مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم .

ئۇ تىرەجەپ تۇرۇپ ، ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى .

— كۆتۈرە قولۇڭنى !

ئۇ قولىنى كۆتۈردى . مەن ئۇنىڭ مۇشۇ بىچارە ھالىتىنى ئەجدادلىرىمنىڭ بۇيۈك روھىغا ئۇزاق - ئۇزاق كۆرسەتمەكچىدىم ؛ مەن ئۇنىڭ مۇشۇ شەرمەندە ھالىتىنى پۈتكۈل جاھان خەلقىگە كۆرسەتمەكچىدىم ؛ مەن ئۇنىڭ مۇشۇ خارابە ھالىتىنى ئۇلۇغ ئـالـلاغـا كۆرسەتمەكچىدىم . بىراق ھازىرقى جىددىي شارائىت بـۇنـىـڭـغا يول قويمايتتى — كۈرەش مېنى جىددىي كۈتۈپ تـۇراتـتى . شۇڭا ھەربىي ئۇستاپقا خىلاپ (ئەسىرگە چۈشكەن يـۇقـىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ئېتىشقا بولمايتتى ) ھالدا تەپكىنى قەھرىم بىلەن باستىم . بىر دىسكا ئوق ئۇنىڭ بەدىنىدىن خــۇددى غەلـۋىـردەك تۆشۈك ئېچىپ ، قاپقارا قانلىرى بىلەن ئىشتان- چاپىنىنىڭ ئاپئاق پاختىلىرىنى ئاربلاشتۇرۇپ ، كۆككە ســورىيۇەتتى . مەن يار لېۋىگە كېلىپ پەسكە قارىدىم . ئۇنىڭ جـەســتى مۇز ئۇستىدە سەت يېيىلىپ ياتاتتى ، خۇددى ئىت پوقىدەك .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قارىدىم . قۇياش جۇلىقى چىقىپ كەتكەن تۇمانلارنى تۆت ئەتراپقا ”پارىدە“ چېچىۋېتىپ ، نۇرانە جىلۋىسى بىلەن كۈلگەچ سورىدى :

— ئاي ، سېنى تەبرىكلەيمۇ ؟

قـۇيـاش سەتـھـىدىن چېـھـرىمدە تەبەسسۇم پارلىغانلىقىنى

كۆردۈم . لېكىن قۇياش كۈتۈلمىگەن جاۋابقا ئېرىشتى ؛ زېمىن ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت كۈتۈلمىگەن جاۋابقا ئېرىشتى ؛ بەلكىم ، تەڭرىمۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابقا ئېرىشكەندۇ :

— ياق ، تېخى ۋاقتى ئەمەس !

قۇياش چەكسىز مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ ، ماڭا پۈتمەس - تۈگىمەس روھ ئاتا قىلدى . مەن ئاپتوماتىمنى كۆكسۈمگە مەھكەم تېڭىپ ، مەردانە قەدەملەر بىلەن ئىس - تۈتەك قوينىغا كىرىپ كەتتىم . . .

ھە راست ، جېنىم ياقۇپ ، ھېلىقى كۈنى دەرۋازىنى ئېچىپ ، مېنى كۆرۈپلا ئاجايىپ ھەيران قالدىڭىز - يا ؟

## 7

شۇنداق ، ھەيران قالدىم . مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولغان بولسىڭىزمۇ چوقۇم ھەيرانلىقتىن گاڭگىراپ قالاتتىڭىز . چۈنكى سىز قۇربان بولغانىدىڭىز . بۇ خەۋەرنى ماڭا بىز قاغىلىقتا ھۇجۇم قىلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا ، سىزنىڭ بىر تاجىك دوستىڭىز يەتكۈزگەنىدى . ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلگەندە ، مەن پولك شتابىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ، گازارمىغا كېتىۋاتاتتىم .

— ياقۇپ ، سىزنى بىر قىز ئىزدەپ كەپتۇ ، — دېدى بىر يىگىت گازارمىغا يېتىپ كېلىشىمگىلا .

مەن توختاپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئون سەككىز - ئون توققۇز

ياشلاردىكى بىر تاجىك قىز ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئايسەنەم ئىسىملىك بۇ قىز سىزنىڭ دوستىڭىز ئىكەن. بىز دەريا بويىغا باردۇق. ئۇ سىز توغرۇلۇق بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى؛ مېنى ساۋۇتخان ئىشان ھاجىمنىڭ چېرىكلەرگە چېقىپ قويغانلىقىنى، ئىككىڭلار بىر كېچىدە ھاجىمغا — ئىنقىلاب ساتقىنىغا، ئىنقىلاب كۈشەندىسىگە خەلق نامىدىن ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بۇقاتامغا بارغانلىقىڭلارنى، لېكىن ھاجىمنىڭ يەكەنگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە تولغىنىپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىڭىزنى، قايتىش ئالدىدا بىر پايلاقچى سىلەرنى تۇتۇۋالغانلىقىنى، سىلەر قورال چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭماقچى بولغانلىقىڭلارنى، دەل شۇنداق چاغدا زىۋىدىخاناچام ھېلىقى پايلاقچىنىڭ گەدىنىگە تاپانچىنىڭ مۇزدەك ئىستوۋۇلىنى تىرەپ تۇرۇپ، سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، بۇ — مېنىڭ تۇتۇپ كېتىلىش ئالدىدا كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان سۆيۈملۈك تاپانچام ئىكەنلىكىنى، سىلەر پايلاقچىنى ئالدىڭلارغا سېلىپ، شتابنى ناھايىتى قىممەتلىك "تىل" بىلەن تەمىنلىگەنلىكىڭلارنى سۆزلەپ بەردى؛ مېنى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە مەڭگۈ تەشنا ئىكەنلىكىڭىزنى، لېكىن كۆرۈشۈشتىن، سۆيۈشۈشتىن مەڭگۈ قورقىدىغانلىقىڭىزنى، لېكىن مەڭگۈ غايىبانە سۆيىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بەردى.

بۇلارنى ئاڭلاپ ھەسرەت - نادامەت، خىجالەت تاغلىرىدا يانجىلىپ ئازابلاندىم. ئازابقا چىدىيالماي كۆزۈمدىن ھەسرەتلىك ياش، قەلبىمدىن ئەلەملىك قان راۋان قىلدىم. چۈنكى مەن

مۇشۇ كۈنلەردە سىزدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدىم . مېنىڭ كامالىلار كېلىشتىن يېرىم سائەتلا ئىلگىرى تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىشىم بىلەن سىزنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىشىڭىز قوشۇلۇپ ، مېنى شۇنداق گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى . بۇ گۇمانغا كېلىپ قېلىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب ، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىۋاتقانلىقى ئىدى . چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ غەلىبىمىزدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى . شۇڭا ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىم ، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ روھىمۇ ئۆزۈمگە گۇمانلىق ئىدى . ئەگەر سىزنى بىر يەردە كۆرۈپ قالسىملا ئېتىۋېتەتتىم (ئەلۋەتتە ساتقىنلىقىڭىزنى ئېنىقلاپ ) بولغانىدىم . بىر ئۆزبېك ئوفىتسېرىنىڭ خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈۋالغان مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىر قەلبىمدە شۇنداق مۇقەددەس ، بۈيۈك ، ئالىيجاناب روھنى ئاپىرىدە قىلىپ بىخلاتقان ، كۆكلەتكەن ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ، بەرق ئۇرغۇزغانىدى . خۇددى ياز قۇياشىدا بەرق ئۇرۇۋاتقان زەرەپشان گۈللىرىدەك .

هايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت ،
ھاياتىنىمۇ قىممەت مۇھەببەت .
لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن ،
ئازادلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت .[1]

شۇنداق ، مەن ئازادلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈغ ،

[1] بۇ شېئىر — فىتوفېنىڭ .

مۇقەددەس ، بۈيۈك مۇھەببىتىمدىن كېچىش قارارىغا كەلگەن ھەم كېچىشكە تەييارلىنىپمۇ بولغانىدىم . ئەگەر سىز ساتقىن بولغان بولسىڭىز چوقۇم ئېتىۋېرەتتىم .

لېكىن ، يەنە بىر تەرەپتىن سىزنى چەكسىز سېغىناتتىم . سىزنى تەلۋىلەرچە ئېچىرقاپ - ئېچىرقاپ سۆيگۈم كېلەتتى . سىزنى كامالەدىن تارتىۋېلىش خىيالىمدىن ھېچبىر ۋاز كېچەلمەيۋاتاتتىم . ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەيتتىم ، لېكىن ئۆلۈپ كېتىشىنى مەڭگۈ خالىمايتتىم ؛ ئۆلۈپ كېتىشىگە ھەرگىز چىدىيالمايتتىم . شۇڭا ، ئۆزۈمنىڭ روھىدىنمۇ گۇمانلىناتتىم .

شۇڭا خىجالەت ئۈستۈمدىن تاغدەك بېسىپ ، مىجىپلىۋەتكەندى . خۇددى چۈمۈلىدەك .

بىز ئىككى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ روبىرو ئولتۇردۇق .

— ئەمىسە ، نېمىشقا ئۇ جۇۋازغا كەتكەن پېتى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا قېچىپ كېتىپتۇ ؟ نېمىشقا ئۆيگە كەلمەپتۇ ؟ — دەپ سورىدىم تەئەججۇپ بىلەن ، شۇ كۈنلەردىكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ .

— ئۇقمىدىم . . . ، — دېدى ئۇ .

ئۇ تولىمۇ قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى . يوغان قوي كۆزلىرى يىراقلاردا چوقچىيىپ كۆرۈنگەن قارلىق تاغلاردىن ئۈزۈلمەيتتى . مۇز ئۈستىدىن قايتقان قۇياش جىلۋىسى كۆزىمىزنى چاقاتتى . قىش شامىلى قۇپقۇرۇق قۇملارنى ئېھتىيات بىلەن يالايتتى .

— ئۇ ھازىر نەدە ؟

— ئۇ ؟ ئۇ . . . ئۇ قۇربان بولدى !

— نېمە !؟ قۇربان بولدى !؟

بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ”قارتتىدە“ قىلىپ، بېشىم ”پىررىدە“ قايدى، ئۇستىخانلىرىم قاراسلاپ سۇندى، يەر - زېمىن پىرقىراپ، تاغلار غۇلاپ چۈشتى. قاپقاراڭغۇ قۇياش دومىلاپ چۈشۈپ، مۇز ئۈستىگە ”پاررىدە“ چېچىلىپ، بارا - بارا زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتتى. زەرەپشان ۋادىسى، پۈتۈن دۇنيا زۇلمەت ئىلكىدە قالدى، قەلبىممۇ.

”ئاھ، بىچارە مەن!“

شۇنداق، مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بىچارە ھېس قىلىپ قالغانىدىم، خۇددى سىز جۇۋازغا كەتكەن كۇندىكىدەك.

— بولدى، يىغلىماڭ، كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ...

مەن ئۇنىڭ تەسەللىلىرى بىلەن ئۆزۈمنى مىڭ تەستە تۇتۇۋالدىم.

— ئۇ... ئۇ قانداق قۇربان بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن قولۇمنىڭ كەينى بىلەن يېشىمنى سۈرتكەچ.

— خانلەڭگىردىكى جەڭ ئۇپۇق قىزىرىشى بىلەن تەڭلا تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئېلىپ كەتتى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — دەسلەپ بىز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدۇق. لېكىن ئاخىردا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمىدۇق. چۈنكى بىز دۈشمەننىڭ بايقالمىغان بىر يوشۇرۇن پوتىيىگە دۈچ كېلىپ قالغانىدۇق. پوتەيدىن ئوقلار خۇددى يۇلتۇزدەك يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن مىناميوتلىرىمۇ ئىشقا چۈشكەنىدى. ئوقلار قۇلاق تۈۋىمىزدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، بىزگە

ئۆلـۈم ھىدىنى پۇرىتىپ تۇراتتى . مىناميوت ئوقلىرى بىزنى توپىغا كۆمەتتى . بىرىنىڭ جىنىغا زامىن بولسا ، بىرىنىڭ قول-پۇتلىرىنى ئۈزۈۋېتەتتى . يەنە بەزىلىرىنىڭ باش - كۆزلىرىنى يېرىپ ، قانغا بوياپ قوياتتى . . . گۇمبۇرلەشلەر كۆك باغرىنى يېـرىـپ ، تاغۇ - تاشلارنى تەۋرىتەتتى . توپا - چاڭ ، ئىس - تۈتەكلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن نۇرانە قۇياشنىڭ جامالىنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى . قان تۆكۈلۈش ، قۇربان بېرىش بىـزدە كـۆپ بـولـۇۋاتاتتى . مەن بىر دالدىدا بىر ياردارنىڭ جاراھىتىنى تېڭىۋاتاتتىم . توساتتىن :

— يولداش كوماندىر ئىسكادرون ، پوتەينى پارتلىتىشقا مەن باراي ! — دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . بۇ ئايزۆھرەنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى . دەل شۇ چاغدا روتا كوماندىرىنىڭ يېنىدىكى پىلىموتچىغا ئوق تەگدى . مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم . روتا كوماندىرى پىلىموتنى ئېلىپ ئېتىۋاتقاچ :

— بەگدۆلەت ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— بار ! — قىرىق ياشلاردىكى بىر ئادەم كوماندىرنىڭ يېنىغا كەلدى .

كوماندىر بەگدۆلەتنى چاقىرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ، قەھرى بىلەن ئوق ئاتاتتى .

— مانا مەن ، يولداش كوماندىر !

— سەن . . . ، — كوماندىرنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى .

— ئايسەنەم ، كوماندىرغا ئوق تەگدى ! — دېدى بەگدۆلەت بىلەن ئايزۆھرە تەڭلا . مەنمۇ ھېلىقى جەڭچىنىڭ يارىسىنى

تېڭىپ بولغانىدىم . روتا كوماندىرىنىڭ قېشىغا كەلدىم . ئوق ئۇنىڭ مۇرىسىگە تەگكەنىكەن ، تېڭىشقا كىرىشتىم .

— . . .

— بەگدۆلەتكا ، ماڭا ھەمكارلىشىڭ ! — ئايزۆھىرە : "كومانىدىر بەگدۆلەتكە مېنى قوغداشقا بۇيرۇق بەردى" دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي ، كوماندىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا ئىس- تۈتەك قوينىغا كىرىپ كەتتى . روتا كوماندىرى : "ياق" دەپلا قالدى . ئۇ يارىلانمىغان بولسا ، ھەمشىرە بولغىلى ئۇنىماي ، جەڭگاھقا كىرىۋالغان ئايزۆھىرەنى ھەرگىز پوتەيىنى پارتلىتىشقا مېڭىشقا يول قويمايتتى .

ئايزۆھىرە ئەقىل بىلەن ئىش قىلاتتى . لېكىن قارامىلىق قىلىشقا توغرا كەلگەندە ، قارامىلىق بىلەن ئەقىلنى بىرلەشتۈرۈپ ، بۇيرۇقنى بويسۇنمايمۇ قالاتتى . ئۇنىڭ قارامىلىقى قەھرىمانە قارامىلىق بولۇپ ، غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشاتتى . شۇڭا ئۇ تۇمشۇقسارايدىكى قەھرىمانلىقى ئۇچۇن پولك شتابى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ ، رويخەتكە ئېلىنغانىدى .

روتا كوماندىرى يەنە پىلىموتنى قولىغا ئالدى . مەنمۇ بىر ئاپتوماتنى ئالدىم . ھەممىمىز بەگدۆلەت بىلەن ئايزۆھىرەنى قوغداشقا ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزىمىزگە قارىتىشقا باشلىدۇق .

بىر چاغدا دۈشمەننىڭ پىلىموتىنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ ، ئايزۆھىرەنىڭ "ھۇررا !" دېگەن غەزەپلىك ، جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى . بىزمۇ "ھۇررا" سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئاتاكىغا ئۆت- تۇق . . .

غەلىبە ئاخىر بىزگە قۇچاق ئاچتى . بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق . ئەقىللىق ، قەيسەر بىر ئۇيغۇر قىزنىمۇ بەدەل بەردۇق . ئۇ قۇربان بولدى . ئىسىت . . . ئەجەب . . . قەيسەر ، كەم تېپىلىدىغان قىز ئىدى ! . . .

ئايسەنەم بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . مەن ئۆزۈمنى قۇمغا دۇم تاشلاپ ، يىغلىدىم ؛ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىم ! يىغلايتتىم ، ئاھ ئۇراتتىم ، كىملەرنىدۇر قارغايتتىم ، قۇمنى قەھرىم بىلەن مۇجۇيتتىم . . .

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئايسەنەم ھېلىغىچە ھېلىقى قورام تاش ئۈستىدە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى . قۇياش ئولتۇرغان ، ئۇپۇق قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى . خۇددى سىزنىڭ مەڭزىڭىزگە ، مېنىڭ ۋە ئايسەنەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش . مۇستەبىتتىن ئېزىلگەن يۈرىكىم بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا سوقۇۋاتاتتى .

— ئۇ مەن توغرۇلۇق سىزگە يەنە نېمىلەرنى دېدى ؟ مەسىلەن . . . — سىزنى سامانلىقتا مۆكتۈرۈپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى . . . ساۋۇتخان ئىشان ھاجىم قەسىمىدە تۇرمىدى ، دېگەندەك قىلىۋېدى راست .

— ھاجىم ئۇنىڭغا نېمىدەپ ، نېمىشقا قەسەم بېرىپتىكەن ؟

— تاڭ .

مەن ھەيران قالدىم . ئايسەنەم بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، يېنىدىن بىر تۇگۇنچەكنى ئېلىپ :

— ئايزۆھرە بۇ خەتنى ئوقۇماي ، سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى ۋەسىيەت قىپتى . مەنمۇ ئوقۇمىدىم ، مەڭ ، — دەپ ماڭا

تەڭلىدى .

قولىياغلىققا ئورالغان خەتنى قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ئىلكىمگە ئالدىم . خەت قانغا بويالغان بولۇپ ، خېلى ئۇزۇندەك قىلاتتى .

ئايسەنەم مەن بىلەن خوشلىشىپ كەتتى . مەن خېتىڭىزنى ئالدىراپ ئوقۇپ چىقتىم . قولاقسىز مەلئۇن ، ھاجىم ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ قەلبىم ئۆرتىنىپ ھوشىدىن كەتتى . يۈرىكىمدىن قان تامچىلىدى . خۇداغا نالە قىلدىم ، سوئال قويدۇم ، ئىلتىجا قىلدىم ، خۇدالىقىڭنى بىر كۆنلا بەر دەپ ، ئەگەر بەرسە دۇنيانى ، ئىنسانلارنى باشقىدىن يارىتاتتىم . بىراق بۇ مۇمكىنمۇ ؟

مەن گۆگۈم قويىنىدا قالغانىدىم . قورام تاشقا چۆمغاقتەك قونۇپ گۆگۈمنى ، ئاينى ، يۇلتۇزنى ، ھەتتا مەندىن يىراقلاپ كەتكەن يۈرىكىمنى كۈتۈۋالغانىدىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پاكلىقىڭىز ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى . ئەگەر سىز پاك بولمىغان بولسىڭىز ، يۈرىكىم مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى .

شۇنداق ، سىز پاك ئىدىڭىز ! مەن سىزنىڭ شۇ پاكلىقىڭىزنى سۆيۈپ قالماقچى بولۇپ ، ئورنۇمدىن تۇردۇم !

مەن پىلان بويىچە شېيىخباغدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە كەلدىم . تاغاملار ئۇرۇش - ماجىرادىن قورقۇپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدىكى قاراباسمىغا بېرىۋېلىشقان بولۇپ ، بۇ ئۆيدە ھازىر مەنلا يالغۇز ئىدىم . بۇ ئۆي بىزنىڭ ئاخبارات پونكىتىمىزغا ، دۈشمەننىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى پارتلىتىپ بۇزىدىغان ، قايمۇقتۇرۇپ جەڭ پىلانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىدىغان ،

ئـۇيـانـدىن شەپە بېرىپ ، بۇياندىن زەربە بېرىدىغان پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

بىزنىڭ دۈشمەن قويىنىدا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە ئاخباراتچىلىرىمىز بار ئىدى . ئۇلارنىڭ قايسىدۇر بىرىنىڭ بەرگەن يالغان ئاخباراتىنىڭ كاساپىتىدىن بىر رۇتىمىز دۈشمەن بۆكتۈرمىسىگە چۈشۈپ قېلىپ ، بىر رۇتا جەڭچىنىڭ ھەممىسى قۇربان بولغان ، قۇربان بولمىغانلىرى ئەسىرگە چۈشكەن ، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ يەنە بەزىلىرى بىر قىسىم ھەربىي مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاپ قويۇپ ، ئىنقىلابنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانىدى . ھەتتا ئەڭ مول ھوسۇللۇق ئاخباراتچىمىز ”پەرىشتە“ مۇ قايسىدۇر بىر مۇناپىقنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى . مېنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەم دەل شۇ مۇناپىقنى بىر ئامال قىلىپ ئېنىقلاپ چىقىپ ، دۈشمەن قويىنىدا ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدە خەتەرلىك كۈرەش قىلىۋاتقان ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئىدى .

دەل شۇنداق پەيتتە ، سىز شتابىمىزغا كېلىپ قالدىڭىز . چۈنكى بۇ شتابقا ئامالسىز قالغانلارغىلا كىرىپ ، پاناھلىنىشقا رۇخسەت قىلىناتتى . ئەڭ قىزىقارلىقى ھەم ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، شتابقا كامالمۇ كىرىپ قالدى . بىز ئۇنى بىرقانچە ئاي بۇرۇن بىرقانچە پارچە راست ئاخبارات بىلەن دۈشمەن قويىنىغا كىرگۈزگەن ، يەنە ئۇنى بىرقانچە پارچە راست ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇنى دۈشمەننىڭ ئىشەنچىسىگە ناھايىتى تەستە ئېرىشتۈرگەن ئىدۇق . ئۇنىڭ ھازىر راسا مېۋە بېرىدىغان پەيتى ئىدى . ئەگەر ئۇ شتابىمىزغا كىرىپ قالمىغان

بولسا (ئۇ بۇ يەرنى، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلمەيتتى)، شتابىمىز ۋەيران بولمايتتى، مەنمۇ سىزدىن، ئىنقىلابتىن ئايرىلىپ قالمايتتىم.

شۇ كۈنى دۇتارىمنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇراتتىم. دەرۋازا ئەنسىز قېقىلدى. ئاچتىم، ئاچتىم ـ يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. سىزمۇ ھەيران قالغان ئىدىڭىز.

— ياقۇپ...؟ — دېدىڭىز تەستە.

مەن ئىسمىڭىزنىمۇ چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

"بۇ چۈشۈممۇ يا ئوڭۈممۇ؟ بۇ ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىمۇ ياكى روھىمۇ؟ ئۇ قۇربان بولغان ئىدىغۇ؟..."

مۇشۇ سوئاللار كاللامدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئېيتىڭا، جېنىم ئايزۆھرە، سىز شتابىمىزغا قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

## 8

شۇنداق، مەن ھايات قالدىم. ئەسلى "قۇربان بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن" دەپ ئويلاپ، سىزگە يېزىپ تەييارلاپ قويغان خېتىمنى ئايسەنەمگە مىڭ تەستە بېرىپ قويالىغانىدىم. جىق يېرىمگە ئوق تېگىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېغىر يارىلانمىغانىكەنمەن. تېزلا ساقىيىپ كەتتىم. ئۆزۈم تۇرۇشلۇق رۇتىغا كەلسەم، ھەممىسى ھەيران قېلىشتى. گاڭگىراشتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېلىشتى، خۇددى سىزدەك. چۈنكى ئۇلار

مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئاڭلاشقانىكەن . كۆلۈپ كەتتىم . ئەسلى قۇربان بولغىنى باشقا بىر ئايزۆھرە ئىدى .

رۇتىغا كەلگەن كۈنۈملا مېنى پولك شتابىغا چاقىرتىپتۇ . كېرىسەم قادىر قۇل پولكوۋنىك بىلەن بىرقانچە ھەربىي خەرتىسىنى ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرغانىكەن .

— سالام ، مۆھتەرەم پولكوۋنىك ! جەڭگىۋار پولك ئىككىنچى رۇتىنىڭ جەڭچىسى ئايزۆھرە روسۇل بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىدۇ ! — مەن پۇتۇمنى جۈپلەپ چاس بەردىم . پولكوۋنىك ماڭا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى . مەن پولكوۋنىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم . ئۇ خەرتىنى يىغىشتۇرۇپ :

— پولكىمىزنىڭ ئالدىدىكى چوڭ نىشانى نېمە ، بىلەمسىز ؟

— دەپ سورىدى .

— بىلىمەن ، قاغىلىق خەلقىنى گومىنداڭچىلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدىن قۇتقۇزۇش ، يولداش پولكوۋنىك !

— ياخشى ! — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇرەمگە ئاتىلارچە مېھرى بىلەن شاپىلاقلاپ قويدى ، — بىر مۇشكۈل ۋەزىپە بار ئىدى . كۆپ باش قاتۇردۇق ، مۇۋاپىق بىركىم يوق . ئويلا - ئويلا ئاخىر سىزنى تاللىدۇق ، ئەسلىدە سىزنى ئەۋەتكۈمىز يوقتى ، ئامالسىز . . . قانداق ، ئۇ . . .

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم :

خاتىرجەم بولۇڭ ، يولداش پولكوۋنىك ، ئازادلىق ئۈچۈن جېنىم پىدا ! — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاس بەردىم - دە ، جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇردۇم . مەندە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ

كىلىشكە ئىشەنچ بار ئىدى . قىسقىغىنە جەڭگىۋار ھايات ماڭا ئىشەنچ ، ئۈمىد ، ئىرادە ، كۈچلۈك شىجائەت بېغىشلىغانىدى ؛ جەڭگىۋار ھايات ماڭا قورقماس ، قەيسىرانە روھ بېغىشلىغانىدى ؛ جەڭگىۋار ھايات ماڭا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى يوق مىللەتتە ئىستىقبال بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى ! شۇڭا مەندىن قورقۇش ، ئىككىلىنىش ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى دېگەنلەردىن بىرىمۇ تېپىلمايتتى ، بۇ قەھرىمانلىق قوغلىشىپ ، بىھۇدە قۇربان بېرىش ئەمەس ئىدى .

— رەھمەت ! — پولكوۋنىك ھاياجان ، سۆيۈنۈش بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقتى ، — سىز جەڭگىمۇ ، رازۋېدكىچىلىقىمۇ خېلى ئوبدان پىشىپ قالدىڭىز . بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى چوقۇم غەلىبىلىك ئورۇندىيالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ ، سىزنى ئەۋەتمەكچى قارار قىلدۇق . بۇگۈنلا قاغىلىققا كىرىسىز ، قانداق تەلەپ - شەرتلىرىڭىز بار؟

— يوق !

پولكوۋنىكنىڭ چېھرىدە چەكسىز رازىمەنلىك جىلۋە قىلدى . ئۇ مېنىڭ ۋەزىپىلىرىمنى تەپسىلىي دەپ بەردى . پارولنىمۇ قايتا-قايتا دېگۈزدى . مەخپىي بەلگىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى .

— ئەگەر ، دېدى پولكوۋنىك ئاخىرىدا ، — ئىلاجىسىز ئەھۋال ئاستىدا قالسىڭىز ، ھېلىقى قاپاق تېرەكلىك ھويلىغا كىرسىڭىز بولىدۇ ، — ئۇ ماڭا قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ جايىنى ئېنىق دەپ بەردى .

پولكوۋنىك مېنى ياخشى تىلەكلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى . مەن كەچ پېشىن بىلەن قاغىلىق بازىرىغا يېتىپ

كەلدىم . ھەر ئېھتىمالغا قارشى شېيىخباغقا بېرىپ ، ھېلىقى قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى كۆرۈپ قويدۇم . ئاتنى شەھەر سىرتىدىكى بىر دەڭگە ئەكىرىپ قويۇپ ، خورما رەڭ تور رومالنى بېشىمغا سالدىم . بىردەمدىلا روپاشقا — بۇۋىمگە ئايلىنىپ قالدىم . كونا خۇرجۇنۇمنى دولامغا سېلىپ ، بازارغا كىرىپ قورسىقىمنى راسا تويغۇزدۇم . ئىككى چارەك پىياز سېتىۋېلىپ خۇرجۇنغا سالدىم . گۇگۇم يېپىلاي دەپ قالغانىدى .

" سىم بۇرۇت ، ئورا كۆز ، ساقال بۇرۇتلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپى قارا ، سول تەرىپى پۈتۈنلەي ئاق . . . ئاقلانمىغان يۇلغۇن تېلىدا توقۇلغان ئىككى قەپەس ئېسىلغان ، بىرسىدە ئىلى تورغىيى ،يەنە بىرسىدە بىر جۈپ كەكلىك تېپىرلىشىپ ،سايراپتۇرىدۇ . . ."

مەن شۇلارنى پىچىرلاپ بەشئېرىق كوچىسىغا كىردىم . بازار ۋاڭ - چۇڭغا تولغان ، دۇكانلارغا گازۋاي چىراغلار يېقىلىشقا باشلىغان ، ھەممە ئالدىراش . . .

مەن ، ۋارقىراپ - جارقىراپ خېرىدار چاقىرىپ سامسا سېتىۋاتقان بىر سامسىپەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ، ئۇنىڭغا رومالنىڭ ئۇششاق تۆشۈكچىلىرىدىن سىنچىلاپ قارىدىم . ئۇستىگە كەمزۇل چاپان ، بېشىغا كەمچەت تۇماق ، پۇتىغا مەسە كىيگەن ، سىم بۇرۇت ، ئورا كۆز ، ساقال - بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرىپى قارا ، سول تەرىپى ئاق . . . ئىككى قەپەستە تورغايلار ، كەكلىكلەر تېپىرلىشىپ تۇرۇپتۇ . . .

" دەل ئۆزى شۇ !"

مەن تونۇرنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كەلدىم .

— سامسا يەملا ، خېنىم ؟

— يەي ، — مەن خورجۇنۇمنى تونۇرنىڭ ئۈستىگە قويدۇم .
ئۇنىڭ ئىزمىلىرى ئېتىلمىگەچكە پىيازلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
— قانچىنى ؟
— پۇلۇم يوق ، پىيازنى ئالسىلا .
سامسىپەز پىيازلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ :
— ۋاي ، ساپلا تۇڭلاپ قالغان پىيازكەن - يا ، بۇ !
ئالمايمەن ، ئۇ يەنە خېرىدار چاقىرماقچى بولۇپ ، گېلىنى
قىرىۋېدى ، مەن تەڭگىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم .
— ئەمىسە ، بۇنىڭغا سامسا بەرسىلە .
ئۇ تەڭگىنى كۆرۈپ ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى - دە ،
ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ :
— قانچە پۇلغا ساتىلا پىيازلىرىنى ؟ — دەپ سورىدى .
— قانچە پۇلغا ئالىلىكى ئەمدى ، بازار نەرخى بېرەلا
سىلىمۇ ، ئىككى يېرىم چارەك پىياز بۇ .
ئۇ خورجۇننى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ كۆرۈپ سورىدى :
— زادى قانچە پۇل بېرىمەن ؟
— چاغلاپ بەرسىلە ئۆزلىرى .
ئۇ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى :
— هوي قاسىم ، شېيىننى ئاچىققىنە .
ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا شېيىننى
كۆتۈرۈپ چىقتى . سامسىپەز پىيازنى تارتىپ كۆرۈپ :
— دېگەنلىرىدەك . ئىككى يېرىم چارەككەن ، مىيەگە
كىرسىلە ، پۇللىرىنى ئەپبېرەي .
مەن خورجۇننى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم . ئۇ

ئوتۇن ، گۆش ، پىياز . . . لار بىلەن توشقان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى . ئۆيىنى جىنچىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان قارا تاشلىق جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن ھەرە چىشى كېسىلگەن پۇچۇق كۇمۇش تەڭگىنى ئالدى ـ دە ، باياتىن مەن بەرگەن ھەرە چىشى كېسىلگەن پۇچۇق تەڭگە بىلەن جۇپلىدى . تەڭگىلەرنىڭ چىشلىرى جىپسىلىشىپ بىر ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگە پۈتۈپ چىقتى . بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنەلمەيتتىم . شۇڭا مەن :

— سۇنۇق ئەينەككىمۇ چۇشكەچ رەقىبىنىڭ شولىسى ، ئەپسۇس ، — دەپ پارولنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم .

ئۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ، جاۋابەن مۇنداق دېدى :

— شۇڭا چولپاندا توي قىلدى رەپىقىنىڭ تولىسى ، ئەپسۇس .

ئەمدى ئۆزئارا ئىشىنىشكە بولاتتى .

— ھەي ، بەك يامان ۋاقىتتا كەپقالدىڭىز ، — سامسىپەز جىددىي شىۋىرلىدى ، — ئارىمىزدىن خائىن چىققان ئوخشايدۇ . دۈشمەن بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى سېزىپ قالغاندەك تۇرىدۇ . ئۇلۇشكۇن ئەتىگەندىلا ئۇدۇلۇمدىكى دوقمۇشقا بىر موزدۇز قىياپىتىدىكى بىر يوچۇن ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى . ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ئادەمكەن ئۇ . ئىشقىلىپ بۇ شەھەرلىك ئەمەس . ئۇ بەكمۇ گۇمانلىق ، پايلاقچىدەك قىلىدۇ ، — ئۇ تەشۋىش بىلەن سىرتقا قۇلاق سېلىپ ، بىرەر شەپە يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنىڭ كەينىنى سۆكۈپ ، ئاخباراتنى قولۇمغا تۇتقۇزدى ـ دە ، تاپىلىدى ، — ئېسىڭىزدە بولسۇن ، بۇ

جىڭساجۇ ، گومىنتۇن ، بىرگادا شتابىنىڭ مۇداپىئە خەرىتىسى ، يەنە باشلىقلىرىمۇ بار ، تولىمۇ قىممەتلىك ، ئىنقىلاب غەلىبىسى بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك ! ھەرگىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن . بىر ئامال قىلىپ ، شتابقا تېز يەتكۈزۈڭ ! يولدا پەخەس بولۇڭ !

ئۇنىڭ گەپلىرى ناھايىتى تەستە تۈگىدى . مەن "ماقۇل ـ ماقۇل" دېگەچ ، ئاخباراتلارنى پېتىكىمنىڭ ئاستىغا تىقىش ئۈچۈن ئۆتۈكۈمنى سېلىشقا تەمشىلىۋېدىم ، سامسىپەز قويمىدى .

ــ بۇ يەرنى ئەڭ بۇرۇن ئاختۇرىدۇ ، ــ دېدى ئۇ ، تېز بولۇڭ !

ئۇ ئالدىرايتتى . دېمىسىمۇ بىز سەل ئۇزاقراق سۆزلىشىپ قالغانىدۇق . مەن شۇ جىددىيچىلىكتە ئاخباراتنى چاپىنىمنىڭ يىرتىقىدىن قوش ئەستەرگە تىقىۋەتتىم ـ دە ، خۇرجۇنۇمنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتىم .

ــ يەنە بىر كوي بېرەي ، بېرەملا ، ــ سامسىپەز كەينىمدىن پايپاسلاپ چىقىپ ، ئاۋازىنى ئەتەي قاتتىق چىقىرىپ شۇنداق دېدى .

ــ ياق ، پىياز ئالمايدىكەنلا سىلە ، ــ مەن خۇرجۇنۇمنى دولامغا ئارتتىم .

ــ ئەجەب گىرى ئايالكەنلا سىلە .

ــ مەنمۇ سىلىدەك تۆمۈر تىرناق ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن ئۆمرۈمدە .

ــ ئىككى كوي قوشاي !

مەن يولۇمغا مېڭىپ كەتتىم . گۆگۈم يېيىلىپ ،

قاراڭغۇلۇق شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . دوقمۇشتا سامسىپەز گېپىنى قىلغان ھېلىقى موزدۇز نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . مەن قەدىمىمنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ يار كوچا ئارقىلىق قارلىغاچ دەرۋازىسىغا قاراپ راۋان بولدۇم . قارلىغاچ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىقىپ ، ئېتىمنى قويۇپ قويغان دەڭنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگىلا ، تۇيۇقسىز كەينىمدىن "توختا !" دېگەن قوپال ئاۋاز چىقىپ قالدى ، توختىدىم . مەن يانچۇقۇمدىكى تاپانچامنى سىقىمداپ ، ئاستا كەينىمگە ئۆرۈلدۇم . مەندىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدا بىر قاتار كۆلەڭگە تاپانچىنى توغرىلاپ ، ماڭا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى .

— مەنما ؟ — سورىدىم مەن تەمكىن ھالدا .

— ھە ، سەن !

مەن خۇرجۇنۇمنى يەرگە قويۇپ ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدىم . لېكىن چىرايىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدىم . ئەمما ، باياتىن سامسىپەز گېپىنى قىلغان موزدۇز قىياپىتىگە كىرىۋالغان پايلاقچى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم .

— ھە ، نېمىگەپ بادى ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى . لېكىن ماڭا يېقىنلاپ كەلدى . ئاخبارات قولغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى . تاپانچامنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ ئوقى كۆكرىكىمگە قادىلىپ بولاتتى . شۇڭا مەن ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىغا بىر تەپتىم ـ دە ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىدىن "پاڭ" قىلىپ ئوق چىقىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە ، مەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزۈپ

بولغانىدىم . ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى .
” دەڭگە كىرىپ ئېتىمنى ئېلىپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەيتتى .
ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ دۈشمەنلەر هازىرلا يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى .
شۇڭا جان تالىشىپ خارقىراپ ياتقان بۇ مۇناپىقنىڭ تاپانچىسىنى
ئېلىپ ، تور رومالنى چۆرۈپ تاشلاپ ئۆزۈمنى بىر قاراڭغۇ
كوچىغا ئالدىم .
هەش ـ پەش دېگۈچە كەينىمدىن دۈپۈرلىگەن ، ئالىتاغىل
ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىغانىدى . دۈشمەنلەر مېنى
قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . مەن سەل جىددىيلىشىپ قالدىم . خالتا
كوچىغا كىرىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ ، كىرگەن كوچامنى
بويلاپ قېچىۋەردىم . . . باش ـ ئۈستۈمدىن ئوقلار ۋىژىلداپ
ئۆتەتتى . مەنمۇ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغاچ ، پات ـ پات قوش
تاپانچىدىن ئوق ئۈزۈپ قوياتتىم ـ دە ، بار كۈچۈم بىلەن
قاچاتتىم . . .
بىر چاغدا كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە
تېرەكلىككە كىرىپ قالدىم . دۈشمەنلەر ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى .
مېنى تىرىك تۇتۇپ ”تىل“ قىلىشنى ئويلاشقان بولسا كېرەك ،
ئوقلار مەندىن ئۇركۇپ تۇراتتى . بۇنى هەرگىزمۇ ”تەلەي“ دېگىلى
بولمايتتى .
مەن ئورمانلىقتىن چىقىپلا هېلىقى قاپاق تېرەكلىك
هويلىنى ئىلغا قىلىۋالدىم ـ دە ، هەممە ، هەممە كۈچۈمنى
پۇتۇمغا يىغىپ ، جان ـ جەھلىم بىلەن يۈگۈردۈم . . .
ئاخىر قاپاق تېرەكلىك هويلىغا يېتىپ كەلدىم ـ دە ،
دەرۋازىنى ئىتتەردىم . ئېچىلمىدى ، ئىچىدىن تاقىۋېتىلگەنىدى .

مۇشتلىغاچ پەس ئاۋازدا توۋلىدىم . ئىشىك ئېچىلسىلا ، پارۇلنى دەيتتىم .

ئىشىك ئېچىلدى . مەن پارۇلنى ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم ھەم ئېيتىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى . چۈنكى ئىشىكنى سىز ئاچقان ئىدىڭىز . سىزنى كۆرۈپ مەن تولىمۇ ھەيران قالدىم . پولكوۋنىك ماڭا پارۇلنى ئېيتسىڭىز ، سىزنى بىرى كۈتۈۋالىدۇ ، دېگەنىدى . شۇڭا مەن سىزگە ئوخشاش گاڭگىراپ قالمىدىم ھەم گاڭگىراشقىمۇ ۋاقىت يوق ئىدى .

— دۈشمەنلەر مېنى . . . قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . . . تېز ! . . . ، — دېدىم ھاسىراپ تۇرۇپ .

سىز ئېسىڭىزنى يىغىپ مېنى ئېغىلغا باشلاپ كىردىڭىز . ئوقۇرنى ئۆرۈۋېدىڭىز ئادەم پاتقۇدەك بىر كامار كۆرۈندى .

— ئىتتىك كىرىڭ .

مەن كاماردىن سوزۇلۇپ شۇنداق تېزلا كىرىپ كەتتىم ، خۇددى يىلاندەك . بۇ بىر ئىشىكى يوق سامانلىق ئىكەن . سىز ئوقۇرنى يەنە جايىغا ئەكېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىڭىز .

”ياقۇپ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟ توۋا خۇدايىم ، توۋا . تەقدىر بىزگە نېمانداق تولا چاقچاق قىلىدىغاندۇ ـ ھە ؟ راست ، بۇلار تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشمۇ ياكى تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ؟ مۇكاپاتىمۇ ؟ ئىلتىپاتىمۇ ؟ ياكى . . .“ ؛

تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولسا ، نېمانداق تولا تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بۇ ؟ سۆزلەپ بەرسەم ، بۇلارغا بىر كىم ئىشىنەرمۇ ؟ . . .“ ؛

”بەلكىم ، ھەممە ـ ھەممە نېمىدۇر“ .

خىيالىم شۇ يەرگە كېلىپ بولغۇچە، سىرتتا ئۇپۇر - تۇپۇر ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. يۈرەك ھەرىكىتىم تېزلىشىپ كەتتى. مەن قوش تاپانچىنى ئېغىل تەرەپكە توغرىلاپ، دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ "جىممىدە" بولۇۋالدىم. دۈشمەنلەر دەرۋازىنى قەھرى بىلەن تېپىپ ئېچىپ كىرىشتى. كالدۇرلاشتى. بىرى ئېغىلغا كىرگەندەك، ئاندىن چىقىپ كەتكەندەك قىلدى...

ھويلا تەرەپتىكى تامغا قويۇلغان ئاياغنىڭ ئۇچى تامنى ئېزىپ، بىرەر غېرىچتەك ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇ يەردىن كىچىككىنە كامار ئېچىلىپ قالغانىدى. ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئاشۇ يوچۇقتىن ئاي نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلۇپ كىرىۋاتاتتى.

— بۇ ئۆيگە كىرگەن ئايال قېنى؟

— ئايال؟ قايسى ئايال ئۇ؟ — بۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ئىدى.

— ھازىرلا كىرگەن ئايالچۇ؟

— بۇ يەرگە ھېچقانداق ئايال كىرمىدى.

— يالغان سۆزلىمە، كىرمىدى دەيسەن - يا!؟ ھېلى بىكار...

— راست شۇ، ھېچكىم كىرمىدى. دەرۋازا ئېتىكلىك تۇرسا، ئۇچۇپ كىرەمدۇ؟ — نېمە ئايالدى ئۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلماي، چاپسان ئېيت دەيمەن! ئۇنى نەگە بۆكتۈرۈپ قويدۇڭ؟

— مەن بىركىمنى بۆكتۈرۈپ قويمىدىم. پۈتمىسەڭلا ئاختۇرۇپ بېقىڭلار قايتا. بۇ ئۆيدىن ئايال تېپىۋالساڭلار، مەن بېشىم بىلەن جاۋابكار.

— راستما ؟

— راست !

ئاختۇرۇش يەنە باشلاندى . ئەمما مېنى تاپالمىدى .

قايتا سوراق - سوئال باشلاندى .

— ئېيتە ، ئۇ نەدە ؟

— بىلمەيمەن !

قىيناش باشلاندى . ئازابلىق ۋارقىراشلىرىڭىز يۈرىكىمنى ئېزەتتى . تەنلىرىم سىرقىرايتتى . كۆزۈمدىن ياش ، دىلىمدىن قان قۇيۇلاتتى . مەن ئاخباراتنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ ، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئېتىلىپ چىقىپ ، سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم . ئەمما بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

سىز ئاخىردا ئادەم چىدىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ كەتتىڭىز ، ئۈنىڭىز ئۆچۈپ ، يۈرىكىم ھوشسىزلاندى .

ئېيتىڭا ، ياقۇپ ، جېنىم ، ئومىقىم ، سۆيۈملۈكۈم ، ئۇلار سىزنى قانداق قىيناشقانىدى ؟

## 9

ئۇلار قۇلىقىمنى كېسىۋېتىشكەنىدى . ئۇلار قۇلىقىمنى كېسىۋېتىپ بولۇپ ”مېڭىڭلار“ دەپ چىقىپ كېتىشتى . لېكىن شۇ ھامان يەنە قايتىپ كىرىشتى .

— كامال ، سەن يىگىتلەرنىڭ قېشىدا خېلى ئۇزاق تۇرغان ،

— دېدى باياتىن قولىقىمنى كېسىۋەتكەن چېرىك ، — قاراپ باققىنا ، بۇنى تونۇمدىكەنسەن ؟

مەن ”كامال“ دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۇم . ئۇ قېشىمغا كەلدى . ئۇ راستتىنلا كامال ئىدى ؛ ئېغىر كۈنلەردە سىزگە باشپاناھ بولغان ئېرىڭىز كامال ئىدى ، شەيتىنىمغا قول بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان ، لېكىن ئۆلۈپ كېتىشىنى مەڭگۈ خالىمايدىغان دوستۇم كامال ئىدى . ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى . چۈنكى ئۇ ئەمدى ”ياق ، تونۇمايمەن“ ، ”مېڭىڭلار ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي ، باشقا ئۆيلەرنى ئىزدەيلى“ دېۋەتسىلا ، مەن يەنە قۇتۇلۇپ قالاتتىم .

ئىشىنىمەنكى ، ئۇ چوقۇم شۇنداق دېيەلەيتتى . ئۇنىڭ ئۇچۇن شەپقىتىمنى قايتۇرۇش پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى . ئىنقىلاب مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، مېنى قۇتقۇزۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇرچ ئىدى .

— قانداق ، تونۇغاندەك قىلدىڭمۇ - يا ؟

كامال مېنى كۆرۈپ چۆچۈپلا كەتتى .

— ۋۇي ، بۇ ياقۇپقۇ ! ؟ — دېۋەتتى ئۇ شېرىكلىرىگە قاراپ .

— قايسى ياقۇپ ؟

— ئۇيغۇر پولك 1 - رۇتىنىڭ رازۋېدكىچىسى ، ”پەرىشتە“ نىڭ ئالاقىچىسى .

مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەيرانلا قالدىم . چۆچۈدۇم ، تېڭىرقىدىم . ئەپسۇسلاندىم . يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى ، خۇددى قولىقىمدەك .

ئۇ مېنىڭ تارىخىمنى ئۆلارغا ئېزىپ چۈشەندۈردى :

— . . . ئۆتكەندە مەن ئۇنى بۇقاتامدا بىر قېتىم تۇتۇپ بەرسەم ، يەنە قۇتۇلۇپ قاپتىكەن . . .

”كامال ، بۇ راستتىنلا كامال شۇمىدۇ؟ رەشىك ئوتىدا ئۆرتىنىپ ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان ، بىراق ئۆلۈپ كېتىشىگە مەڭگۈ چىداپ تۇرالمايدىغان دوستۇم كامال شۇمىدۇ بۇ؟“ ؛

”ئۇ سېتىلىپ كېتىپتۇ ـ دە؟ راستلا سېتىلىپ كېتىپتۇ! بىزگە يالغان ئاخبارات بېرىپ ، بىر رۇتىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان ، ”پەرىشتە“ نى پاش قىلىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ۋەھشىيانە قىيناقتا پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان مۇناپىق ئەسلى مۇشۇكەن ـ دە؟ ! . . .“ .

— قانداق؟ — دېدى ئۇ تىكىلىپ تۇرۇپ .

— ئىپلاس ، مۇناپىق ! . . .

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ رەزىلانە كۈلكىسى بېغىش ـ بېغىشلىرىمنى پىچاقتەك جىجىپ ـ جىجىپ ئۆتۈپ كەتتى . مەن يۇلقۇندۇم ، تولغاندىم ، ئۇنى قەھرىم بىلەن تىللىدىم ، قارغىدىم :

— ئالدىرىماي تۇر تېخى ، خەلق هامان جاجاڭنى بېرىدۇ! بېشىڭنى شەرمەندىلەرچە غاجايسەن تېخى ! ئۆلمەي قالساڭمۇ ، غەلىبىدىن كېيىن . . .

— هىم غەلىبە؟ غەلىبىدىن كېيىن؟ ها . . . ها . . . ها . . . ، — ئۇ كۆرەڭ سۆزلىرى ، كۆرەڭ كۈلكىلىرى ئارقىلىق سۆزۈمنى بۆلدى ، — سىلەر غەلىبە قىلالامسىلەر تېخى؟ ئاشۇ

چۇماق ، كالتەك كۆتۈرۈۋېلىشقان ئالتە سوك ـ سوك يالاڭتۆشلەر بىلەن ؟

— ئاغزىڭنى يۇم ، مۇناپىق ! — مەن بۇ ھاقارەتلەرگە چىدىيالماي ، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردۈم . ئۇ بۇرنۇمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويدى . مەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتىم . ئۇ ياقامدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ ، يەنە ئۇرماقچى بولۇۋېدى ، ئۇلارنىڭ باشلىقى توسۇۋېلىپ :

— ئېلىپ مېڭىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى .

چېرىكلەر مېنى ئېلىپ مېڭىشتى .

جېنىم ئايزۆھرە ، مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭغىنىنىڭ ، پات ـ پات گەدىنىمدىن ئىتتىرىپ : "ماڭە ئىتتىك" دەپ ۋارقىراپ تۇرىدىغىنىنىڭ كامال ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى ؛ ئۇنىڭ سېنىڭ كۆيۈمچان ئېرىڭ ، مېنىڭ سادىق دوستۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى ؛ بىر ئۆمۈر ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمغا ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈمنى بېغىشلاشقا تەييار ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى .

بىراق ئۇ ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىيالمىدى ، بېغىشلىيالمىدىلا ئەمەس ، بىر ئىنقىلابچىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئاددىي بىر بۇرچىنىمۇ ئادا قىلالمىدى ، بەلكى ماڭا ئەمەس ، ئىنقىلابقا ساتقىنلىق قىلدى . بەلكىم ، رەشىك ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغاندۇ . رەشىك مۇشۇنداق قىلىشقا قىستىغان بولسا ، ئىنقىلابقا ساتقىنلىق قىلماي ، مېنى يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا "پاكىمدە" ئېتىۋەتكەن بولسىمۇ مەيلى ئىدى . ئۇ تامامەن شۇنداق قىلالايتتى . ئۇ بەلكىم ، مېنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋېتىشكە

جۇرئەت قىلالمىغاندۇ، شەپقەتلىرىم خىجىل قىلىپ، يول قويمىغاندۇ؛ ئۇ بەلكىم، مېنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋېتىشتىن، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، مەندىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئەڭ ئاقىلانىلىك ھېسابلاپ ساتقىنلىق قىلغاندۇ. ئەگەر ئۇ بۇ يول ئارقىلىق ئەمەس، مېنى ئېتىۋېتىش يولى ئارقىلىق مەندىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى، قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا، مەن بۇنچىلىك پۇشايمان قىلماسلىقىم، بۇنچىلىك ئازابلانماسلىقىم، ھەتتا پۇشايمانمۇ قىلماسلىقىم، ئازابلانماسلىقىممۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلغان بولسا، ناۋادا مەن پۇشايمان قىلغان بولسام، مېنىڭ ئادىمىيلىكىم، ئاشىقلىقىم نۆلگە تەڭ بولاتتى ـ دە، ۋىجدانىمنى قوچاقلىۋالاي، دەپمۇ قوچاقلىۋالالمايتتىم.

شۇنداق، مەن ۋىجدانىمنى قوچاقلىۋالغان، قويۇپ بەرمەسكە قوچاقلىۋالغانىدىم.

بۇ، كامالنى دۈشمەن قويىنىغا كىرگۈزۈشكە ماڭغۇزىدىغان ۋاقىتتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كاچۇڭدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى:

بىز ــ كامال بىلەن ئىككىمىز "تىل" تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن كاچۇڭغا كەلگەنىدۇق. قۇياش پارلاپ تۇراتتى. سوغۇق نەشتەردەك سانجىلاتتى. بىز دۈشمەن گازارمىسى ئەتراپىنى يىراقتىن ئايلىناتتۇق. "تىل" قولىمىزغا چۈشەي دېگەندە، سېزىلىپ قالدۇق.

ــ نېمە ئادەم سىلەر؟ ــ دەپ سورىدى بىزگە "تىل" بولۇش ئالدىدا تۇرغان چېرىك.

ــ جاڭ لىيەنجاڭغا گۇلە ئېلىپ كەلگەن، ــ مەن خۇرجۇنۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، ــ ئەكەپ

بىرىڭلار ، دەپتى ، — مەن كامالغا قاراپ قويۇپ ، — يەپ باقامسىز ؟ — دېدىم - دە ، بىر ئوچۇم گۈلە ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم . بىراق ئۇ قول ئۇزاتماي ، ئۇنىڭغا قول سېلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان كامالغا يۇزلەندى .

— سەنچۇ ؟

— مەن جىگدە ئېلىپ كەلگەن . — ئۇ خالتىنى يەردە قويدى .

— نەدىن ھەرقايسىڭ ؟

— چىمدۇدىن .

بىراق كامال كىچىكىپ قالدى . ئۇ بىزگە مىلتىقىنى تەڭلەپ بولغانىدى .

— قولۇڭنى كۆتۈرۈش !

كامال ماڭا قارىدى . مەن كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ ، قولۇمنى كۆتۈردۈم . ئۇمۇ قولىنى كۆتۈردى . چېرىك بىزنى ئالدىغا سېلىپ گازارمىسىغا ئېلىپ ماڭدى . بىز ئۇلارغا "تىل" بولۇپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتۇق . شۇڭا مەن بىر تاشقا قەستەنگە پۇتلىشىپ يىقىلدىم - دە ، ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىنلاشتۇردۇم . ئۇ بىزنى راستلا دېھقان دەپ قالدىمۇ ، پەرۋاسىزدەك كۆرۈنەتتى . مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە ،"شارتلا" ئۆرۈلۈپ ، مىلتىق ئۇچىنى "كاپپىدە" تۇتۇپ ئاسمانغا قاراتتىم . مىلتىقتىن "پاڭگىدە" قىلىپ ئوق چىقىپ كەتتى . بىز قورالنى تارتىشىپ بولغۇچە ، كامال تاپانچا بىلەن بېقىنىدىن تۆشۈك ئېچىپ بولغانىدى .

— تېز . . . تېز قاچىلى ! — دېدىم مەن .

بىز دەريا تەرەپكە قاراپ قاچتۇق . دەريادىن ئۆتسەكلا چىمدۇ ، چىمدۇغا كىرىۋالساقلا ، دۈشمەن بۇ يەرگە قوغلاپ كىرەلمەيتتى . چۈنكى چىمدۇ بىزنىڭ ئىشغالىيىتىمىزدىكى يۇرت ئىدى .

بىز دەرياغا يىقىلىپ - قوپۇپ دېگەندەك قېچىۋاتاتتۇق . . دۈشمەنلەر قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . بىر چاغدا كامال :

— ياقۇپ ، مېنى تارتىۋال ! — دەپ قالدى .

بۇرۇلۇپ قارىسام ، كامال يوق ، كاچكۇل گىرۋىكىدە ئۇنىڭ ئىككى قولىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندى . گىرۋەكتىن قولى شۇنداق ئاجراپ كەتسىلا ، ئۇ مۇزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى .

بۇ سېغىنىش ، پىراق ، ھىجران راسا ئەۋجىگە چىقىپ ، غالجىرلىشىپ ، مېنى ” ئايزۆھرە شۇنداق قىلىپ كامالنىڭ بولۇپ كېتەرمۇ ؟ ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ ، بىر ئۆمۈر ھىجران ئازابى تارتىپ ، ئارمانسىز كېتەرمەنمۇ بۇ جاھاندىن ؟“ دېگەندەك ئازابلىق خىياللارغا سېلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى .

شۇنداق ، جېنىم ، مەن شۇنداق ئويلايتتىم ؛ شۇنداق خىيال قىلاتتىم . چۈنكى مېنىڭ سىز بىلەن ۋىسال قۇچقۇم ، ۋىسال قۇچۇپ سىزنى بەختلىك قىلغۇم ، بالىگىز يولۇۋاسنى ئۆز بالامدەك بېقىپ چوڭ قىلىپ ، تەربىيىلەپ ، تاغىگىز يولۇۋاستەك باتۇر ئادەم قىلىپ چىققۇم بار ئىدى ؛ قۇربان بولۇپ كەتسەممۇ ، سىزنى كامال بىلەن ئەمەس ، پاك سۆيگۈ - مۇھەببىتىم بىلەن قالدۇرغۇم بار ئىدى .

مۇھەببىتىگىز مېنى شۇنداق شەخسىيەتچى قىلىپ

قويغانىدى .

— ياقۇپ ، تېز . . . تېز مېنى قۇتقۇزۇۋال !

دۈشمەنلەر بېقىنلاپ قېلىۋاتاتتى .

"ئۆلۈپ كەتسە كەتسۇن . . ."

مەن دۈشمەنلەرگە ئىككى پاي ئوق ئۈزۈپ قويغان بولدۇم ، گەرچە تېخى ئوق چىقىرىش پەيتى بولمىسىمۇ ، بىراق مەن ۋىجدانىمدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتىم ، چۈنكى مېنى "چىڭگىدە" قوچاقلاپ تۇرغان ۋىجدانىم گىرەسىنى بوشىتىپ ، مەندىن يىراقلاپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى .

ۋىجدان سېنى قۇچاقلىمىسا ،
سەن ۋىجداننى قۇچاقلىۋال چىڭ .

مەنمۇ ۋىجدانىمنى "چىڭگىدە" قۇچاقلىۋالماقچى بولدۇم . ئۇ كېتىپ قالسا ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنسانىي خىسلەت ، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلاردىن مەھرۇم قالاتتىم . ئاشىقلىقىممۇ نۆلگە تەڭ بولاتتى .

شۇنىڭ بىلەن مەن ۋىجداننى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم !

"بەتنىيەتلىكىمنى كەچۈرگىن ، خۇدا ، شەيتىنىمنى بوغۇزلاپ ، ئازاد بولۇشۇمغا مەدەت بەر !"

مەن كامالنىڭ قولىنى تۇتتۇم ، كاچكۇلدىن ناھايىتى تەستە تارتىۋالدىم . دۈشمەنلەرمۇ مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ ، يىقىلىپ-قوپۇپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى .

— تېز قاچ !

كامال جان ـ جەھلى بىلەن قاچتى . مەن ئىككى دۈشمەننى يىقىتىپ بولۇپ ، ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، قاچتىم . . .

شۇنداق قىلىپ بىز ھايات قالدۇق .

مەن شۇلارنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم ؛ سىز ئۈچۈن ، ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس ، ئىنقىلاب ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىم !

مەن بۇ پۇشايماندىن شۇنداق ئەنسىرىگەن ئادەم ، لېكىن ۋىجدان مېنى تېخىمۇ قۇچاقلىدى . بىز شۇنداق چىڭ قۇچاقلاشتۇق .

ئۇلار مېنى ئۈچ كۈن ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناشتى . سىم قامچا بىلەن ئۇرۇش ، قىزىتىلغان داغمال يېقىش ، زەكەرگە ئات قىلى تىقىش ، بۇرۇنغا لازا سۈيى قۇيۇش ، تىرناقنىڭ ئاستىغا يىڭنە سانجىش قاتارلىق قىيناش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى مېنى تىز پۈكتۈرەلمىدى .

شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى ، تۆرمە يۈرەكلىك ، چىدامىلىق ، ئالىي نىيەتلىك ، روھىي ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن ! ئۆلۈممۇ شۇنداق !

شۇنداق ، مېنى ئۆلۈم قورقۇتالمىدى ، 1945 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئەلياتقۇ بىلەن ئۇلار مېنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاتخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ، قىغقا تىرىك پېتىم كۆمۈۋېتىشتى . تاڭغا يېقىن سىلەر ھۇجۇمغا ئۆتتۈڭلار . دۈشمەن بىرقانچە سائەتلا كېچىككەن بولسا ، مەن يەنە ھايات قالاتتىم . مەيلىلا ، ئۆكۈنمەيمەن ، بۇنىڭ بەدىلىگە قاپاق تېرەكلىك

ھويلىدىكى شتابىمىزنى قوغداپ قالالمىغان بولسامىۇ، لېكىن شتابىمىز قاراشلىق بىرمۇنچە مەخپىي ئىنقىلابچىلارنى قۇتقۇزۇپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا مەردانە قەدەملەر بىلەن بارالىدىم.

ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم، يۇرتداش - سەپداشلىرىم مېنى چوپانغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىشتى. بىراق سىز ھازامغا كېلەلمىدىڭىز، ھەتتا ئۈچ ئايغىچە كېلەلمىدىڭىز. شۇنداق سېغىنىپ كەتتىم. "بەلكىم جەڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن كېلەلمىگەندۇ" دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. پەقەت باھار كېلىپ، ئىللىق قۇياش قەبرەمنى قىزىتىشقا باشلىغان، قۇشلار سايراپ، باھار سىمفونىيىسىنى ئورۇنداۋاتقان كۈنلەردىلا كېلىپ، مېنى شۇنداق خۇشال قىلىۋەتتىڭىز.

ئېيتىڭا، جېنىم ئايزۆھرە، شۇ كۈنلەردە نەدە، قانداق جەڭلەردە بولدىڭىز؟

ھە راست، يەنە بىر گەپ، "ئايزۆھرە كامالنىڭ خائىنلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىيالىغانمىدۇ؟ ئەگەر ئاڭلىيالمىغان بولسا، ئۇ يەنە ئىنقىلابقا قانچىلىك زىيان سالغاندۇ؟" دەپ بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتىم. ئاڭلىيالىغانمۇ؟

## 10

ئاڭلىغان، ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىغان . . .

* * *

ئايزۆھرە خانىمنىڭ بېلى "زىڭگىمدە" ئاغرىپ كەتتى. پۇت - قوللىرىمۇ سىرقىراۋاتاتتى. ئۇ سۇپۇرگىنى تاشلىدى. خازاڭلار سۇپۇرۇلۇپ بولغانىدى. ئۇ بېلىنى تۇزلەپ يىراقلارغا كۆز تىكتى. يىراقتا، توليمۇ يىراقتا ئاقۋاش تاغلار چوقچىيىپ، ئۇسسىدىلا قۇياش يالىلداپ تۇراتتى. سۇس شاۋقۇن بىلەن ئېقىۋاتقان چوپان دەرياسى "ۋال - ۋۇل" چاقنايتتى. مەكتەپ تەرەپتىن پەس ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئايزۆھرە خانىم بۇ ناخشىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى. ناخشا شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

"قۇلاق سېلىڭ، جېنىم ياقۇپ، بالىلار ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ؛ بىز ئەللىك يىل بۇرۇن جەڭگاھلاردا تالاي - تالاي ناخشىغا قېتىپ، دۇتارىڭىزغا مەھراھ قىلىپ، جەڭچىلەرگە ئۈمىد، روھ بەخش ئەتكەن شۇ ناخشىنى بۈگۈن بالىلار ئېيتىۋاتىدۇ. قۇلاق سېلىڭا، جېنىم.

كۈچلۈك قوللاردا قۇدرەتلىك قورال،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.
بىزدە يېڭىلىش يوق،
چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.

بۇلۇتلار ئارىلاپ ئېگىز ئۇچىدۇ،

ئەنە ، ئاسماندا لاچىنلىرىمىز .
يەردە تانكىلار ،
مىنا ، زەمبىرەكلەر ،
دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىمىز .

ئاتاكا قىلايلى ، دۈشمەننى قوغلاپ ،
يۈرۈڭلار ، بارايلى ئالدىنقى سەپكە .
ئېتىلىڭ پىلىموتنى ،
تاشلاڭ گراناتنى .
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە[①]

ناخشا ئاخىرلاشقاندى . ئايزۆھرە خانىم مەكتەپ تەرەپكە بىرپەس ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، چەكسىز پەخىرمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن پىچىرلاپ قويدى :

”شۇنداق ، بىز يېڭىلمىدۇق ، يېڭىلمەيمىز ! چۈنكى مەكتەپلىرىمىزدە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قوشۇنلىرىمىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ !“

ئۇ غازاڭلارنى تاغارغا تىقىپ قويۇپ ، چىنارغا يۆلىنىپ ئولتۇردى . گۆشسىز ئالىقانلىرى بىلەن چىنارنى سىلىدى ، خۇددى بىر چاغلاردا ياقۇپ ئۇنىڭ مەرمەر بويۇنلىرىنى ، چىرايلىق

① بۇ تېكستىنىڭ ئاپتورى — مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى ، مەرھۇم شائىر زەينىددىن سالىھ (بىغ) بولۇپ ، شۇ چاغلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان . ھازىرمۇ مەكتەپلىرىمىزدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

زۇلپىلىرىنى ، كەھرىۋادەك سۈزۈك ۋە سۈزۈك يۈزلىرىنى سىلاپ قويغاندەك .

ئايزۆھرە خانىم چەكسىز ھۇزۇر ئىلكىدە كۆزىنى يۇمدى . . .

بۇ ناخشىنىڭ ، جېنىم ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان كۈنى 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىدى . بۇ كۈنى بىز سىز قوغداپ قالغان ئاخباراتنىڭ نەپىئىدە ھاكىم شېرىپ ، تاھىر بەگ ، لەشكەرلەرنىڭ قوماندانلىقىدا قاغىلىق بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ، سەككىز سائەتلىك قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق خەلقنى زارىقىپ كۈتكەن ئازادلىق ـ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرگەنىدۇق . مانا شۇ كۈنى بۇ ناخشا جەڭچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ ، ئەڭ جۇشقۇن ، ئەڭ كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە ئېيتىلغانىدى . ئەگەر دۈشمەنلەر بىرقانچە سائەتلا سەۋرى قىلغان بولسا دۈتارىڭىز بۇ ناخشىغا ، ئازادلىق ـ ھۆرلۈك تەنتەنىسىگە جور بولالايتتى . مەنمۇ بۇنداق بەختسىزلىك قويىنىدا بەختلىك ياشىمىغان بولاتتىم .

شۇنداق ، جېنىم ، بۇ ناخشا جەڭچىلەرنىڭ ، قاغىلىق ياشلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، ئۈمىد بەخش ئەتكەنىدى . شۇڭا بىر ھەپتە ئىچىدىلا تۆت مىڭ بەشيۈز نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ، دېھقان ، ھۈنەرۋەن ، سودىگەر . . . پىدائىيلىققا يېزىلغانىدى .

ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ يېڭى ھاكىمىيەت تەسىس قىلىنىدى . سىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىڭىز ساۋۇت قارى ۋالىيلىققا ، راشىدىن مۇتىپىھاجىم باش مەسلىھەتچىلىككە ، بىزنىڭ رۇتا كوماندىرى تۇرسۇن خالمۇرات

پولتىسىيە (ساقچى) باشلىقلىقىغا، نىياز قارى مالىيە باشلىقلىقىغا، ئىسھاقجان سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، سابىتوف (مامۇت سابىت) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە . . . تەيىنلەندى.

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مادايوف، مەخمۇت قۇتلۇقلار كاچۇڭدا جىددىي يىغىن ئېچىپ، قىسىملارنى تەرتىپكە سالدى. قاغىلىق سودا سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، تاشقورغان ئىنقىلابىي قوماندانلىق شتابى بىلەن ئۆزى مەخپىي ئالاقە ئورنىتىپ، ئىنقىلابىمىزغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىۋاتقان ھاشىم خۇيجاڭ مىللىي ئارمىيە قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا، ھاشىم خۇيجاڭغا ئوخشاشلا بىزگە جان پىدالىق بىلەن يار - يۆلەكتە بولغان شىيا قومۇشىنىڭ (تۆگىچى، جايتېرەك، جاڭگىلىئەسكى، چاھارباغ، بارىن، غوجىئېرىق، چاچقۇم، شاھتاتا، باغجىگدە قاتارلىق يېزىلارنىڭ) بېگى تۇردى قارىبەگ ئورۇنباسار باشلىقلىقىغا، ناسىراخۇن باش مەسلىھەتچىلىككە . . . تەيىنلەنگەنىدى.

لېكىن قاغىلىق خەلقىنىڭ ئازادلىق دەۋرى ئاران يىگىرمە توققۇز كۈنلا داۋاملاشتى. شۇنداق، قاغىلىق خەلقى ھۆرلۈكتىن ئارانلا يىگىرمە توققۇز كۈن بەھرىمەن بولالىدى. شۇ كېچە پوسكامغا قېچىپ بېرىۋالغان دۈشمەن يەكەندىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن، گۇمىغا قېچىپ بېرىۋالغان دۈشمەن خوتەندىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىرلا ۋاقىتتا بىزنى ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. بۇ خەۋپنى بىز ئالدىن مۆلچەرلەپ بولالىغاچقا، دۈشمەننىڭ ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارنى، يەرلىك

مەھسۇلاتلار شىركىتىدىكى خام، گەزلىمە رەختلەر، زىلچا، گىلەم، مەشۇت، چاي، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن ئاپتوموبىل چاقى قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى قوشراپقا يۆتكەپ بولغانىدۇق.

بىز قەيسەرلىك بىلەن خېلى تىركىشىپ باقتۇق، بولمىدى. ئاخىر ئادەم سانى ۋە قورال جەھەتتىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇشى، ئەسكەرلەرنىڭ يېڭىلىقى، قورال يېتىشمەسلىك، جەڭچى ۋە پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىقى بىرلىككە كېلەلمەسلىكى، ئىنچىكە پىلان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى، ئەڭ مۇھىمى، خائىنلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. چېكىنەر - چېكىنەر كاچۇڭغا بارغاندا، مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ ئىسسىق قانلىرى دەريا بويلىرىغا، تاغ - ئېدىر، قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتتى...

لېكىن، بۇ يىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىزنىڭ بېشارىتى بولالمىدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئارىتاشتا قوشۇن قايتا تەرتىپكە سېلىندى. مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي قىسىم ئۇيغۇر ئاتلىق پولكى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى، قىرغىز پولكى، تاجىك پولكى، ھەسەن ھاجى (يېڭىسارنىڭ قىزىل يېزىسىدىن) پولكى دەپ تۆت پولكقا بۆلۈندى. ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى يەنە ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى ۋە ئۇيغۇر ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. مەن ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكىغا بۆلۈندۈم. پولك كوماندىرىمىز تۇردى قارىبەگ، ئورۇنباسار پولك

كوماندىرىمىز ناسىراخۇن ئىدى .

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ بىز يەنە جەڭگە ئاتلاندۇق . 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ياستۇڭ مازاردا ئېلىپ بارغان جېڭىمىز مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك جەڭ بولدى . بىز دۈشمەنگە كۈپكۈندۈزدىلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدۇق . بۇ كۈندۈز بولغاچقا ، دۈشمەن سەل بىخۇد تۇرۇپ قالغانىدى . مىناميوتچىلىرىمىز بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئوت توچكىلىرىنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتىشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى تولۇق ، پۇختا بولمىغاچقا ، ھەتتا پوتەي ياساشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەچكە ، ئاتاكىغا ئۆتۈشىمىزگە توسالغۇ ، خەۋپ يوق ئىدى . شۇڭا "ھۇررا" توۋلاپ ، ئاتلىرىمىزنى دۈلدۈلدەك چاپتۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتتۇق . ئاتلار كىشنىشەتتى . تۇياقلىرىدىن ئوتلار چاقنايتتى ، ئوقلىرىمىز بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ، دۈشمەننى جەھەننەمگە يوللايتتى ، ساراسىمىگە سالاتتى .

دۈشمەن يېرىم سائەتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تۆت تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . بىز ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالغانىدۇق . قاچقانلىرى يەر غاجايتتى . قاچمىغانلىرى ، قېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىرى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، لاغ - لاغ تىترىشىپ ، بىزدىن ھاياتلىق تىلىشەتتى . دەل شۇنداق چاغدا ، بىر دۈشمەن ئاتقا مىنىپ ئالدىمىزدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى . ئوق ئۈزدۈم ، بىراق تەگكۈزەلمىدىم ، قوغلىدىم . ھەدەپ ئاتنىڭ بىقىنىغا تېپەتتىم . ئېتىممۇ بار كۈچى بىلەن چاپاتتى . مەن بارا-بارا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدىم . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ماڭا

ئوق چىقىراتتى . ئوق بېقىنلىرىمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ئـارىسـلىق ئەللىك قەدەمچە قالغاندا ، مەن ئاپتوماتىمدىن ئوق ئۈزدۈم ، ئات يىقىلدى . ئۇ پوركاپ توپىغا كاللاماشاڭ چۈشتى - ده ، ئورنىدىن تۇرۇپ دۆڭگە ئۆملىگەن پېتى ياماشتى ، خۇددى قېچىپ كېتەلەيدىغاندەك .

— تـوخـتـا ، بولمىسا ئاتىمەن ! . . . ، — مەن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم . بىراق ئۇ توختىمىدى . ئىككى بېقىنىغا ئىككى پاي ئوق ئېتىۋېدىم . ئۇ ئۆمىلەشتىن توختاپ قولىنى كۆتۈردى . قولىدا تاپانچا بار ئىدى .

— قورالنى تاشلا !

تاشلىمىدى .

— قورالنى تاشلا ! ! !

تاشلىدى .

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، ئارقاڭغا ئۆرۈل !

مەن ئۇنىڭ بىچارە چىرايىنى كۆرمەكچى ئىدىم .

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى . پۈتكۈل ئەزايى توپىغا مىلىنىپ ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ، تونۇش بىر جۈپ كۆزى تېپىرلاپ تۇراتتى ، بۇ كۆز كامالنىڭ كۆزى ئىدى .

شـۇنـداق ، جـېنىم ، ئومىقىم ، ئۇ كامال ئىدى ؛ ئېغىر كـۈنـلەردە بېشىمنى سىلىغان كۆيۈمچان ئېرىم كامال ئىدى ؛ ئـۆزىـنـىـڭ ئـىـنقىلابقا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى مۇھەببەت ، رەشىككە دۆڭگەپ ، ماڭا ، سىزگە ، ”پەرىشتە“ گە ، ئىنقىلابقا ئاسيلىق قىلغان كامال ئىدى !

ئـۇ لاغىلداپ تىترەيتتى ، بېشى ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى ،

خۇددى ئۆلۈك توخۇنىڭ بويىنىدەك .

— بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ، ماڭا قارىغىنا ! — بارلىق ھۇجەيرىلىرىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان غەزەپ - نەپرىتىم بارمىقىمغا ، تەپكە ئۇستىدىكى بارمىقىمغا يىغىلغانىدى . مەن ئۇنى ئېتىۋېتىشتىن بۇرۇن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالماقچى بولغانىدىم . بىراق ئۇ ماڭا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

— ئېيتە ، كامال ، سەن ئېغىر كۈنلەردە بېشىمنى سى-لاپ ، چەكسىز ھۆرمىتىمگە ئېرىشكەنىدىڭ ، نېمىشقا . . . نېمىشقا ئىنقىلابقا ساتقىنلىق قىلدىڭ ؟

— مەن . . . مەن . . . ماڭا ئىشىنىڭ ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ، — ماڭا ئىشىنىڭ ، ئايزۆھرە ، خۇدا ھەققى . . . خۇدا ھەققى ئىنقىلابقا ساتقىنلىق قىلمىدىم ، ماڭا ئىشىنىڭ . . .

— ماڭا ئىشىنىڭ ؟ ساڭا ئىشىنىمەنما ؟ ھىم ! — مەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن دىمىقىمنى قاقتىم . — ھوي ئىپلاس مۇناپىق ، بىزنىڭ ئۆيدە قاپاق تېرەكلىك ھويلىدا ياقۇپنى ئاشكارىلاپ قويغان كىم ؟ بىلەمسەن ، شۇ كۈنى سەنلەر قوغلىغان ئايال مەن ئىدىم . مەن ئىشىكى يوق سامانلىقتا مۆكۈنۈۋالغان . گەرچە سەنلەرنى كۆرەلمىسەممۇ ، گېپىڭلارنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردۇم . سەن شۇ كۈنى نېمە دېدىڭ ؟ — مەن ئۇنىڭ شۇ كۈنى دېگەن گەپلىرىنى بىرمۇبىر تەكرارلاپ بەردىم .

ئەمدى ئۇنىڭغا تېنىۋېلىشقا ھېچبىر ئورۇن قالمىغانىدى . شۇڭا ئۇنىڭ بويىنى مەھكۇمانە ئېگىلدى . چېھرى مۇردىدەك تاتىرىپ ، يامغۇردا قالغان تەخەيدەك تىترەككە چۈشتى .

— مېنى كەچۈرگىن ، كامال . ماڭا قىلغان بۇرۇنقى

ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ! — مەن ئاپتوماتىمنى ئۇنىڭغا توغرىلىدىم .

— مەن . . . مەن . . . گۇناھىمنى كەچۈرۈڭ . . . سىزگە . . . سىزگە ئۇ دۇنيا بۇ - دۇنيا قۇل بولاي . . . قۇل بولاي ! . . .

— ماڭا ھۆر ئادەم لازىم ، ئەبلەخ ، گومىنداڭنىڭ قۇلىنىڭ لازىمى يوق ! سۆزۈمنى بەر ، ئىپلاس مۇناپىق ! ، — گەرچە بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن سۆزۈمنى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم ، چۈنكى مەن بىر مۇناپىقنىڭ نىكاھىمنى دوزاخقا يۇدۇپ ئېلىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم .

— ياق ! — ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ رەت قىلدى .

— سۆزۈمنى بەر ، دېدىم مەن ، ھېلى بىكار. . . !

— ياق !

— ئەرگە تەگ ، دە !

— ياق ، سىزنى . . . سىزنى . . . مەڭگۈ . . . !

ئۇنىڭ پۇتىغا ”پاڭگىدە“ ئوق ئۇزدۇم . قاتتىق ۋارقىراپ تىزلىنىپ قالدى .

— ئورنۇڭدىن قوپە !

ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى .

— با . . . بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىڭ . ئۇ . . . ئۇ يېتىم بولۇپ قالمىسۇن .

ئۇ ماڭا تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ يېلىناتتى .

— يېتىم بولۇپ قالمىسۇن ؟ ھىم . ئۇ ھازىرمۇ يېتىم . سەنمۇ ، مەنمۇ ، ھەممىمىز يېتىم . قۇل مىللەتنىڭ ھەممىسى

يېتىم ، قارا يېتىم ! بىز شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز ، بىلەمسەن ، هايۋان ! ئەرگە تەگ ، دە !

— ياق ! . . . ياق ! . . .

يەنە بىر پۇتىغا ئوق ئۈزدۈم . ئۇ ۋارقىرىغىنىچە دۆڭدىن دومىلىنىپ كەتتى . ئۇ دومىلىنار ـ دومىلىنار پوركاپ توپىغا پېتىپ توختاپ قالدى . مەن ئارقىسىدىن دەمبەسىمۇ قەدەم چۆشتۈم . ئاتلىق يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى .

— قوپە ئورنۇڭدىن !

ئۇ تىزلىنىپ مەندىن ، يىگىتلەردىن شەپقەت تىلەشكە باشلىدى ؛ ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ياقۇپنى ، "پەرىشتە" نى . . . پاش قىلىپ قويغانلىقىنى ، يالغان ئاخباراتىنىمۇ ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ بىزدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىدى .

— ئايزۆھرە ، ئۇنى شتابقا ئاپىرايلى ، — دېدى بىر جەڭچى .

— ياق ، ئۇنى جەھەننەمگە ئاپىرىمىز ! — ئۇنىڭدىن ياقۇپنىڭ ، "پەرىشتە" نىڭ ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان رۇتىنىڭ ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالغۇم بار ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ ، قولۇڭنى كۆتۈر ! — دەپ ۋارقىرىدىم .

ئۇ قولىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ بۇ بىچارە شەرمەندە ھالىتىنى پۈتكۈل جاھانغا كۆرسەتمەكچى ئىدىم ؛ قولىنى مۇشۇ پېتى كۆتۈرتۈپ ، يۇرتمۇيۇرتقا ئاپىرىپ سازايى قىلماقچىدىم ؛ مۇناپىقنىڭ ھالىنىڭ ، ئاقىۋىتىنىڭ مانا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ساتقىنلارغا ، ساتقىنلىق قىلىشنى ئويلاۋاتقان تىرىك مۇردىلارغا كۆرستىپ قويماقچىدىم . بىراق بۇنداق

قىلىشقا ھازىرقى شارائىت يار بەرمەيتتى .

— ئەرگە تەگ ، دە !

— ياق !

تەپكىنى قەھرىم بىلەن باستىم . . .

— ياقۇپ ئۈچۈن !

— "پەرىشتە" ئۈچۈن !

— ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن !

بىر دىسكا ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئۈنىڭغا ھەدىيە قىلىۋەتتىم . قۇياش تەنتەنە بىلەن كۈلدى ؛ يۈرىكىم تەنتەنە بىلەن كۈلدى ؛ سىزنىڭ ، "پەرىشتە" نىڭ ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى تەنتەنە بىلەن كۈلدى !

جىنىم ياقۇپ ، شۇنىڭدىن تارتىپ مەن كاچۇڭ ، خانلەڭگىر ، تۇمشۇقساراي ، ئاقتام قاتارلىق جايلاردا يىگىرمە بەش قېتىمدەك جەڭگە قاتنىشىپ ، زور قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتىم . چۈنكى مەن تەۋەككۈلچى ئىدىم . تەۋەككۈل قىلغاندىلا ، ئاندىن قەھرىمانلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ . تەۋەككۈلچى بولمىسا ، دۇنيادا قەھرىمان بولمايدۇ . قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى تەۋەككۈلچى !

ئۇيغۇر ئون ئالتىنچى ئاتلىق پولكى بىلەن قىرغىز پولكى قاغىلىقتا ، ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكى بىلەن ھەسەن ھاجى پولكى ، تاجىك پولكى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، پولكىمىزغا كاچۇڭغا يىغىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى ، يىغىلدۇق . كەلسەك دەريا بويىدىكى كەگرى كەتكەن چىملىق ھەرقايسى پولكلار بىلەن لىق

تولغانىكەن . ئالدىغا پىيادە قىسىم جەڭچىلىرى تىزىلغاچقا ، بىز ئاتلىرىمىزغا مىنىپ ، كەينىدە رەتلىك هالدا تۇرۇشتۇق .

بۇ ، 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىدى .

— ئەينا ، گېنېرال چىقتى ! — دېدى ئارىمىزدىن بىرى .

بىز سۆيۈملۈك رەهبىرىمىزنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزەڭگىگە دەسسەپ ، بويىنىمىزنى سوزۇپ قاراشتۇق . هەربىي فورما كىيگەن ، ئېگىز بوي ، كەڭ يەلكىلىك ، بۇرۇتلۇق بىر ئادەم كۆزىمىزگە چېلىقتى . ئۇ گېنېرال ، لېيتېنانت ئىسھاقبېك مۇنونوف ئىدى . كۆكسىدىكى ئوردېن - مېداللار قۇياش نۇرىدا يالىلداپ ، كۆزىمىزنى چاقاتتى . ئۈمىد - ئىشەنچلىرىمىزنى چاقنىتاتتى .

— سالام ، قەهرىمان يىگىتلەر !

مىكروفون ئارقىلىق گېنېرالنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تەرەپ - تەرەپكە تارالدى . پۈتكۈل جەڭچىلەر بىردەكلا توۋلىدۇق :

— سالام ، گېنېرال !

— سىلەر كۆپ مۇشەققەت تارتتىڭلار ، سىلەرگە رەهمەت !

— ئازادلىق ئۈچۈن ! هۇررا ! . . . هۇررا ! . . . هۇررا ! . . .

هەممىمىز تەڭلا شۇنداق دەپ توۋلىدۇق . زەرەپشان ۋادىسىنى هۇررا سادالىرى لەرزىگە سالدى . زەرەپشان دەرياسىنىڭ يېقىملىق ، جۇشقۇن شاۋقۇنلىرى هۇررا سادالىرىمىزنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى . هەممىمىز هاياجانلىنىپ كەتكەنىدۇق . جەڭچىلەرنىڭ روهى تولىمۇ جۇشقۇن ئىدى .

گېنېرال بىزنىڭ غەلىبە - كۈرەشلىرىمىزنى كۆپتىن - كۆپ

ماختاپ ، ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى . ئاندىن جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى . بۇيرۇقتا 30 نەچچە قەھرىمان ئوردېن ، مېدال بىلەن تەقدىرلەنگەندى . خانلەڭگىر ، تۇمشۇقساراي . . . جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىم ئۈچۈن ، ماڭا "باتۇر" لۇق مېدالى بېرىلگەندى . مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەي ئەتراپىمغا قارىدىم . يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى چەكسىز پەخىرمەنلىك بىلەن ماڭا قاراشقانىدى . ھاياجاندىن يىغلىۋەتتىم . خەلقىمنىڭ ئالىي مۇكاپاتى مېنى چەكسىز ھاياجانغا سالغانىدى . بولۇپمۇ ، پولك كوماندىرىمىز تۇردى قارىبەگ ، ھاشىم خۇيجاڭلار باش بارمىقىنى چىقىرىپ مېنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەپ ، قەتئىيەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن پەخىر چېچىۋىدى ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم پەخىر ـ سۆيۈنۈشتىن لەرزىگە كېلىپ ، ئۆزۈمنى تۇتالماي تېخىمۇ يىغلىۋەتتىم ؛ كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتىم . بۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك يىغلاش ئىدى . مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمدىن ئەمەس ، ماڭا مۇشۇنداق قەيسەر روھ ئاتا قىلغان ئەجدادىمدىن ، خەلقىمدىن ، سۆيۈملۈك دىيارىمدىن پەخىرلىنىۋاتاتتىم ، غۇرۇرلىنىۋاتاتتىم .

بىراق ، بايىقى جۇشقۇن كەيپىياتىمىز بىردەمدىلا كۆككە سورۇلدى . ھەممىمىز قۇلاقلىرىمىزغا ئىشىنەلمەي ، بىر ـ بىرىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتۇق . چۈنكى گېنېرال «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»ى ئىمزالانغانلىقىنى ، ئۇرۇش توختىتىلغانلىقىنى ، ئۇرۇمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى ، بىزنىڭ قايتۇرۇلغانلىقىمىزنى ، قەھرىمانلارنىڭ ئوردېن ، مېداللىرى ۋە ئۇنىڭ كىنىشكىلىرى پات ئارىدا ئەۋەتىپ

بېرىلىدىغانلىقىنى . . . ئۇقتۇرغانىدى .

جېنىم ياقۇپ ، مەن يەنە يىغلىدىم ؛ يىغلىغانلىدىمۇ باياتىنغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە ھېسسىياتتا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدىم ؛ ئىنتايىن بىچارىلىك ، مىسكىنلىك ، غېرىبلىق ، چۈشكۈنلۈك بىلەن يىغلىدىم . چۈنكى مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم ؛ ئاتا - ئانامدىن ، سىزدىن ، دوستۇم "پەرىشتە" دىن ، ئوغلۇمدىن (ئۇ بىر يېرىم ئاي بۇرۇن كېزىك بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى ) ، ئاخىردا قەدىردان ئاپتوماتىمدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم . مەن قۇياشقا ۋەدە بەرگەن ، تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ . ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن ؟ ئۇنىڭغا قانداق- قارايمەن ؟ . . .

بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كېلەتتى :

"ياق ، تېخى ۋاقتى ئەمەس ، تېخى ۋاقتى ئەمەس !"

* * *

قاق ! . . . قاق ! . . . قاق ! . . .

قاغىنىڭ سەت قاقىلدىشى روھلار سۆھبىتىنى بۇزۇۋەتتى . قاغا چىنار ئۈستىدە قاقىلداۋاتاتتى . ئايزۆھرە خانىم بۇنى كۆرۈپ چاچراپلا ئورنىدىن تۇردى - دە ، بىر چالمىنى ئېلىپ قاغىغا غەزەپ بىلەن ئاتتى . قاغا كۆزدىن غايىب بولدى . ئايزۆھرە خانىم قەبرە بېشىغا كېلىپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . "سۈرە پاتىھە" نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا دۇئا قىلدى :

"ئەي مېھىر - شەپقەتلىك ، ئۇلۇغ تەڭرىم ، ياقۇپنىڭ

بىلىپ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن . بارلىق ساۋابلىرىمنى ئۇنىڭغا ئاتىدىم . ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن ! . . .»

ئۇ ھازىرغىچە ياقۇپقا قانچە قېتىم دۇئا قىلدىكىن ؟ تەڭرىگە قانچە قېتىم ئىلتىجا قىلدىكىن ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك ساۋابىنى ئاتىدىكىن ؟

بىلمەيتتى .

ئايزۆھرە خانىم غازاڭ تىقىلغان تاغارنى يۆدەپ ئۆيگە ماڭدى . ئۇ ھاسىرىدى . يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قېلىپ ، نەپسى بوغۇلدى . پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى نەلەرگىدۇر يوقىلىپ ، ئىزىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . . .

# تۆتىنچى قىسىم

# ياغاچ مېدال

## 1

ئايزۆھرە خانىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . . . كېچىلىرى دېڭىزدەك يۆتىلىپ چىقاتتى . بەزىدە يۈرىكى سىيلىپ ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى ـ دە ، پۇت ـ قولىدا جان دىدارى قالمايتتى ، ئەزايىدىن تەر قۇيۇلاتتى . شۇڭا ئۇ داۋالىنىش ئالدىدا تۇراتتى .

"پىشىپ قالغان ئوخشايمەن ، شۇنداقتىمۇ داۋالىنىپ باقاي ، ساقىيىپ قالسام ئەجەب ئەمەس . . ."

— خانىم ئاپا ، سىزگە نەشرىياتتىن ماتېرىيال كەپتۇ .

ئايزۆھرە خانىم ئاكىسىنىڭ (يولۋاسنىڭ) ئوغلىنىڭ نەۋرىسى نىجاتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ، خىيالىنى يىغىشتۇردى ـ دە ، كۆزىنى ئاچتى . ئۇ نىجاتنىڭ قولىدىكى توپا رەڭ قەغەزگە ئورالغان ، ئاق سۇلياۋ شوينا بىلەن تېڭىلگەن بولاقنى كۆتۈرۈپ سەل ئۆرە بولدى . نىجات ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كۆرپە يۆلەپ

قويدى .

— قېنى ، يەشكىنە ، بالام ، — ئايزۆھرە خانىمنىڭ لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى .

بولاق يېشىلدى . ئۇنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە پارچە كىتاب چىقتى . نىجات كىتابتىن بىرنى ئايزۆھرە خانىمغا تۇتقۇزدى . ئۇ تىنىك ئولتۇرۇپ كىتابقا قارىدى . كۆزلىرىدە ھاياجان جىلۋە قىلدى . قولى ، پۈتۈن بەدىنى بىر خىل ئىچكى خۇشاللىقنىڭ قۇدرىتى بىلەن تىترەپ كەتتى . ئۇ كىتاب مۇقاۋىسىدىكى ئاپتومات تۇتۇپ تۇرغان يىگىتكە ئاشىقانە ھېسسىيات بىلەن تىكىلدى . ئۇ ئايزۆھرە خانىمغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇ ، تەبەسسۇم تۆكۈپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ يۈز - كۆزىنى قايسى كۈنى چىنارنى سىلىغان چاغدىكى ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن قېتىپ كەتكەن گۆشسىز ئالىقانلىرىدا ئاۋايلاپ سىلىدى ، ھىدلىدى ، يۈز - كۆزىنى سۆركىدى . يۈرىكى شېرىن ھۇزۇر ئىلكىدە ئەللەيلىنىپ ، بارلىق ھۇجەيرىلىرىگە ، ئۇگە - ئۇگىلىرىگە ، بېغىش - بېغىشلىرىغا ، ھەتتا تىرناقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچىلىك ئىللىق ، تولىمۇ ئىللىق ، تاتلىق ، تولىمۇ تاتلىق سېزىم يوللىدى . ئۇ ئۆزىگە زەن سېلىپ تۇرغان نىجاتنى ھەممە - ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى .

— ھە راست ، خانىم ئاپا ، — دېدى نىجات يانچۇقىغا قول سېلىپ ، — تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى ، سىزگە ئون مىڭ كوي قەلەم ھەققى كەپتۇ .

ئايزۆھرە خانىم ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچتى . نىجات ئۇنىڭغا ئون مىڭ كوي پۇلنىڭ چېكىنى تەڭلەپ تۇراتتى . ئۇ

چەكنى قولىغا ئالدى، راستىنلا ئۇن مىڭ كوي ئىدى.

— نىجات، قە... قەلەم ئەكەلگىنە.

نىجات قەلەم ئېلىپ كەلدى. ئايزۆھرە خانىم قەلەمنى ئېلىپ چەكنىڭ سۆز قالدۇرۇش رامكىسىغا" ئۇمىد قورۇلۇشى" غا تەقدىم دەپ يېزىپ ئاستىغا ئىمزا قويدى - دە، نىجاتقا تەڭلىدى.

— بۇنى مۇدىرىڭغا بېرىپ قوي.

نىجات چەكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئايزۆھرە خانىم كىتاب ئىسمىنى ئاستا شىۋىرلاپ ئوقۇدى:

— «ئاخىرقى تەبەسسۇم»

ئاھ، ئاخىرقى تەبەسسۇم، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئاددەمگە هاياتىي كۈچ بەخش ئەتكۈچى سېھىرلىك تەبەسسۇم!

سېھرىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم!

ئايزۆھرە خانىم بارغانسېرى هاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن پەخىر، شادلىق، سېغىنىش، تەلپۈنۈش، پىراق، ھىجران چېقىنىدايتتى. ئۇ كىتابنىڭ ئىچ بېتىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچ بېتىدە "كۈرەش قەھرىمانى ياقۇپ مەسۇمگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

— ئاپتور" دېگەن خەت

كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايزۆھرە خانىم شۇ خەتنىڭ ئاستىغىلا چوڭ قىلىپ:

"كۈرەش قەھرىمانى ياقۇپ مەسۇمگە ھۆرمەت بىلەن تەقدىم.

— ئايزۆھرە

1995 - يىل، 31 - دېكابىر" دەپ يازدى.

چوش بولا ـ بولمايلا ئۆيگە ھەر خىل سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈشكەن بىر توپ كىشىلەر كىرىپ كېلىشتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاكىم ، دېھقانمۇ ، شائىر ـ يازغۇچىمۇ ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىمۇ ، دوختۇر ، ئىشچىمۇ . . . بار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايزۆھرە خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، ئۇنى بۇگۈن يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن يوقلاپ كېلىشكەنىدى . ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىدىن قىزغىن ھال سوراشتى . بىردىن كىتاب تەقدىم قىلىشىپ ، ھەممىسى ئۇنىڭ «ئاخىرقى تەبەسسۇم» نى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەشتى . شىر ـ شىر ئاۋازلار ، پىچىرلىشىپ ئوقۇشۇشلار ئۆي جىمىلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى . بىر چاغدا بىرى :

ــ ياقۇپ مەسۇمنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا بۇگۈن توپتوغرا ئەللىك يىل بولۇپتۇ ـ ھە؟ ! ــ دېيۋەتتى .

بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى ئايزۆھرە خانىمغا تىكىلىپ قاراشتى .

ــ ھەئە ، بۇگۈن توپتوغرا ئەللىك يىل بولدى ! ــ ئايزۆھرە خانىمنىڭ يۈركى جىغىلداپ ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى . ھەسرەتلىك ئۆكسۈشلەردىن يۈرەكلەر ئېزىلىپ ، باشلار سىلىندى . ئۆي ، قاراقۇرۇم ، زەرەپشان ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا سۈكۈتكە ، ھەسرەتكە ، ماتەمگە چۆمگەنىدى ! . . .

ھاكىم ئەتە كېلىپ ئايزۆھرە خانىمنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى ، ئايزۆھرە خانىم ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ :

ــ ئەجدادىڭنى ئەسلە ، يۇرتۇڭنى سۆي ، خەلقىڭنى شاد قىل . مىللەت ئۈچۈن جان بەر ! ــ دېدى شائىرانە ھېسسىيات

بىلەن .

قىسقا ، ئەمما ۋەزنى ئېغىر ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق غايىسى مۇجەسسەملەنگەن بۇ سۆزلەر ھەممىنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى .

شۇنداق ، ئويلىنىش كېرەك !

ھاكىم : "ماقۇل ، خانىم ! . . ." دەپ ۋەدە بېرىۋىدى ، ھەممىسى بىردەك باش لىڭشىتىشتى . بۇ ھاكىم ئۈچۈن ئەمەس ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەدە ئىدى .

سەھەر ، يېڭى يىل سەھىرى تولىمۇ گۈزەل ، جۇلالىق ئىدى ، خۇددى قىز مەڭزىدەك . ئەمدىلا ئۈيقۇدىن باش كۆتۈرگەن مەرد قۇياش زەر نۇرلىرىنى ئادالەت بىلەن ھەممىگە تەڭ ـ تەكشى تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى . جۇلالىق نۇرغا چۆمكەلگەن چىنارنىڭ جومباق ـ جومباق شاخلىرى "جىممىدە" تۇراتتى . زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر بېشىدىكى تۇغ ـ شەدىلەر سۈكۈتكە چۆككەنىدى . سۇپسۇزۇك كۆكنىڭ سوغۇق ، ئەمما ساپ ھاۋاسى تومۇر ـ تومۇرغا يامراپ كىرىپ ، تەنگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى .

ئايزۆھرە خانىم ياقۇپنىڭ قەبرە بېشىغا يەنە كەلدى . ئۇ بېشىغا كۆل رەڭ يۇڭ رومال ئورىۋالغان ، ئۇستىگە مېغىز رەڭ قاما ياقىلىق ، پور رەڭ دراپ پەلتو كىيىۋالغانىدى . چاچلىرى پاكىز ، رەتلىك تارالغان ، ئۇزايىدىن بىر خىل تېتىكلىك ، ئۈمىدۋارلىق ئۇقچۇپ تۇراتتى .

ئۇ قەبرە بېشىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . . .

## 2

— يېڭى يىشىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، جېنىم! سىز بىلەن يەنە مۇڭداشقىلى كەلدىم.

— ئوبدان قىپسىز، رەھمەت سىزگە! مەنمۇ سىزنى سېغىنىپلا تۇراتتىم... ھە راست، «بىتىم» دىن كېيىن كۆڭلىرىڭىز قانداق بولدى؟

— سابىتوف، سىدىق بارات، ئىسھاقجان، ئابدۇغوپۇرجانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتقۇچى بولدۇم. مەن چوپان تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانىدىم. بار زېھنىمنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىدىم. ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشلىسەممۇ ھېرىش - چارچاش ھېس قىلمايتتىم. كۈندۈزلىرى مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسام، كەچ - ئاخشاملىرى مەھەللە كويدىكىلەرنىڭ ساۋادىنى چىقىراتتىم. ئىلىم پەن يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. دۇنيا ۋەزىيىتىنى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى... تونۇشتۇراتتىم. بۇمۇ بىر جەڭگاھ ئىدى؛ كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، خۇراپاتلىق بىلەن تەرەققىيات، جاھالەت بىلەن مەرىپەت ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىز، ئەمما شەرەپلىك جەڭگاھ ئىدى. شۇڭا مەن يەنىلا فرونتتا ئىدىم.

بىراق، مېنىڭ بۇ جەڭگىۋار ھاياتىم ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

يازلىق تەتىلدە ”ئانار بازىرى“ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلار

كۈرسى ئېچىلغانىدى . مەنمۇ شۇ كۈرسقا قاتناشقانىدىم . كۈرسىمىز بەش ـ ئالتە كۈن تىنچ خاتىرجەم ئۆتتى . ئىككىنچى ھەپتىسىلا مەكتەپ دەرۋازىسىغا پوستلار قويۇلدى . خالىغانچە چىقىپ ـ كىرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتۇق .

— ماۋۇ سىزنىڭ باغىڭىزمىكەن ، ئايزۆھرە ، — دېدى بىر كۈنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ، قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن بىز بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلغان سىدىق بارات .

مەن باغاقنى ئېلىپ چاققانىمنە كۆز يۈگۈرتتۈم ـ دە ، ھەيران قالدىم . چۈنكى مېنى ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئابدۇلئەھەد خېلىلوف ئىپتارغا چاقىرغانىكەن . قىزىق يېرى شۇ ئىدىكى ، ئۇ بىزنى ئىپتارغا ئۆيىگە ئەمەس ، يامۇلنىڭ بېغىغا چاقىرغانىدى .

— ئەجەب ، بىزنى ئىپتارلىتىدىغان ئادەم ئۆيىدە ئىپتارلاتماي . . .

— ئۆيۈمگە پېتىشمايدۇ ، دېگەندۇ ھەقىچان ، — دېدى سىدىق بارات ، — ھاۋالىق ، كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرسۇن دەپ ، باغنى جابدۇغان گەپ . كەچتە بىر يەرگە كېتىپ قالماڭ ، بىللە بارىلى .

— مەن بارمايمىكى ، — دېدىم مەن . راستىنى ئېيتقاندا ، مېنىڭ بارغۇم يوق ئىدى . چۈنكى مەن ئويلاپ قالغانىدىم :

”سىدىق باراتنىغۇ ‹مۇدىر› دەپ چاقىرغاندۇ ، مېنى نېمە دەپ چاقىرىدۇ ؟“

— نېمىشقا ؟

— ھېچ شۇ . . .

— ھاكىم بىزنى ئادەم ئېيتىپ چاقىرسا ، بارمىساق . . .

بارمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ خاپا بولمامدۇ؟ ھاكىم بىزنى ئۆز، يېقىن كۆرۈپ چاقىرغان گەپ. نېمىلا دېگەنبىلەن بىز كونا سەپداش، كونا ئىنقىلابچىلار ئەمەسمۇ . . .

سىدىق بارات ماڭا ئىنقىلابىي ھاياتىمنى ئەسلىتىپ قويىدى.

”ئاھ، ھۆررا سادالىرى ئىچىدە ئاتاكىغا ئۆتۈش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىدى ـ ھە!“

مەن ئاخىر ماقۇل بولدۇم.

ياتىقىمدا شېئىر يېزىپ ئولتۇرسام (مەندىكى بۇ دەسلەپكى شېئىرىي تۇيغۇلارنى سىز، ئوتلۇق قوشاقلىرىڭىز، ۋاقىتسىز ئۆلۈمىڭىز، ئەلڭ توغرىسى ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭىز ئويغاتقانىدى)، سىدىق بارات مېنى چاقىرغىلى كىرىپتۇ. ئىلاجىسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم.

بۇ، 1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى (رامىزانىنىڭ يەتتىنچى كۈنى) ئىدى. بىز چوغدەك قىزارغان غەربىي ئۇپۇقنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، يامۇل دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق. يامۇلنىڭ ئالدىدا ـــ ئۇدۇلىدا قېلىن ھەم ئېگىز جاۋبى تام بار ئىدى. بۇ تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارا سىر بىلەن سىرلانغان رېشاتكىلىق، قانىتى يوق، يايپاڭ شەكىلدە دەرۋازا، جاۋبى تامنىڭ ئارقا تەرىپىدە ”ياموُل ئالدى مەسچىت“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەسچىت بار ئىدى. ياموُل ئالدىدىكى بوش يەردە بازار كۈنلىرى مەدداھ ـ ۋائىزلار، مىسكىن سازەندىلەر سورۇن تۈزۈپ، مەدداھلىق قىلىشاتتى، ئاخىردا دۇئا قىلىپ پۇل تىلىشەتتى. ساتىراشلار ۋە ھەر خىل ئوقەتچىلەر ئوقەت قىلىشاتتى. ھازىر ئوقەتچىلەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. لېكىن

ۋائىــزلارنىڭ ۋائىزلىقى ، سازەندىلەرنىڭ ئېزگۈ كۈيلىرى راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندى .
ياشقىنا كەلگەن بىر توكۇر راۋابچى راۋاب چېلىپ ، ناخشا ئېيتاتتى :

هاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى ،
قار ـ يامغۇر ياغقىلى .
قانداق چاغدا تۆرەلدۇق ،
بار دەرد بولسا تارتقىلى .

ئۇنىڭ ناخشىلىرى شۇنداق مۇڭلۇق ، يۈرەكلەرنى ئېزەتتى .

كۈي ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندى :
ئوغرى : ”تۇت ، — دەپ ، — ئوغرىنى“ ،
ئۆرۈۋەتتى مورىنى .
كېسەل تۇرۇپ هۆكۈمەت ،
يۇقرا يەمدۇ دورىنى .

”نېمىدېگەن جانلىق سۈرەتلەش ـ هە ! . . .“
— مېنىڭ كېچىكىپ قالىمىز .
سېدىق بارات يېنىمدىن تارتتى ، ماڭدىم . ئۇنىڭ راۋابىنى ، ناخشىسىنى شۇنداق ئاڭلىغۇم ، مۇمكىن بولسا ناخشىسىغا جور بولغۇم بار ئىدى .
ئۇيۇق چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغاندا ، بىز يامۇلنىڭ قاپقارا

سىرلانغان ئالدىنقى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتۇق . ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر دەرۋازا بار بولۇپ ، ئۇنىڭمۇ ئىچىدە دېرىزە ، تـۇۋرۇك ۋە رېشاتكىلىرى قىپقىزىل سىرلانغان ئۈچ قەۋەتلىك راۋاق ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك ئورنىتىلغان ئېگىز بىر خادا بار ئىدى . خادا ئۈچىدا بىر قىزىل پانۇس ئېسىقلىق تۇراتتى . بۇ راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن بازارنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى . مەن قاغىلىق ئازاد بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە بۇ راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ ، شەھەر مەنزىرىسىگە تويماي نەزەر سېلىپ ، جەننەت ساداسىنى ئاڭلىغانىدىم . بۇ راۋاقمۇ ماڭا ھازىرقىدەك مۇدھىش تەسىرات بەرمىگەنىدى .

چوڭ دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدە كىچىك يامۇل بولۇپ ، بۇ يامۇل پەقەت ھۆكۈم كېسىلگەن مەھبۇسلارنى باشقۇراتتى . مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمە مۇشۇ كىچىك يامۇل ئىچىدە ئىدى . بۇ كىچىك يامۇلدىمۇ چوڭ يامۇلغا ئوخشاش ھۆكۈمخانا بولاتتى . چوڭ يامۇلنىڭ بىرىنچى چوڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، چوڭ دەرۋازا ئىچىدىكى ئوڭ ـ سول تەرەپتە راۋاق ، كىچىك يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئىككىنچى چوڭ دەرۋازا ئالدىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھۆكۈم كېسىلمەي ، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرىدىغان گۇناھكارلارنى قامايدىغان گوندىخانىلار بار ئىدى . ئىككىنچى چوڭ دەرۋازىدىن ئۆتكەندە بىرىنچى ھۆكۈمخانىگە كىرەتتى . بىرىنچى ھۆكۈمخانە ئاساسەن قاتىللىق ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ ، قاتىلنى تۇتۇپ كىرگەندە ئامبال مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ۋە قاتىللارغا جازا ھۆكۈم

قىلىدىغان جاي ئىدى. ئىككىنچى چوڭ دەرۋازىدىن بىرىنچى ھۆكۈمخانىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ساقچى ئەسكەرلەر ئەترىتى تۇرىدىغان قاتار ئۆيلەر بار ئىدى. بىرىنچى ھۆكۈمخانىدىن ئىككىنچى ھۆكۈمخانىغا كىرگۈچە ئىككى دەرپەردىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئىككى دەرپەردە ئارىلىقىدا داھىيلارنىڭ ئىشخانىسى بار ئىدى. ئىككىنچى ھۆكۈمخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە شەرقىي گۈلباغ، غەربىي گۈلباغ دەپ ئاتىلىدىغان ھويلىلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى قاتارلىق ئىشخانىلىرى بار ئىدى. ئىككىنچى ھۆكۈمخانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئامبال ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى تۇرىدىغان ھويلا، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن يامۇلنىڭ چوڭ بېغى بار ئىدى.

بىز شۇ چوڭ باغقا كىرىپ كەلگەندە، ئىپتارچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىپ بولغانىدى. ئىپتارغا خېلى ۋاقىت بولغاچقا، ھەممىسى ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. مەن سېدىق بارات بىلەن بىر يەردىلا ئولتۇردۇم - دە، ئىپتارچىلارغا نەزەر سالدىم. ئىپتارغا مائارىپچىلار، سودا - سانائەتچىلەر، بەگلەردىن بولۇپ، يۈزگە يېقىن ئادەم چاقىرىلغانىدى. مەن ئەتراپىمغا كۆز تاشلىدىم. بۇ ئىپتارلىق زىياپەت سورۇنىنى بىر خىل سىرلىق پەردە ئوراپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم؛ بۇ خاسىيەتلىك سورۇننى ئوراپ تۇرغان سىرلىق پەردىنىڭ ئارقىسىدا بىر قاباھەت كۆلەڭگىسىنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەندەك بولدۇم. چۈنكى تۆت ئەتراپىمىزدا قوراللىق ئەسكەرلەربىزنى ”مۇھاپىزەت“ قىلىپ تۇراتتى. دىنىي پائالىيەت

سورۇنلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، قوراللىق باشقۇرۇش كېتەمدۇ؟ ...

يۈرىكىمگە ماسلىشىپ ئۈزۈملەر، ئۆرۈكلەر، ئالمىلار ... نىڭ يوپۇرماقلىرى ئەنسىز شىرىلدايتتى. بېقىنىمۇ ئەنسىزغىنە نوقۇلدى. مەن سېدىق باراتقا قارىدىم. ئۇمۇ تۇيۇپ بولغانىكەن، ئەنسىز پىچىرلىدى:

— بىز چىقىپ كېتىلى، مەن چىققاچ تۇراي، سىز كەينىمدىنراق چىقىڭ.

ئۇ پەم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەنمۇ كۆپ ئۆتكۈزمەيلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. ئۇ مېنى دەرۋازا تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. سىرتقا ماڭدۇق.

— نەگە بارىسىلەر؟ — قاراۋۇللار ئالدىمىزنى توستى.

— چىقىپلا كىرىمىز.

— بولمايدۇ، ھاكىم ئىپتاردىن بۇرۇن ھېچكىمنى چىقارماڭلار، دېگەن، بۇ بۇيرۇق.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق.

— مېڭىڭ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقىلى، نېمە ئىش بۇ زادى.

بىز ھاكىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدۇق، يەنە قاراۋۇل توسۇۋالدى. سېدىق بارات گەپنى ئوخشاتتى:

— ھاكىم بىزنى چاقىرىپتىكەن، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭ.

قاراۋۇل ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى.

— كىرىڭلار .

بىز ئىشخانىغا كىردۇق . دېموكراتىك سايلامدا ھاكىملىققا سايلانغان ئابدۇلئەھەد خېلىلوف چىرايى تولغان ھالدا ئىككى ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى . بىز ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتۇق .

— خېلىلوف ، بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سورىدى سىدىق بارات .

خېلىلوف ئۇندىمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى . بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ، گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ خۇپىيانە پىلانلىغان بىرەر شۇملۇقىنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋالغاندۇق .

— بۇ تەڭگىلەرنى بالا - چاقىلىرىمغا بېرىپ قويۇڭ ، — دېدى سىدىق بارات ھاكىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان مېھمان تۇرسۇن دېگەن كىشىگە ، ئون نەچچە كۈمۈش تەڭگىنى تەڭلەپ .

بۇنى كۆرۈپ خېلىلوفنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى . مەنمۇ يېنىمدىكى ئون ئۈچ سەر كۈمۈش تەڭگىنى ھېلىقى كىشىگە تەڭلىدىم .

— بۇنىڭدىن ئۈچ تەڭگىنى يامۇل ئالدىدىكى توكۇر راۋابچىغا ، ئون تەڭگىنى قوشراپنىڭ بۇقاتامدىكى زىۋىدىخان دېگەن تۇل خوتۇنغا بېرىپ قويۇڭ .

ئۇ تەڭگىلەرنى ئالدى . مەن ئەسكەرتىپ قويدۇم :

— بىراق ھەرگىزمۇ مېنى ئەۋەتتى ، دېمەڭ .

ئىشخانىنى سۈكۈت باستى .

— مېنى . . . مېنى كەچۈرۈڭلار ! . . .

ئۇ ئازابلىق ئۆتۈندى . بىز ئۇنى كەچۈردۇق ، تامامەن كەچۈرۈۋەتتۇق ، چۈنكى . . . لېكىن . . .

ئىشخانىغا "ئانار بازىرى" مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنىڭ مۇدىرى ، ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۈي جىجۇڭ (ئۇيغۇرچە قويۇۋالغان ئىسمى سۇلايمان ) كىرىپ كەلدى . ئۇ خېلىلوفقا قاراپ :

— ئ — سپتار ۋاقتى بولۇپ قالدى . ئەمدى داستىخان سالىلىمىكى ، — دېدى ، ئاندىن بىزگە قاراپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى . ،

بىزمۇ ئۇنىڭغا روھىي غالىبلىق بىلەن قاراپ قويدۇق - تە ، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەردانە قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتۇق .

بىز ئورنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردۇق . ئىپتارلىق غىزانىڭ تەييارلىنىشى تولىمۇ ھەيران قالارلىق بولۇپ ، بىر تەرىپىنى ئۇزۇم بارىڭى ، ئىككى تەرىپىنى قويۇق دەرەخزار قاپلاپ تۇرىدىغان زىياپەت مەيدانىدىكى شىرەلەرگە باشتىن - ئاخىر ئۆپكە - ھېسىپلارلا تىزىلغانىدى . شۇنچە كۆپ ئۆپكە - ھېسىپلارنى كىملەر ، قانداق قۇيۇپ بولدىكىن ؟

ئىپتار قىلىش باشلاندى . قۇلاقتەكتىن تەگكەن ئۆپكە - ھېسىپ بىلەن ئىپتار قىلدۇق . گازۋاي چىراغلار سورۇننى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى . ھاۋا تولىمۇ دىمىق ، پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان بەتبۇي پۇراق كۆڭۈلنى ئېلىشتۇراتتى . مەن يېڭى قىسمەتلىرىم ھەققىدە تەسەۋۋۇرغا كەتكەنىدىم .

— بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىگىرىن ئەپەندىنى ئىككى ئېغىز

سۆز قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى ! — دېدى بىر چاغدا بىرى .
ئۇيەر - بۇيەردىن بوش - بوش ئۇرۇلغان چاۋاكلار كۆتۈرۈلدى .
مەن خىيالدىن ئويغىنىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم .
ئۇدۇلىمىزدىكى ئۇستەلدە ئوتتۇرا بوي ، شۇنداق ئورۇق ، پەي - پاتاڭ ، قارا چىراي ، كۆزلىرى كىچىك ، ئەمما تولىمۇ چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر ئوفتسېر بىزگە سورلۇك قىياپەتتە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ، مۇغەمبىرانە تەبەسسۇم بىلەن سۆز باشلىدى :
— كۆپچىلىك ، سىلەر ناھىيە بازىرىدىكى" ئوردا كۆلى" نى ئوبدان بىلىسىلەر ، ھازىر ئۇ كۆلدە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مىكروبلىرى كۆپىيىۋېتىپتۇ . ئەگەر ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ تازىلىمىساق ، بازار ئاھالىسى ئىچىدە كېسەللىك يامراپ كېتىدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ - ھە ؟
سېدىق بارات بىلەن بىر - بىرىمىزگە قاراپ مىيىقىمىزدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇشتۇق . چۈنكى تاڭ جىگرىن دەۋاتقان كېسەللىك مىكروبلىرى ئەلۋەتتە ، بىز ئىدۇق ، بىراق بۇنى چۈشەنمىگەن يېتىملىقۇم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئابدۇلرېشىت قۇددۇس جاۋابەن مۇنداق دېدى :
— جانابلىرى ، مىكروبنى تازىلايمىز دېسەك ، مىكروب پەيدا قىلمايدىغان مۇھىت يارىتىشىمىز لازىمدۇر . ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇنداق مۇھىت يارىتىلىپ بولدى . بىز بولساق نە ھالدا تۇرۇۋاتىمىز ؟ ھېچقانداق تەرەققىيات بولمايۋاتسا ، بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە مىكروب پەيدا بولماي قالامدۇ ؟
نېمىلا دېگەنبىلەن ئابدۇلرېشىت قۇددۇس يۈرەكلىك گەپ

قىلغانىدى . تاڭ جىگىرىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ "ياخشى ! . . . ياخشى ! . . ." دېگىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا غۇلغۇلا پەيدا بولدى ؛

— قانداق نېمە بۇ ، ئالىجوقىلا گەپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى - يا .

— بۇ ئىپتارلىق زىياپەتمۇ ياكى يىغىنمۇ ؟

— بۇ قانداق زىياپەت ، ھە ؟ ئۆپكە - ھېسىپتىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىسا .

— ئۆپكە - ھېسىپ بولسىمۇ ، قورساق تويغۇدەك بولسىغۇ مەيلىدى .

— گۆشنى ئەپچىقار ئەمدى .

— ھازىر ئەپچىقارمىكى .

— . . .

تالاش - تارتىشلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزۈم كەستىم :

— ھەئە ، ئەپچىقىدۇ ، تېخىمۇ ئاچچىق - چۇچۇكلىرىنى ئەپچىقىدۇ تېخى !

ھەممىسى "جىممىدە" بولۇپ قېلىشتى ، خۇددى قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا . لېكىن بۇ جىملىق ئۇزاققا بارمايلا تەشۋىشلىك پىچىرلاشلارغا ئايلىنىپ كېتىۋىدى ، قۇلاقنى يارغۇدەك بىر پۇشتەك ئاۋازى بىلەن يەنە ئۇجۇقۇپ كەتتىم .

— ھەممىڭ قولۇڭنى شىرەگە قويۇش !

بۇ بۇيرۇق ھەممە كۆزلەرنى چەكچەيتىۋەتتى . بۇ سۆز يەنە بىر تەكرارلىنىۋىدى ، قوللار ئالاقزادىلىك ئىلكىدە شىرەگە

قويۇلدى ـ دە ، تىترەككە چۈشتى . لېكىن تىترىمىگەن قوللار تىترىگەن قوللارغا قارىغاندا يەنىلا جىق ئىدى . بۇ تىترىمىگەن قوللارنىڭ ئىگىلىرى تۆت ئەتراپىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالىغانىدى ، بۇ تىترىمىگەن قوللارنىڭ ئىگىلىرى ئۆزۈم بارىكى ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇشقان مىلتىق ، پىلىموتلارنىڭ ئىستوۋۇللىرىنى كۆرەلىگەنىدى .

تۇتقۇن قىلىش باشلاندى . ” ئانار بازىرى“ مەكتەپتىن سىدىق بارات ، مامۇت توختى ، نامەت ئىسلام ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئىسھاقجان[1] ، دوختۇر ئابدۇغوپۇرجان ، ھەبىبۇللا موھىدىن ، مۇسا ئىبراھىم ، مەن قاتارلىق 13 كىشىنىڭ ئىسمىمىز بىر ـ بىرلەپ ئېلان قىلىندى . ئىسمىمىز ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭلا قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قوللىرىمىزنى باغلاپ ، كۆزىمىزنى تېڭىپ ، بىر ـ بىرىمىزگە چېتىپ ئېلىپ مېڭىشتى . مەن بىزنى باغنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئېلىپ چىققانلىقىنى سېزەلىدىم . ئەگەر ئوڭ تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا ، گومىنتۇەنگە ، سول تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا ، بىرىگادا شتابىغا ئاپىرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . بىز سول تەرەپكە ئېلىپ مېڭىلدۇق .

مەن ئېلىپ مېڭىلىش جەريانىدا ئالدىمدىكى سىدىق باراتقا

---

① بۇ ئادەم 1949 ـ يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان .

قەستەن ئۆرۈلۈپ ، يۈزۈمنى دۈمبىسىگە ، دولىسىغا سۈركەپ كۆزۈمنىڭ ئازراق يېرىنى ئېچىۋالغانىدىم . ئۇلار بىرىگادا شتابىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئابدۇغوپۇرجان ، ھەبىبۇللا موھەممەدىن ، مۇسا ئىبراھىملارنى شتاب تۇرمىسىگە ئەكىرىپ كەتتى . قالغان ئون بىرىمىزنى تاغارغا سولاپ ، ھارۋىغا ئوتتۇندەك باستى - دە قايا قىمدۇر ئېلىپ مېڭىشتى . مەن قەيەرگە كېتىۋاتقانلىمىزنى ئاڭقىرالمىدىم . بىر چاغدا تاغاردىن چىقىرىلدۇق . مەن يەنىلا ئەتراپىمنى كۆرۈپ تۇراتتىم . ئۇلار بىزنى باتالىيون شتابىغا ئېلىپ كەپتۇ . بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك مەھبۇسلار شىركىتىنىڭ قورۇسى ئىدى . ئۇلار بىزنى يەرلىك مەھبۇسلار شىركىتى ئەينى چاغدا كۆكتات ئامبىرى قىلغان قاراڭغۇ بىر يەر ئاستى ئۆيگە سولىۋېتىشتى - دە ، كۆزىمىزنى يېشىۋەتتى . بۇ ئامبارنىڭ تورۇسى تولىمۇ پەس بولۇپ ، ئادەم ئۆرە تۇرغىلى بولمايتتى .

## 3

مەن ئۇلار بىلەن يانداش ئامبارغا — كامېرغا سولانغانىدىم . ئوتتۇرا تام تولىمۇ ئاجىز بولۇپ ، چالمىلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . يالغۇز يېتىپ زېرىككەن ئىدىم . شۇڭا ئاجراپ قالغان بىر چالمىنى بىر تارتىۋېدىم ، ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك كامار پەيدا بولدى . مەن ئاشۇ كاماردىن خۇددى مۇشۇكتەك ماراپ ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولاتتىم ، مۇڭدىشاتتىم .

ئىككى كۈندىن كېيىن سىپىمىزگە بەشكەنتاغدىن تۆتۆپ كېلىنگەن ئىككى ھەمراھ قوشۇلدى . ئۇنىڭ بىرى شاشىم ھېسامىدىن ، يەنە بىرى ، ھەسەنبەگ ئىدى . بىز ئۇلار بىلەن ، بولۇپمۇ ، ھەسەنبەگ بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشتۇق . كامېرداشلارنىڭ ياشلىرى قوشۇلۇپ كېتىشتى ، يۈرەكلىرى ، ھېس - تۇيغۇلىرى ، ئارزۇ - ئىستەكلىرى قوشۇلۇپ كەتكەندەك . بىز بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىشىپ ، يىغىدىن ئاران - ئاران توختاشتۇق .

— ھەسىنىكا ، — دېدى دەسلەپكى كۈنى تورۇسقا ئۇسۇپ سىلىپ پۇتاق چوقىسىنى يېرىپ قويغان باۋۇدۇن ئابدۇللا ، — سىلە قانداق بولاپ بۇ غالچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىلا ؟

— بىژ كۈنى ، — دېدى سۆزنى باشلىدى ھەسەنـ بەگ ، — باغدا ئۆرۈك يەپ ئولتۇرسام ، كىچىك ئوغلۇم بىژ پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ . ئوقۇپ باقسام : ”بەگ ئاكا ، سىزنى تۇتماقچى ، دەرھال قېچىڭ“ دېگەن خەتكەن . ئېتىمنى توقۇپ تۇرۇشۇمغا ، چېرىكلەر كېلىپ قالدى . قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم . ئوغلۇمغا :

— ئاتنى چاققان ئېغىلغا ئەكىرىۋەت ، مېنى سورىسا ”چۆپكە كەتكەن“ دەپ قويۇڭلار ، — دېدىم - دە ، ئۆيگە ئېتىلىپ كىردىم . مۆككۈدەك يەرنىڭ تايىنى يوق . ئاخىر ناھايىتى يوغان بىر كۆپىمىز بولىدىغان ، ئىچىگە كىرىۋالدىم . خوتۇنۇم ئۈستىگە بىر پۇچۇق كاساڭنى يېپىپ قويدى - دە ، چىقىپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا چېرىكلەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىشتى - دە ، ئۆينى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىشتى ، تاپالمىدى . ”خۇداغا شۈكۈر ،

ھەرنېمە بولسا قۇتۇلۇپ قالدىم“ دەپ ئويلاپتۇرسام ،”پاتقىدە“ قىلىپ ئوق چىقىپ قالدى . ”ئۇلار بالا ـ چاقىلىرىمنى سوراق قىلىپ قورقىتىۋاتقان ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە ھاي بەردىم . لېكىن زادىلا خاتىرجەم بولالمىدىم . ئاخىر تەشۋىشلىنىپ كۆپتىن پەم بىلەن چىقتىم ـ دە ، پەنجىرىدىن ماردىم .

— دادالڭ نەدە ؟

— چۆپكە كەتكەن .

ئۇلار ئوغلۇمنى سوراق قىلىۋاتاتتى . مەن ئۇلارنى تازا ئېنىق كۆرەلمىسەممۇ ، لېكىن گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتىم .

— يالغان سۆزلىمە !

— راست شۇ .

ئوغلۇمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇلار قىيناشنى باشلىغانىدى . يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ ، تېنىم سىرقىراپ كەتتى . زادىلا چىدىيالمىدىم . بىرەر شۇملۇقنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ :

— مانا مەن ! — توۋلىغىنىمچە ئىشكتىن ئېتىلىپلا چىقتىم . ئەمما كېچىكىپ قاپتىمەن . سوراقچى چېرىك تەپكىنى بېسىۋەتكەنىدى . ئوغلۇم ئوڭدىسىغا ياتاتتى . كۆكسىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . قۇچىقىمغا ئېلىپ ، باغرىمغا باستىم . قان ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئەمەس ، مېنىڭ كۆكسۈمدىن چىقىۋاتاتتى .

— بالام ! . . . قوزام ! . . . جىگىرىم ! . . . ، — مەن يىغلايتتىم ، ئاھ ئۇراتتىم ، يۈزلىرىمنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۈركەيتتىم ، پېشانىلىرىگە ، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىگە سۆيەتـ

تىم ، ــ مېنى كەچۈرگىن ، بالام ! داداڭنى ، قورقۇنچاق داداڭنى كەچۈر ! . . .

ئۇلار مېنى سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى . ئوغلۇم خوتۇنۇمنىڭ قۇچىقىدا مېنى ئۇزىتىپلا قالدى ؛ يۇرتداشلىرىم كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ئۇزىتىپ قالدى .

يۈز ـ كۆزلىرىم ، كىيىم ـ كېچەكلىرىم ئوغلۇمنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى ؛ باغرىم ، جىگىرىم ، يۈرىكىم ئوغلۇمنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى .

”نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەسلەپىدىلا مەردانىلارچە چىقالمىغاندىمەن؟ نېمىشقا توشقاندەك مۆكۈپ ياتقاندىمەن؟ نېمىشقا ، زادى نېمىشقا ـ ھە !؟ مەن شۇنداق قورقۇنچاق ئادەممىدىم؟ ! . . .“

ئۇلار مېنى دارقىرىتىپ سۆرەيتتى ، مەن شۇنداق ئويلاپ ھەسرەت چېكەتتىم ، ئاھ ئۇراتتىم ، خۇداغا نالە قىلاتتىم . . .

ھەسەنبەگ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى ؛ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتى . بىزمۇ ئۆزىمىزنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاشتۇق . يىغلاپ تۇرۇپ ھەسەنبەگكە ، بىر ـ بىرىمىزگە تەسەللى بېرىشتۇق ؛ يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلەشتۇق ؛ يىغلاپ تۇرۇپ : ”ئەخمەتجان ، سىز نەدە؟ سىز ھازىر نەدە؟ ! نېمىشقا سىز «بىتىم» گە قول قويدىڭىز؟ نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟ مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ـ ھە؟ بىز تىنچلىق ئۈچۈن ساختا تىنچلىققا قارشى كۈرەش باشلىغان ، قان كېچىپ كۈرەش قىلغان ئەمەسمىدۇق؟ ! . . .“ دەپ خىتاب قىلىشتۇق ؛ يىغلاپ ، بۇنداق

ساختا «بىتىم» نى قارغاشتۇق . كامىرنى ، قاراقۇرۇمنى ، خالاستان ، زەرەپشان ۋادىسىنى ، پۈتۈن دۇنيانى قارغاش ۋە ھەسرەت - نادامەتنىڭ ئاچچىق پىغانى قاپلىغانىدى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە ئىككى نەپەر ئىنقىلابچى سېپىمىزگە قېتىلدى . ئۇنىڭ بىرى ، تۇردى قاربەگ ، يەنە ھاشىم خۇيجاڭ ئىدى .

— بۇ ، «بىتىم» دىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىشىم ، — دەپ كەچۈرمىشلىرىنى باشلىدى ھاشىم خۇيجاڭ ، — بولتۇر پۇقراچە كىيىنگەن ”توقماقچىلار گۇرۇپپىسى“ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانىدىم . . .

ھاشىم خۇيجاڭ بېشىنى تامغا تىرەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە ئۈچ ئېلىش ئۇسۇللىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى . ئۇلار دەسلەپ «بىتىم» گە ئاشكارا ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلالماي ھەربىي ساقچىلارنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ، يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان جەڭچىلەرنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ئۈچىنى ئالغانىدى . تاياق زەربىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ، تاغ - تۇرالارغا ، يىراق - يېقىنلارغا قېچىپ كېتىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى . خەلق شۇڭا ئۇلارنى ”توقماقچىلار گۇرۇپپىسى“ دەپ ئاتاشقانىدى .

— ئۈچ ئاي تۈرمىدە قاتتىق سوراق قىلىندىم ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھاشىم خۇيجاڭ ، — ئون بىرىنچى ئايدا مېنى ساقچى تۈرمىسىدىن ھەربىي تۈرمىگە يۆتكەپ ئېلىپ مېڭىشتى . بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تاپقان ھىيلە - مىكرى ئىدى . چۈنكى مەن گۈندىپايدىن ، بۇرھان

شەھىدىنىڭ دېموكراتىك سايلامغا نازارەت قىلىش ۋە «بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرگىلى يەكەنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم . بەختىمگە يارىشا ، يېرىم يولدا بىز بۇرھان شەھىدىنىڭ ماشىنىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق . ماشىنا "شىپپىدە" توختىدى ـ دە ، ئىچىدىن سالاپەتلىك بىر كىشى ۋە بىرقانچە ساقچى ، ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن چۈشتى . بىزنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ۋە ماشىنىدىن چۈشكەن ساقچىلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى . يېنىمدىكى ھەمراھىم ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىنى تونۇيدىكەن ، ئۇ بېقىنىمغا نوقۇپ :

— ئۇ بۇرھان شەھىدى ، — دەپ شىۋىرلىدى .

بۇنى ئاڭلاپ قېنىم كۆۋەجەپ ئاقتى ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ ، روھىم "لەسسىدە" كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە :

— بۇرھان ئەپەندى ، — دەپ توۋلىدىم ، — مەن ھاشىم خۇيجاڭ ، جەنۇبىي فرونت ئۇيغۇر ئون بەشىنچى ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى !

بۇرھان شەھىدى مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ ھېلىقى ساقچى ، ھەربىي ئەمەلدارلارغا قاراپ ، تەئەددى بىلەن :

— سىلەر «بىتىم» نى مۇشۇنداق ئىجرا قىلامسىلەر؟ ! — دېدى .

ئۇلار "ئىتى ـ مىتى" دەپ كېكەچلىشىپ ، قىلغىلى سۆز ، قىلىق تاپالماي قېلىشتى . قولۇمدىكى كويزا شۇ يەردىلا ئېلىۋېتىلدى .

بۇرھان شەھىدى مېنى قەشقەرگە ئاپىرىپ ، ۋالىي

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ يېنىدا پاناھلىنىشقا قويۇپ قويدى . لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر شەھىرىدە گومىنداڭغا قارشى نامايىش كۆتۈرۈلدى .

— ساقچى دائىرىلىرى بۇ نامايىشنى سىزنى پىلانلىغان ، دەپ قاراپ ، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپتۇ ، — دېدى بىر كۈنى ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ، — كەچۈرۈڭ ، سىزنى قوغداپ قالالمايدىغاندەك قىلىمەن . دەرھال ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ .

ۋالىي كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلغانىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ مېنى يەنە قوغداپ قالالمايتتى . شۇڭا ، ۋالىي يوللۇق تۇتقان ئوتتۇز سەر تەڭگىنى يانچۇقۇمغا سالدىم - دە ، ۋالىيغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ، قەلەندەرچە ياسىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقتىم . قاغىلىققا كېلىپ ، سايباغدىكى ئۆيۈمدە ئۈچ ئاي مۆكۈپ ياتتىم . جاھان تىنچلانغاندەك بولدى . سىرتلارغا چىقتىم . ئۈچ - تۆت كۈن ئوچۇق - ئاشكارا ، ئەركىن - ئازادىمۇ يۈردۈم . نەۋرەمنىڭ خەتنە تويىنى قىلماقچى بولۇپ ، قاغىلىق بازىرىدىكى دوست - يار ، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىمغا باغاق تارقىتىش ئۈچۈن بازارغا كىردىم . ئەمدىلا تاختا كۆۋرۈككە كەپتىم ، ساقچىلار ئالدىمنى توسۇپ يېنىمنى ئاختۇرۇشتى .

— بۇ نېمە ! ؟ — دەپ ۋارقىرىدى شۇ يەردىلا ساقچىلارنىڭ بىرى ، يانچۇقۇمدىكى باغاق بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

— نەۋرەمنىڭ خەتنە تويىغا قىچقىرىلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى ، — دېدىم مەن ، — باغاق سېتىۋېلىپ ، يېزىپ تارقىتىۋېتەي ، دەپ كىرگەن .

تىزىملىكتە تۇردى قارىبەگ، سىدىق بارات، ئىسھاقجان، ئابدۇغوپۇرجان قاتارلىق ئىنقىلابىي دوستلىرىمنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ماڭا قەتئىي ئىشەنمىدى.

— بۇ تىزىملىككە غىچلا تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپسەنغۇ؟ سەن مۇشۇلارنى يىغىپ تەشكىللەپ، قايتا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— ياق...

— ماڭە

سوراقچى گەدىنىمگە كېلىشتۈرۈپ "قاسىدە" بىرنى قويدى. ئالدىمغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى. تۈرمىگە تاشلاندىم. قاتتىق سوراق قىلىندىم، قىينالدىم. (1947 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىرى جاڭ جىژجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىلەر كەلگەنىكەن. «11 بىتىم» نىڭ روھى بويىچە يەنە قويۇپ بېرىلدىم

مەن ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالىغىنىمغا، ھاياتىمنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدىم، شۇڭا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ياردىمى بىلەن غۇلجىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئايالچە ياسىنىپ، يۈزۈمگە چۈمبەل تارتىپ، خىزمەتچىمنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئەمدىلا چاچقۇمغا بارغاندا، ئالدىمىزغا شارقومۇشنىڭ بېگى نەزەربەگ ھاجىم ۋە ئۇنىڭ مىرزىسى ھېزىم ئىسلام قاتارلىقلار ئۇچراپ قالدى. ئۇلار خىزمەتچىمنى تونۇپ قېلىپ، بىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ساقچىلارغا

خەۋەر قىلىشتى . شۇنداق قىلىپ يەنە قولغا چۈشۈپ قالدىم . . .

كامېرنى سۈكۈت باستى . ھەممىسى بېشىنى تامغا تىرەپ ، قاپقاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشتى . مەنمۇ ئولتۇرۇپ تامغا يۆلەندىم

تۆردى قاربەگنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ ، خوتۇنى مەرەمنىسا سەلەينىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا چۈشۈپ قاپتۇ . مەرەمنىسا سەلەي ، ھاشىم خۇيجاڭنىڭ ئايالى نۇرنىسا سەلەينىڭ سىڭلىسى بولۇپ ، كۆرس جەريانىدا بىر ئايال ئوقۇتقۇچىدىن ئۇنىڭ ساقچى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق يىرگەنگەن ، غەزەپلەنگەنىدىم . مانا ئەمدى ئۇنىڭ تۆردى قاربەگنىڭ سۇلتانئېرىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ساقچىلارغا ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندىم ، تېخىمۇ يىرگەندىم . يەتمىش پۈشتىغىچە تىللاپ ـ قارغاپ ، ھاقارەت ، نالەت ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلىدىم . مۇمكىن بولسا ، تۆرمىدىن چىقىپلا ئۇنى بوغۇزلىۋېتەتتىم ، چايناپ ـ چاينىپ پۈركىۋېتەتتىم . شۇنداق قىلسام دەردىم چىقارمىكىن ؟

## 4

بىر ھەپتە جەريانىدا جاڭ فامىلىلىك سوراقچى تەرىپىدىن ئىككى قېتىمدىن سوراق قىلىنىپ ، باش ـ كۆزىمىزنى

ياردۇرۇپ، ئەت - يېنىمىزغا سىم قامچىلارنىڭ ئىزىنى سالدۇرۇپ بولغانىدۇق . ئۇلار بىزنى ” قايتا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىمىز . . . “ غا ئىقرار قىلدۇرماقچى بولۇشاتتى . بىراق بىز ئىقرار قىلمايتتۇق . چۈنكى بىز قايتا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدۇق ؛ بىز «بىتىم» گە ساداقەت بىلەن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتۇق ؛ «بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتۇق .

بىز ئەنە شۇنداق سەۋرچان ئىدۇق !

لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئىقرارىمىزدىن پايدىلىنىپ «بىتىم» گە زور كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىزنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، ساختا تىنچلىق پەيدا قىلىشقا، ھەتتا بۇنداق ساختا تىنچلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشقا، كۈچەيتىشكە ئالدىراۋاتاتتى .

سوراق، قىيىن - قىستاق، ۋەھشىيانە قىيناشلار داۋاملىشىۋەردى . بىز سوراقخانىغا ئىتتىنىك، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرىپ، كامېرغا قانغا بويىلىپ ئۆمىلىگەن، ئىڭراشقان پېتىمىز قايتىپ كىرەتتۇق . بولۇپمۇ، تۇردى قارىبەگ بىلەن ھاشىم خۇيجاڭ ھەر قېتىملىق سوراقتىن ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن، كۆز - قۇلاقلىرىدىن قان تامچىلاۋاتقان ھالدا كامېرغا ئۆمىلىگەن پېتى قايتىپ كىرەتتى . بىز بۇنداق چاغلاردا قەپەستىكى شىردەك ھۆركىرەپ، ئارسلاندەك قۇتراپ كېتەتتۇق . لېكىن بۇ ھۆركىرەش، قۇتراشلىرىمىز ھازىر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى . ئەرزىيدىغىنى پەقەت ۋە پەقەت روھىي غالىبلىقىمىز ئىدى !

شۇنداق، روھىمىز غالىب ئىدى ! جۇشقۇن، ساغلام

روھىمىز غالىبانە كۈلەتتى ! بىز ناخشا ئارقىلىق روھىي غالىبىيىتىمىزنى ، غەزەپ ـ نەپرىتىمىزنى ، ئۈمىد ـ ئىستەكلىرىمىزنى ئىزھار قىلاتتۇق . دۈشمەن ناخشا ئوقۇشىمىزنى دەسلەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، چىچاڭشىپ چەكلىگەن ، كېيىن چەكلەپ بولالماي ھەم ”بۇ خەق ناخشا ئوقۇشتىن ، ئۇسسۇل ئويناشتىن ، شېئىر يېزىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ ، بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا قولىمۇ كەلمەيدۇ“ دەپ ھېرىپ ، توختاپ قېلىشقانىدى .

— ئايزۆھرە ، شېئىر ئوقۇ ، — دەيتتى تۆردى قارىبەگ ياكى ھاشىم خۇيجاڭ .

مەن ئۆزۈم ئاچقان ھېلىقى تۆشۈكتىن مۇشۇكتەك ماراپ شېئىر ئوقۇيتتۇم :

نىگار ، ئىشقىڭ مېنى ئاخىر تونۇپ قالغانمىكىن دەيمەن ،
قىزىپ كەتتىم ، يۈرەكىمدە قونۇپ قالغانمىكىن دەيمەن .

قونۇپ قالغان بىلەن كەتتى سەھەردە خۇددى مېھماندەك ،
لېكىن يىگىنە ، تىكەن يەڭلىغ سۇنۇپ قالغانمىكىن دەيمەن .

ئازاب-دەردىمنى بىر-بىرلەپ تۆكۈپ گۈلدۈرمىگە ھاردىم ،
دىلىم زەردابقا لەبىبا ـ لەب تولۇپ قالغانمىكىن دەيمەن .

كېتىپ مەشرەپكە شاد ناخشام ، ئەلەم ـ ھەسرەت يۇدۇپ كەلدى .
مۇھەببەت ئەھلى ئالدىدا سۇنۇپ قالغانمىكىن دەيمەن .

لېۋىڭدىن مەي ئىچەلمەي كەتمىسۇن ھەسرەتتە ئايزۆھرە ،
كېلىپ سۆيگىن ، ۋىسال پەيتى بولۇپ قالغانمىكىن دەيمەن .

شېئىرلىرىم كامېرداشلىرىمنىڭ قەلب جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولاتتى ، ئۈمىد بېغىشلايتتى ، ئۆزۈمنىڭمۇ روھىنى ئۇرغۇتاتتى .

ئەزرائىل قۇلىقىمىزغا پىچىرلاپ تۇراتتى ، ئۆلۈم بېشىمىزنى بېسىپ تۇراتتى ، خۇددى مۇشۇ تورۇستەكلا . لېكىن بىز تولىمۇ شوخ ئىدۇق . كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمىز ئۈزۈلمەيتتى . كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايتتۇق ، يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەتتۇق . چۈنكى بىز ھەممىگە تەييارلىنىپ قويغانىدۇق ؛ ھەممىمىز ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ تۇرۇپ بارماقچى ، كۈلۈپ تۇرۇپ كۆرۈشمەكچى ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئامانىتىنى تاپشۇرماقچى ئىدۇق . بىز چوقۇم شۇنداق قىلالايتتۇق . چۈنكى بىزنىڭ روھىمىز ساغلام ، روھىمىز ھەممىدىن غالىب ئىدى . روھى ساغلام ، روھى غالىب كىشىلەرلا ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ تۇرۇپ بارالايدۇ !

— ئايزۆھرە ، ناخشا باشلا ، — دەيتتى كامېرداشلىرىم .
مەن ناخشا باشلايتتىم ، كامېرداشلىرىم ماڭا جور بولاتتى :

قىزىل خوراز چوقۇيدۇ ،
ئاق مېكياننىڭ تاجىسىنى .
خەلقىم چوقۇم بېرىدۇ ،
گومىنداڭنىڭ جاجىسىنى .

تاتلايدۇ يۈزۈمنى ،
ئەسكى تامنىڭ چىتلىرى .
باغلاپ بەرسە تالايدۇ ،
گومىنداڭنىڭ ئىتلىرى .

. . . . . . . . . . . . . . . . .

كامىرنى ، باتاليون شتابىنى ، قاراقۇرۇم ، زەرەپشان ۋادىسىنى ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ، ئۈمىدكە ، غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان ناخشىلىرىمىز قاپلايتتى . بىز شۇنداق جۇشقۇن ناخشا ـ شېئىرلىرىمىز ، غالىبانە روھىمىز بىلەن دېكابر ئايلىرىنى كۈتۈۋالغاندۇق .

بىز ھەيران قالدۇق ھەم شۇنداق خۇش بولۇشتۇق . چۈنكى تۇردى قارىبەگ سوراقتىن ساق پېتى قايتىپ كىرگەنىدى . بۇ ، ئۇنىڭ سوراقتىن تۇنجى قېتىم ساق قايتىپ كىرىشى ئىدى . شۇڭا بىز ھەيران قالغان ، چەكسىز خۇشاللانغاندۇق . لېكىن ئۇ تولىمۇ پەرىشان ئىدى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى سابىتوف . — سوراق قىلماپتۇ ـ يا ، ئەجەب ؟

تۇردى قارىبەگ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ :

— مېنىڭ ئورنۇمغا ئانام سوراق قىلىنىپتۇ ، — دې‑دى ـ دە ، خېلى ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى .

بىز تېخىمۇ ھەيران قالدۇق . ئىسھاقجان جىملىقنى بۇزۇپ قايتا ـ قايتا سورىۋىدى ، تۇردى قارىبەگ :

— چىقسام ، — دېدى قايغۇلۇق قىلىپ ، — ئانامنى

(شەربخان ) مۇز ئۈستىگە يالاڭئاياغ دەسسىتىپ قويۇپتۇ . بۇنى كۆرۈپ : "ئانا !" دەپ توۋلاپ ئانامغا ئېتىلدىم . يۈرەك باغرىم خۇن - خۇن بولدى . ئانامنىڭ باغرىغا تېڭىلىۋالغۇم ، يۇمشاق باغرىغا قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپلا كەتكۇم كەلدى . بىراق بۇ مۇمكىن بولمىدى . ئەسكەرلەر تۇتۇۋېلىشتى . ئاناممۇ مېنى كۆرۈپ :

— بالام ! . . . بالام . . . — دەپ تېپىرلاپ كەتتى .

ئانام بىر مومىغا باغلانغان بولۇپ ، چىرايى ، قول - پۇتلىرى كۆكىرىپلا كەتكەنىدى .

— ھۇ ھايۋانلار ، قوتۇر ئىتلار ! . . . ئانامنى نېمىشقا قىينىشىسەن؟ ئانامدا نېمە گۇناھ بار؟ نېمە قىلىشساڭ مېنى قىلىپ ، ئانامنى قويۇپ بېرىش ! . . . — دەپ ۋارقىرىدىم مەن غەزەپ بىلەن گومىنداڭ تۈتىنچى بىرگادا سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۇيپېچىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ .

ئۇ مىيىقىدا ئىپلاسلارچە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ :

— بۇنى مەندىن ئەمەس ، ئاناڭدىن سورا ! — دېدى .

مەن ئانامغا قارىدىم . ئانامغا قاراشقا تولىمۇ تەس جۈرئەت قىلالىدىم . مۇزغا ئانام ئەمەس ، مەن ، — يۈرىكىم دەسسەپ تۇرغاندەك ئازابلاندىم . ئانامنىڭ مەڭزىدە ياشلىرى مەرۋايىتتەك قېتىپ قالغانىدى . يۈرىكىممۇ مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى ، خۇددى ئانامنىڭ مەڭزىدىكى ياشتەك .

— ئانا ، بۇ . . .

ئانامنىڭ دېيىشىچە ، خۇيپېچىڭ ئانامنى تۆگمىچىئېرىق بويىدىكى ئۆي - زېمىن ، مال - مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىگە

مەرەمنىسا سەلەيىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا قوشۇلۇشقا قىستاپتۇ . ئانام بۇنىڭغا بۇرۇنقى خوتۇنۇم نۇرنىسا روزىدىن تۇغۇلغان قىزىم ھاۋاخانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، مۇز ئۇستىدە جان ئۇزۇشكە رازى بولۇپتۇ .

لېكىن مەن ئانامنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە چىداپ تۇرالماي ، "قىزىمغىمۇ خۇدايىم بېرەر" دەپ ئويلاپ بارلىق ئۆي - زېمىن ، مال - مۈلۈكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساتقىن ، مۇناپىق مەرەمنىسا سەلەيگە بۇيرۇپ بەردىم . . .

دەھشەتلىك سوراق 1948 - يىلى 8 - ئايغىچە داۋاملاشتى .

سوراق ئاخىرلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۇندىپاي كامېر ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ :

— ئاراڭلاردا سىبىلىس كېسىلى تارقىلىپتۇ ، ئوكۇل ئۇرىمىز . بىردىن - بىردىن چىقىپ ئوكۇل ئۇردۇرۇڭلار ، — دېدى - دە ، مەن ياتقان كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ، ئايزۆھرە روسۇل ، سەن چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى .

مەن ئىشىككە قاراپ ئۆمىلىۋېدىم ، بىرىنىڭ يىغىسى مېنى ئۆمىلەشتىن توختىتىپ قويدى . ئارقامغا يېنىپ ھېلىقى تۆشۈكتىن مۆشۈكتەك ماردىم . يىغلىغىنى ئىسھاقجان ئىكەن . ھەممىمىز ھەيران قالدۇق . قەيسىرانە روھقا ئىگە بىر ئىنقىلابچىنىڭ كۆز يېشى قىلىشى بىزنى ھەيران قالدۇرغانىدى .

— نېمىگە يىغلايسىز ؟ — دەپ سورىدى تۇردى قارىبەگ .

— . . .

ئىسھاقجان تېخىمۇ ئەدەپ ئۆكسۈپ كەتتى .

— نېمە بولدى ، ئىسھاقجان ؟ — دېدى ھەسەنبەگ ، —

بىزنى ئاتقىلى ئېلىپ ماڭمايدىكەنغۇ؟ ئاتقان بولسا، ھېلىغىچە ئېتىۋېتىپ بولاتتى. بىزنى كېسىلىمىزنى داۋالاپ قويىمىز، دەپتۇ شۇ. ئىنسابقا كەپقالغان چېغى بۇ خەق.

— ھەئە، بەك ئىنسابقا كەپقالدۇ! — دېدى ئىسھاقجان، — ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، شىڭ شىسەي گۇمانلىق، دەپ قارىغان بىرقانچىمىزنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ نەپەر ساقچى باشلىقى ئىككى رۇس ئەر - خوتۇن دوختۇرنى باشلاپ كىردى.

— كېزىك كېسىلى تارقىلىپتۇ، بىلىكىڭلارنى ئېچىڭلار، — دېدى بىر ساقچى.

ھەممىمىز بىلىكىمىزنى ئاچتۇق. مەن ئايال دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئىدىم. ئۇ بىلىكىمگە يىڭنىنى سانجىپ بولۇپ، ئۈستۈنكى مېنى سىنچىلاپ قارىدى - دە، يىڭنىنى تارتىۋالدى.

"مەن ساق ئوخشايمەن، خۇدايا شۈكرى!"

مەن شۇنداق ئويلاپ تۇرسام، دوختۇر ھېلىقى ساقچىنى چاقىرىپ كېلىپ:

— بۇ بالا بەك ئوماق، پاكىزە، چىچەندەك قىلىدۇ. مېنىڭ ئائىلە ئىشلىرىمنى قىلىپ بەرسۇن، — دېدى.

ساقچى باشلىقىمۇ ماڭا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، تەسىرەك ماقۇل بولدى. بىر ساقچى مېنى شۇ زاماتلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كېيىن رۇس دوختۇر ئايالدىن سورىسام، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى زەھەرلىك ئوكۇل ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئىسھاقجاننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز جىمىپ

كەتتۇق .

"بىزمۇ زەھەرلىك ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلەرمىزمۇ ؟"

لېكىن جىمىپ كېتىپ ، بۇنداق ئويلاپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايتتى . شۇڭا ئەسلىدىكى قارارىمىز بويىچە ھەممىمىز قەددىمىزنى رۇسلاپ قىسقا ـ قىسقا ۋىدالاشتۇق . كۆز ياشلىرىمىز تاراملاپ تۆكۈلدى . بۇ ئۆلۈم ئۇچۇن ئەمەس . جۇدالىق ئۇچۇن ئىدى ؛ بۇ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئەمەس ، بىھۇدە تۆكۈلگەن دەريا ـ دەريا قانلار ئۇچۇن ئىدى ؛ بۇ بىھۇدە بېرىلگەن بەدەللەر ، چالا قالغان ئىنقىلاب ئۇچۇن ئىدى .

لېكىن بۇ ياشلىرىمىزغا غەزەپ ، ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىنسيانكارانە روھىي قۇدرەت سىڭىپ كەتكەنىدى !

ـــ ئايزۆھرە روسۇل ، قېنى سەن !؟ ـــ گۇندىپاي يەنە ۋارقىرىدى .

مەن كاماردىن قولۇمنى تىقىپ ھەممىسىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىستىم . قوللىرىمىز ناھايىتى تەستە ئاجراشتى .

ـــ خوش ، ئاخىرەتتە كۆرۈشەيلى ! ـــ دېدىم مەن ئىشىككە ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ .

ـــ خوش !

ـــ ئەزرائىلنى ھەيران قالدۇرۇۋەت !

ـــ خۇدا ساڭا جەننەت ئاتا قىلسۇن !

ـــ . . .

ھەممىسى ماڭا بىر ئېغىزدىن ئىلاھىي تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى .

مەن ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ كەينىمگە قايرىلدىم ـ دە :

— ياشىسۇن ھۆرلۈك ! — دەپ ۋارقىرىدىم .
— ياشىسۇن !
— يوقالسۇن ، زۇلۇم !
— «بىتىم» غا لەنەت !

كامېرداشلىرىم شۇنداق ۋارقىراشتى . بۇنىڭ ساداسىدىن كامېر ئىچى ، قاراقۇرۇم ، زەرەپشان ۋادىسى ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا جاراڭلايتتى .

كامېرغا ھەممىمىز ساق پېتى بىر - بىرلەپ قايتىپ كىردۇق . لېكىن ھاشىم خۇيجاڭ بىلەن تۇردى قارىبەگ قايتىپ كىرمىدى . ئۇلار 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقانىدى . ئىسھاقجاننىڭ سۆزلەپ بەرگىنىدەك . ئىككىسىگە سەكسەن بەش پىرسەنتلىك ناتىرىي خلورات ئوكۇلى ئۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى . بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەلەم بىلەن يىغلىدۇق ؛ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدۇق ، غەزەپلىك خىتاب قىلىشتۇق :

”ئەخمەتجان ، سىز نەدە ؟ سىز ھازىر نەدە ؟ . . .“

ھەممىمىز ساختا «11 بىتىم» نى قارغاشتۇق . كامېرنى ، قاراقۇرۇمنى ، زەرەپشاننى ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى جۇدالىقنىڭ ئاچچىق يىغانى قاپلىغانىدى ؛ پۈتۈن دۇنيانى ھەسرەتلىك قارغاش قاپلىغانىدى !

كامېردا ئون ئىككىمىز قالدۇق . 1949 - يىلى 2 - ئايدا ئىسھاقجان ، سىدىق بارات ، يۇسۇپ ھوشۇر ، ھەسەن يۇسۇپ ، نامەت ئىسلام ، ئايۇپ مۇھەممەت ، مەن قاتارلىق يەتتىمىز ناھىيىلىك قورچاق ساقچى تۈرمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدۇق .

ئابدۇرېھىم ھېيت ، باۋۇدۇن ئابدۇللا باغچا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ، سابىتوف ، ئوسمان ئېلى ، مامۇت توختىلار گومىنداڭ ناھىيىلىك بۆلۈمىنىڭ كاتتىۋېشى قاسىمبەگ (خەنزۇچە ئىسمى ماشىڭمۇ ) نىڭ خۇسۇسىي موخوركا زاۋۇتىغا ئەمگەككە تۇتۇپ بېرىلدى . . .

1949 - يىلى 10 - ئايدا ئون ئىككىمىز تۈرمىدىن چىقتۇق . ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم يەنە باشلاندى . . .

## 5

شۇنداق قىلىپ "ئالتۇن مېدال كەلمىدى" دەڭ ؟

— ياق ، كەلدى . بىراق تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى ؛ توپتوغرا يىگىرمە يىل كېچىكىپ كەلدى . تۈرمىدە بىر گۇندىپاينىڭ ياردىمى بىلەن قەغەز - قەلەم ئەكەلدۇرۇپ ، بىر تۈركۈم شېئىر يېزىپ قويىمىغان بولسام ، بولۇپمۇ «ئۇيغۇرۇم» ناملىق شېئىرىمنى يېزىپ قويمىغان بولسام ، مېدال ئالالمايدىكەنمەن . ئۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي ، ئاڭلاپ باقامسىز ، جېنىم ؟

ھېكمەت - ئىلىم ، سەنئەتكە باي كان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم ،
ۋىجدان - غۇرۇر تۇغقان بۈيۈك شان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

تەرگەنلىرىڭ بۇغداي ، زىغىر . . . ئىچكەنلىرىڭ يوبدان-ئوماچ ،

بولغان بىلەن ، يۇمشاق ، لەزىز نان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

ياتتۇر ساڭا ئايرىش ئىرق ، قىرغىز ، قازاق ، ئۆزبېك . . . ئۇچۇن ،
ئالتۇن قېنىڭدىن ئايرىغان دان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

ئەپسۇس ، ئەرك - ئەركىنلىكىڭ بولغاچ رەقىبلەر ئىلكىدە ،
چېھرىڭدە تۇزسىز كۇلكىلەر ، قان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

مۇسكۇللىرىڭ ئاجىز ، ئورۇق ، زەڭگەر كۆزۈڭ مۇڭلۇق ئېزىك ،
بولغان بىلەن ، روھلۇق - تېمەن جان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

ئۆتكەن كۇنۇڭ يارقىن ، شۇڭا يارقىن بولار ھەم كەلگۇسىڭ ،
ھۆرلۇك ، بەخت - قۇت ھەققىدە سان بار دىلىڭدا ، ئۇيغۇرۇم .

ياقۇپ ، جېنىم ياقۇپ ، مۇشۇ غەزىلىم ئۇچۇن 1967 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۇنى ماڭا داغدۇغىلىق ھالدا مېدال تەقدىم قىلىندى .

يىغىن مەيدانى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى . قىزىل بايراقلار لەپىلدەيتتى . يەڭلىرىگە قىزىل يەڭ بەلگىلىرىنى تاقىۋېلىشقان ئوقۇغۇچىلار مېنى سەھنىگە چىقىشقا" تەكلىپ قىلىشاتتى . پەستە تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ، دېھقان- چارۋىچىلار . . . ئۇلارنىڭ "تەكلىپ" لىرىنى بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى :

— ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر ئايزۆھرە روسۇلنى تارتىپ

چىقىرايلى !

— چىقىرايلى !

— يوقالسۇن مىللەتچى ئۇنسۇر ئايزۆھرە روسۇل !

— يوقالسۇن !

— چەتكە باغلانغان خەلق دۈشمىنى ئايزۆھرە روسۇلنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلايلى !

— تاشلايلى !

— ئەكسىيەتچى شېئىر يېزىپ پارتىيىمىزگە قارشى چىققان ئايزۆھرە روسۇلدىن ھېساب ئالايلى !

— ئالايلى !

— . . .

ئەسەبىيلىككە تولغان شوئار ـ چاقىرىقلار چوپان تاغلىرىنى لەرزىگە سالاتتى ، خۇددى يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇن بىزنىڭ ھۆررا سادالىرىمىز بۇ تاغلارنى لەرزىگە سالغاندەك . بىراق مەن تومۇر ـ تومۇرلاردىكى قانلارنى ئۇقچىتىدىغان ئىلھامبەخش ھۆررا سادالىرى ئىچىدە ئەمەس ، بەلكى ئەسەبىي ، قورقۇنچلۇق ، ئازابلىق شوئار ـ چاقىرىقلارنىڭ مۇدھىش تەھدىتلىرى ئىچىدە سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلدىم . قولۇم كەينىمگە مەھكەم باغلانغان ، بېشىمغا يارىشىملىق ھەربىي فورما ئەمەس ، بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلگەن ، كىيىملىرىم يىرتىلغان ، لاي ـ توپىلار بىلەن بۇلغانغان ، قاش ـ قاپاقلىرىم كۆكەرگەن ، يېرىلغان ، بىلەك ، پاچاقلىرىمدا ئاق تىكەن ، خوخىلارنىڭ يىڭنىدەك ئۇچلىرى سۇنۇپ قالغان (باللار مېنى خوخا ، ئاق تىكەنلەر بىلەن ئۇرغان ) ئىدى .

مەن ئىشخانىدا ، سوراقخانىدا تالاي قېتىم ئېنىق قىلىپ جاۋاب بېرىپ بولغان سوئال ـ سوراقلار يەنە باشلاندى . سوئالنى نەچچە كۈندىن بېرى مېنى زېرىكمەي سوراق قىلغان گەۋدىلىك ، چوقۇر يۈز ، سېرىق چىراي ، هەربىي فورمىلىرى بەستىگە سۆلەت ، سۈر بېغىشلىغان قىرىق بەش ياشلاردىكى بىرى سورىدى . ئۇ ناهىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئىدى .

— ئەخمەتجان قاسىمى هادىسىگە ئەمەس ، قەستكە ئۇچرىدى ، دەپ قۇترانقۇلۇق قىلغىنىڭ راستمۇ ؟

— يالغان ! . . .

— ئەگەر «11 بىتىم» تۈزۈلۈپ ئىمزالانمىغان بولسا ، شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقاتتۇق ، دېگىنىڭ راستمۇ ؟

— يالغان ! . . .

— ئاشناڭنى دەپ ، دۈشمەن قوينىدا مەخپىي كۈرەش قىلىۋاتقان ئىنقىلابچى ئېرىڭنى ئېتىۋېتىپ ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغىنىڭ راستمۇ ؟

— يالغان ! . . .

مەن سورالغان سوئاللارغا تېز ، قىسقا جاۋاب بېرەتتىم ۋە ئۇنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرىم ئارقىلىق ئىسپاتلايتتىم . لېكىن بۇنداق ئىسپاتلىرىم تۆهمەت ئاستىدا يانجىلىپ كېتەتتى .

— ئۇنداقتا ، ئەكسىيەتچى شېئىر يېزىپ ، ئۇلۇغ ، توغرا ، شەرەپلىك پارتىيىمىزگە قارشى چىققىنىڭمۇ يالغان ئىكەن ـ دە ! ؟

— مەن پارتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچى شېئىر يازمىدىم . مەن بۇ شېئىرنى تۈرمىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى

يازغان . . .

— . . .

سوراق ـ سوئاللار ئەنە شۇنداق داۋاملىشىۋەردى . ئۇلار مېنى قايىل قىلالمىدى ، مەن ئۇلارنى قايىل قىلالمىدىم .

— جاھىل ئۇنسۇر ئايىزۋەرە روسۇلنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى !

— قىلايلى !

ئاخىر ئەيىبلەش ، شوئار ، كۈرەش باشلاندى . . . بىرى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنى قويۇپ پېشانەمنى يېرىۋەتتى . قان يۈز ـ كۆزۈمنى بويلاپ ئاقتى . بۇ ، پېشانەمدىن ئىككىنچى قېتىم قان سىرغىپ ئېقىشى ئىدى . بىرىنچى قېتىم — 1945ـ يىلى قىشتا تۈمشۇقسارايىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە پېشانەمدىن مۇشۇنداق شۇرقىراپ قان ئاققانىدى . شۇ قان بەدىلىگە مەن "باتۇرلۇق" مېدالىغا ئېرىشكەنىدىم ، گەرچە هازىرغىچە بېرىلمىگەن بولسىمۇ . مانا هازىرمۇ مۇشۇ قان بەدىلىگە يەنە بىر مېدالغا ئېرىشتىم .

— ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن ، پات يېقىندا كۆكسۈمگە ئالتۇن مېدال تاقايمەن ، دەپ كۆرەڭلەپ يۈرۈپسىنا تېخى ! — دېدى سوراقچى ئاخىردا ، — سەندەك مىللەتچى ، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرغا ئالتۇن مېدال ئەمەس ، ياغاچ مېدال لايىق !

ئۇ بوينۇمغا ياغاچ مېدال ئېسىپ قويدى . مېدال ياغاچتىن ياسالغان ، كۆلا شويىنىدىن باغ بېكىتىلگەن ، ئەللىك كۋادرات سانتىمېتىرغىچە كېلىدىغان يۈزىگە "ئەكسىلئىنقىلابچى ،

مىللەتچى ئۇنسۇر“ دەپ خەت يېزىلغان بولۇپ، كۆكسۇمنىلا ئەمەس، قورسىقىمنىمۇ تولۇق ياپقانىدى.

يۇقىرىدا سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ جىنايىتىم بولۇپ ھېسابلىنىپ ئون يىل تۈرمىدە ياتتىم. 1977-يىلى تۈرمىدىن چىقتىم. نامىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم يەنە باشلاندى...

مانا، ھازىرغىچە كۆرۈشتىنلا ئەمەس، خىيال قىلىشتىنمۇ مەڭگۇ قورقىدىغان، ئەمما كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدىغان بۇ ”قەدىرلىك، سۆيۈملۈك“ ياغاچ مېدالنى يېشىل دۇخاۋا تاشلىق كىنىشكىسى بار، كىنىشكىگە: ”ئايزۆھرە روسۇل، تۇمشۇقساراي، خانلەڭگىر ئۇرۇشلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن «باتۇرلۇق» مېدالى بېرىلدى.

ئىسھاقبېك مۇنۇنوف“

دېگەن خەتلەر يېزىلغان، كۆكسۈمگە ئاسسام قوياش نۇرىدا يالىلداپ چاقناپ تۇرىدىغان ئالتۇن مېدالنى ساقلاشنىڭ ئورنىغا نەپرەت بىلەن ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن...

* * *

ئايزۆھرە خانىم خىيالدىن باش كۆتۈردى. پۇت - قولى كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتكەنىدى. مەڭزىدە كۈمۈش تامچىلار چاقناپ تۇراتتى، خۇددى بىرلىيانتتەك. ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «سۈرە فاتىھە» نى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىخلاسى بىلەن

ئىلتىجا قىلدى :

”ئــەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ، ياقۇپنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن . بارلىق ساۋابلىرىمنى ئۇنىڭغا ئاتىدىم ، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن ! . . .“

ئۇ ئىلتىجانى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى . تۇردى ـ يۇ ، يەڭدەپ كېتىپ قەبرىگە يۆلىنىپ قالدى . يالىلداپ تۇرغان قۇياش شەرقىي ئۇپۇقتىن ئۇزاپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . قۇياش باغرىدا ياقۇپ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن تەلمۈرۈپ ، باغرىنى ئېچىپ تۇراتتى ، شۇنداق شېرىن ، شۇنداق جەلپكار تەبەسسۇم ، مەپتۇنكار باغرى بىلەن .

ئايزۆھرە خانىمنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئالدىغا سىلجىدى . سىلجىپ ـ سىلجىپ قوينىدىكى «ئاخىرقى تەبەسسۇم» ناملىق كىتابى بىلەن قوشۇلۇپ قۇياش باغرىغا ــ تەبەسسۇم قوينىغا سىڭىپ كەتتى . . .

1996 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلغىچە قاغىلىقتا يېزىلدى .

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjA5NTUuemlw",
  "filename_decoded": "40320955.zip",
  "filesize": 15974101,
  "md5": "b94bca4bcb1787472cb938f0dd3a16b7",
  "header_md5": "f48eedd5d63cc99347a75bea56c6e69e",
  "sha1": "aa454a242af28b51540b20d6d57ed9e2ee17bbc1",
  "sha256": "aaa488bf71cd104bbcc8bac93ee7ac7a8e6a89009b23b7eafe13a371d66eaf3a",
  "crc32": 1978867214,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 16559084,
  "pdg_dir_name": "\u2500\u255b\u2553\u255e\u2564\u00bd\u2552\u252c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40320955",
  "pdg_main_pages_found": 348,
  "pdg_main_pages_max": 348,
  "total_pages": 353,
  "total_pixels": 1318873040,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}